# بۇلاق

1991 1



# BULAK



دیدی غارت بولیدیا اله / ملازه قیلدینگ منی سن پادشاه

تالاغایت جبینه لطف داریم / قیل بو اناکورنی بیر نعم

[illegible] کورسون بو ملاک بیلا / دولت و اقبال سعادت بیلا

روح الامین اناتنگ غه بیرا یتیکنی یارلیغ و بیتکانی

روح الامین کیلدی و یدی یارلی / حضرت حق قیلدی [illegible] قول

[illegible] و تال برایتینی بیر / حطه کنعانغه اتانگ غه بیار

کورنگکا سورتار ای نیبا بولور / بیله اخصاص توانا بولور

یوسف صدیق علیه السلام / قیلدی اغالاری برا حیس تمام

دیدی زو مانیدیر ایلیک قطار / تیو بولیسی قیلدیلار دل لحطه بار

یوسف اغالاری اوتالدم باری / تیرادیلا حطه کنعان ساری

تیرابنی یوسف اوتار بدیم [illegible] / انا سیغه یار و راو جون اول

قیلدی تاب کیدی اکا حبر ازل / دیدی ربورا امر رب جلیل

[illegible] سیر بولتیر الکیه / حاجی انکار السیر الکیه

سنکا وانانگ حا ابرور اول [illegible] / [illegible] اب المی [illegible]

کوردی ضعیف جانی بیلان قول / مال جمالین شنکا ایلاب سبیل

من ایر و دم خالق بنده نواز / قیلدیم اکا رحمت شفیقی باز

ابله دیم ضایع ازینک [illegible] / بر دیم اکا وصل طلب [illegible]

یوسف ایدی کرز لیخا غه غم / [illegible] کیکلی بیلا اوشبو دم

زلیخا بیلاک بیلان بیکیت بولغانی

یوسف صدیق با امری خدا / بولدی زلیخا بیله [illegible]

جمع بیلا کیکلی بیلا بو زمان / سنکا [illegible] خالق حق جهان

دیدی زلیخا بیلا من اوشبو دم / [illegible] قیلسه [illegible] کرم

تاپسه وجودم نیه [illegible] شاد / بولسه بو زدم [illegible]

زیرکی بولسه ذره کس کونوم [illegible] / [illegible]

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى


12-يىل نەشرى

ئومۇمىي 34-سان

1991

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمايىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1991 - يىل 1 - سان

## مۇندەرىجە


### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بەھرام ۋە دىلئارام .................. موللا سىدىق يەركەندى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
شېئىرلار .................................. ئىمىنى (65)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئەبدۇرەھمان جامى غەزەللىرىدىن .................................. (71)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەلىم سالىخ

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

نادانلىق – ياۋۇزلۇق .................. ئىبراھىم ھەققۇلوۋ (78)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھەممەت پولات

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

سەنەۋبەر (داستان) .................................................. (98)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەيساجان مۇسا

گەنجى كۆيئوغۇل (چۆچەك) ...................................... (117)

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مونۇپ

رىۋايەتلەر ...................................................... (136)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىسمائىل تۆمۈرى

بېيىت ـ قوشاقلار .............................................. (146)

توپلاپ رەتلىگۈچى: جاپپار ئەمەت


*　　　*


چاغاتايچە لۇغەت ... «د» ...................................... (156)

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن


*　　　*

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.

تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىۋ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئۇغلاق تارتىشىش، رەسسام: غازى ئەمەت.

ئىككىنچى بېتىدە: 1) «تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا رىۋايىتى»گە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم؛ 2)«يۈسۈپ ۋە زىلەيخا» داستانىنىڭ خوتەندىن تېپىلغان قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

ئۈچىنچى بېتىدە: ئىمىنى، زۇھۇرى، مەزھەرى قاتارلىق شائىرلارنىڭ «باياز» دىكى شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

تۆتىنچى بېتىدە: ئەبدۇرەھمان جامى پورترېتى، رەسسام: پەنتيۇخىن (1983 - يىل تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «يۈسۈف ۋە زىلەيخا» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىنىدى).



# بەھرام ۋە دىلئارام

**موللا سىدىق يەركەندى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: «بەھرام ۋە دىلئارام» قىسسىسى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسىرلەشتۈرۈلۈپ قىسسە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى. موللا سىدىق يەركەندى ئەينى دەۋردىكى يەكەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەلشىر نەۋائىنىڭ داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى ھىجرىيىنىڭ 1228 - (مىلادىنىڭ 1813 -) يىلى نەسىرلەشتۈرۈپ چىققان. بۇ ئەسەر «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» ۋە «نەسرىي خەمسە نەۋائىي» دېگەن ناملار بىلەن خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ شۆھرەت قازانغان.

«بەھرام ۋە دىلئارام» داستانى «نەسرىي خەمسە» ئىچىدىكى بىرقەدەر زور ھەجىمنى ئىگىلىگەن يىرىك قىسسىلەردىن بىرى. بۇ ئەسەردە قەدىمكى ئىران شاھى بەھرام گور بىلەن خوتەن گۈزىلى دىلئارام ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ مۇھەببەت ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بېشىدا بەھرام گورنىڭ مانى نامىلىق سayaهەتچىنىڭ قولىدا گۈزەل قىز دىلئارامنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە ئۇنى ئۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئاندىن شاھ بەھرامنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالى ۋە دۆلەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى، بۇ تۈپەيلىدىن ئەل - يۇرتنىڭ خاراب بولۇپ، خەلقنىڭ ئېغىر ئازاب-كۈلپەت ئىچىدە قالغانلىقى ئېچىنارلىق ھالدا سۈرەتلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ چىرىك، چاكىنىلىقى ھەم زەئىپ، ھەم ھاكاۋۇرلۇقى پاش قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىكى شاھ بەھرام دىلئارامدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يەنە تېپىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئاڭلىغان بىر قاتار ۋەقە ھەم ھېكايىلەر كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ قىسسە ۋەقەلىكىنىڭ ئەگرى - توقاي ھەم تەسىرلىك بولۇشى، بەدىئىي سەنئىتىنىڭ يۇقىرى، تىلىنىڭ گۈزەل ۋە ئوبرازلىق بولۇشىدەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەسەردە دىلئارامنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى «چىن، خىتاي، خوتەن» دېگەن

ناملار بىلەن ئاتىلىپ، قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە «چىن، خىتا ۋە خىتاي» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەندە ئاساسەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى غەربىي رايونى (ھازىرقى شىنجاڭنى)، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا خوتەننى كۆزدە تۇتقان. نەۋائى ئەسەرلىرىدە بۇنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. «بەھرام ۋە دىلئارام» داستانىدىمۇ نەۋائى دىلئارامنىڭ يۇرتىنى گاھ «خىتا» ياكى «خىتاي» دېسە، گاھى «چىن» دەيدۇ، گاھىدا بولسا «خوتەن» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز بۇ ئۈچ سۆزنىڭ مەنىداش ھالدا قوللىنىلغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. نەۋائى «بەھرام ۋە دىلئارام»نىڭ بېشىدا دىلئارامنى:

ئەسلى ئول غەزالەئى مۇشكىن، ھەم خوتەن دەشتىدە مەقام ئەتكەن،
چىن فەزاسىدا ئېردى چېھل نىشىن. ھەم گۈلۈ سەبزەدە خىرام ئەتكەن.

دەپ سۈپەتلەيدۇ. موللا سىدىق يەركەندىمۇ بۇ مىسرالارنى نەسرىلەشتۈرگەندە: «دىلئارامدىن ئىبارەت بۇ ئېپار كىيىكى ئەسلىدىلا چىن دالاسىدا ئويناپ، خوتەن سەھراسىدا ئورۇنلىشىپ ئۆسكەن. كۆكلەمزار ۋە گۈلشەنلەردە يۈرۈپ ئادەتلەنگەنىدى» دەپ يازىدۇ. ئەسەردە دىلئارامنىڭ خوتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆپ جايدا ئەسكەرتىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى، تۈرلۈك پەنلەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ناخشا-مۇزىكىدا كامالەتكە يەتكەنلىكى تەرىپلىنىدۇ. دىلئارامنىڭ پاك ئىنسانىي ھېسسىياتقا ھۆرمەت قىلىش، كەمتەر، مۇلايىم ۋە توغرا سۆزلۈك بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىك ۋە قۇلچىلىق ئىللەتلىرىدىن خالىي بولۇش، زوراۋانلىققا تىز پۈكمەستىن، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە كىشىلىك غۇرۇرىنى قەتئىي قوغداشتەك قەيسەر ئوبرازى كىشى قەلبىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ.

نەۋائىنىڭ «بەھرام ۋە دىلئارام» داستانى خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان رومانتىك ئەسەر. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ نەسرىلەشتۈرۈلگەن كېيىنكى نۇسخىسىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا بۇ قىسسىدە بىز ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ۋە تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، رىۋايەت، ئەپسانىلەرگە خاس بولغان نۇرغۇن فانتازىيىلىك ئامىللار ۋە مۇبالىغە ۋاسىتىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق جايلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

«بەھرام ۋە دىلئارام» قىسسىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسى «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 0013 نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەندى.

داستانىنىڭ باشلىنىشى، يەنى شاھ بەھرامنىڭ ئوۋغا چىقىپ، رەسسام مانىدىن ئىبارەت ئاجايىپ بىر قۇشنى ئوۋلىغانلىقى، ياق، بەلكى ئۇ قۇشقا ئۆزىنىڭ باغلىنىپ قالغانلىقى، گوياكى بۇ مانى سۈپەت پەلەك سۈرەتگىرى ئاجايىپ بىر سۈرەتنى كۆرسەتكىنىدەك، دىلئارامنىڭ كۆڭلىنى مەپتۇن قىلغۇچى سۈرىتى نامايان بولغانلىقى، بۇ سۈرەتنى كۆرگەن شاھ بەھرامنىڭ سەۋر - تاقەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

تارىخشۇناسلار ۋاراقلىرىغا ھەرپلەردىن نەقىشلەرنى چېكىپ، بەھرامنىڭ داستانىنى باشلىدى، ئۇلار ئۆز سەھىپىلىرىگە مۇنداق بايانلارنى يازدى:

بۇ يۈكسەك ئاسمان شاھ بەھرامنىڭ ھوقۇق - ھەشەمىتىنى پەلەككە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى ئاي ۋە قۇياشتەك يۈكسەك قىلدى. ئالەمنىڭ پۈتكۈل پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى، بەلكى قەيسەرى رۇم ۋە پەغپۇرى ھىندىدەك بۈيۈك شاھلارمۇ ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇندى. پەلەك ئۇنىڭ ئۈستىدە دۆلەت شامىنى يورۇتتى، پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭ ئۈچۈن قارارگاھ بولدى. جىمى باشباشتاقلار ئۇنىڭغا بويسۇندى. يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا چاكار بولۇشنى قوبۇل قىلدى. بەھرام بارلىق تاجدارلارغا تاج بېرىپ، ھەممە شاھلارغا باج - خىراج تەيىنلىدى. جاھان ئىچىدە شۇ تەرىقىدە قائىدە - يوسۇنلارنى تۈزۈپ چىقتىكى، تامامى شاھلار ئۇنىڭغا باج - خىراج تاپشۇرۇشنى قوبۇل قىلغاندىن سىرت، ئۇلار بەھرامنىڭ دەرگاھىغا بېرىشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا موھتاج بولۇپ قالمايلى دەپ، ھەر يىلى توپلىغان خەزىنىلىرىنى ئۇنىڭ سەلتەنەت تەختى تەرىپىگە يوللاپ تۇراتتى. بۇنداق قىلىشنى جىمى شاھلار ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ ۋە شادلىق دەپ بىلىشەتتى. بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دائىمىي ئادەت قىلىپ، ھەر يىلى بۇ ئىشلارنى ئۆز قائىدىلىرى بىلەن تولۇق بىجا كەلتۈرەتتى. ھەرقانداق ئەل شاھلىرىغا ئەتىۋارلىق تۆھپىلەر يولۇقۇپ قالسا، ئۇ تۆھپە ھامان شاھ بەھرامنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلاتتى. تۆھپىلەرنىڭ قىممىتىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بەھرامنىڭ ھېسابىغا ئۆتەتتى.

ئەمما، شاھ بەھرامنىڭ كەيپىياتى ھەمىشە ئەيش - ئىشرەت، بەزمە - مەشرەپ بىلەن مەشغۇل ئىدى. تالايلىغان ناخشا - مۇزىكىچىلار ئۇنىڭ جان بېغىشلىغۇچى بەزمىلىرىدە خىزمەت قىلاتتى. قەيەردە ناخشا - ئۇسسۇل ئەھلى بولسا، بەھرامنىڭ كۆڭلى شۇنى ھازىر قىلىشقا مايىل بولۇپ قالاتتىدە، ئاشۇ ھەۋەس بىلەن بىقارار ۋە بىئىختىيار

بولۇپ كېتەتتى. ئۇنى كۆرمىگۈچە
ئىنچىمايتتى.
بەھرام يەنە ئوۋ - شىكارسىز ئارام
ئالمايتتى. شىكار جەريانىدىمۇ ئۇنىڭ مۇ -
رادى هامان ناخشا - مۇزىكىدىن هاسىل
بولاتتى. شىكاردا ھەرقانداق بىر ئوۋ
بەھرام ئوقىنىڭ زەخمىتىدىن قېچىپ قۇتۇ -
لالمايتتى، بەھرام ئۇلارنىڭ ئارقا - ئارقى -
دىن قېنىنى تۆكەتتى - دە، ئاندىن قان
رەڭگىدەك قىپقىزىل مەي - شارابلارنى ھا -
زىرلاپ، شىكار گۆشلىرى بىلەن مەي ئى -
چىشەتتى. ھەرقانداق گۈزەل، مەنزىرىلىك
جايلار ئۇچرىسا، شۇ يەردە ئوۋ قىلىپ، شۇ
يەرگە چۈشەتتى. ئۇيەردە راھەتلىنىپ،
ئەيش - ئىشرەت بىلەن قانچىلىغان قەدەھ -
لەرنى بوشىتاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەممە
ياقلارنى چاڭ - راۋابلارنىڭ ئاۋازلىرى قاپ -
لاپ، ھەممە يەرگە ئوۋ گۆشلىرىنىڭ كاۋاپ -
ىرى تولۇپ كېتەتتى.
بىر كۈنى بەھرام شۇ تەرىقىدە شى -
كار قىلىپ، بىر ئېگىزلىكتىكى پايانسىز ئور -
مانلىقتا يەتتى. ئۇ يەرنىڭ جان بېغىشلى -
غۇچى خۇش ھاۋاسى ۋە دىلنى سۆيۈن -
دۈرىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ،
بەزمە ئەسۋابلىرىنى راسلاپ، شۇ يەرگە
چۈشتى. شاراب ئىچىش باشلاندى، ناخشا -
مۇزىكا ساداسى پۈتكۈل دالىنى قاپلىدى.
«ئىچە، ئىچ!» دېگەن ئاۋازلار پەلەككە
يەتتى. شۇ تاپتا مەينىڭ شادلىقى شاھ بەھ -
رامنى توختاۋسىز ھالدا باشقا بىر دۇنياغا
ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى پۈتكۈل ئا -
لەمنىڭ پادىشاھى، ئالەم خەلقىنىڭ قىبلى -
گاھى بىلمەكتە ئىدى. شاراب ئۇنىڭ كەي -
پىياتىغا ھاياجان سالسا، دىللارنى مەھلىيا
قىلغۇچى نەغمە ئاۋازلىرى ئۇنىڭ قۇ -
لاقلىرىنى مەستخۇش قىلماقتا ئىدى. ئۇ
ئۆزىنى بۇ قەدەر يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن
كۆرۈپ، كۆڭلىدىن مۇنداق خىياللارنى
ئۆتكۈزدى: «قۇدرەتلىك تەڭرىم مېنى بۇ
ئالەم شاھلىرىنىڭ شاھى قىپتۇ. مەن بۇ -
نىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جاھان
خەلقىنى شاد - خۇرام قىلىشىم، ئەدل - ئادا -
لەت، خەيرى - ساخاۋەتنى بىجا كەلتۈرۈپ،
مۇرادسىزلارنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىشىم،
مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىم
كېرەك». بەھرام بۇ خىياللىرىنى بېجىر -
ىشنى كۆزلەپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاۋا -
تاتتى، تۇساتتىن جاڭگالدا كېتىۋاتقان بىر
كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ كىشى
ئالدىراش ھالدا تېز - تېز چامداپ كېتىپ
باراتتى. بەھرام كۆڭلىدە: «بۇ كىشى نام -
رات بولغاچقا، يولدا بۇنداق پىيادە كې -
تىۋېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەمگە قى -
زىقىپ قالدى. بەھرام ئۇ ئادەمنى چىراي -
لىقچە باشلاپ كېلىش ئۈچۈن بىر مۇلا -
زىمغا بۇيرۇق قىلدى:
— سەن دەرھال ئېتىڭغا مىنىپ،
يەنە بىر ئاتنى يانداپ بېرىپ، ئاۋۇ يولۇ -
چىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئالدىمغا كەلتۈرگىن.
مۇلازىم ئېتىغا مىندى - دە، تېزلا
بېرىپ ئۇ كىشىنى شاھ بۇيرۇغىنىدەك ئېلىپ
كەلدى. شاھ بەھرام ئۇ كىشىدىن مۇلايىملىق
بىلەن ئەھۋال سورىدى. ئۇ كىشىمۇ يەر
سۆيۈپ تەزىم بىجا كەلتۈردى. ئاندىن
ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈزەل ھەم يېقىملىق ئىبار -
لەرگە تىل ئاچتى، ئۇ سۆز قىلىشتا گوياكى بىر
ئەپسۇنگەر بولۇپ، پادىشاھقا شۇنداق مەدھ -
يە باشلىدىكى، ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئا -
پىرىن ئېيتىشىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى

بىرقەمەت باھالىق جاۋاھىردەك بىلىنىشتى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا خىلمۇ خىل تائاملارنى قويۇپ، شاراب جاملىرىنى ئارقا-ئارقىدىن تۇتتى. يولۇچىنىڭ كەيپىياتىنى مەي قىزىتىپ، روھى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭدىن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي سوراشقا باشلىدى. شاھنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ ئۇ كىشىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. شاھ بىلدىكى، بۇ ئۆلپەت بولغۇچى ناھايىتى كۆپ يۇرت كۆرگەن، جاھانكەشتە ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھ ئۇنىڭدىن يەنە غارايىپ سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى:

— ئەي جاھان مەملىكىتىگە قەدەم باسقان، بەلكى جاھانغا پەشۋا ئاتاقان كىشى، سىنىڭ ئىلمىڭ ناھايىتى مول ئىكەن، كۆپ يەرلەرگە قەدىمىڭ يېتىپتۇ. مۇساپىرلىقتا يۈرۈپ، شەھەر ۋە باياۋانلارنى كېزىپسەن. شەكسىزكى، بۇسەپىرىڭ جەريانىدا سەن كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئەھۋاللارنى يولۇقتۇردۇڭ، ئاشۇ خىل ئەھۋاللارنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن. كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭدىن سىرت ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى ۋە سىرلىرىڭدىنمۇ بىزنى خەۋەردار قىلغايسەن. چۈنكى مەن جاھاندا سەندىنمۇ ئاجايىپ-غارايىپراق كىشىدىن بىرەرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. سەن بۇ جاھاندا كۆرگەن ئاجايىپ ئىشلار بىلەن ئۆزۈڭنىڭ سىر-ئەھۋالىنى، يەنى بۇ ئىككى ئاجايىپ-غارايىپ ئەھۋالنى بىزگە تونۇشتۇرغىن. بۇ ئىككى نادىر ۋەقەدىن بىزمۇ بەھرە ئالايلى. چۈنكى بۇ ئىككىسىدەك ئاجايىپ ئىشلار جاھاندا ئاز بولىدىغانلىقى چوقۇم.

— ئەي بەخت-سائادەتلىك، خەير-ساخاۋەتلىك پادىشاھ، — دېدى ئۇ جاھانكەشتە مۇساپىر يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغان ھالدا، — گەرچە ساڭا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ئاجىز بولساممۇ، لېكىن سۆزلەي. مەخپىي تۇتۇۋاتقان ئاجايىپ ھېكايەتلىرىم بار، ئەمما، ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمايتتىم. مەن بۇ دەشت-باياۋانلاردا مەنزىلمۇ مەنزىل كېزىپ يۈرىدىغان مۇساپىرمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشىدا مۇشۇ زاماننىڭ يېگانىسىمەن. بۇ سەپەرلەردە ماڭا ھېچ كىشى ھەمراھ، ياكى ھەمنەپەس، بولغان ئەمەس، مەنمۇ ھېچ ئىنسانغا ئۆز سىرىمنى ئېيتمىغانىدىم ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ، سىرلىرىمنى مەخپىي ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم، كىشىگە ئېيتقۇم يوق ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسىتىم: مەن تاغ-داۋان، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ قاچانكى ئۆزۈمنى شاھ بەھرامنىڭ دەرگاھىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تۇپرىقىغا كۆزۈمنى سۈرتسەم، — شاھ بەھرام بولسا جاھاننىڭ پادىشاھى، بۇ چۆرگىلەۋاتقان ئاسمان ئۇنىڭ دەرگاھىنىڭ چاڭ-توزىنىدۇر، — ئاندىن ئۆزۈمنىڭ نام-نىشانىمنى ۋە سىر-ھېكمەتلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى ئىدىم. ئۇنىڭغا ئېيتماستىن بۇرۇن بۇ سۆزنى سوراپ، بۇ ئاجايىپ ئىشنى ماڭا بۇيرۇدۇڭ. ئەگەر ئېيتماي دېسەم، سەندىن كۆپ ۋەھىمە قىلىمەن؛ ئېيتاي دېسەم، ئۆز ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگەن بولىمەن. ئەلۋەتتە، سەنمۇ بىر ئۇلۇغ شان-شەۋكەت ئىگىسىدەك كۆرۈنىسەن، ئالەم، ئەھلى ئىچىدىن سەندە پادىشاھلىق نىشانى بار ئىكەن. گەرچە سەن بەھرام بولمىساڭمۇ، ئورنۇڭ يەنىلا بەھرامغا ئوخشاش ناھايىتى يۈكسەك ئىكەن. ئېھتىمال جاھاندا بەھرامنىڭ تەڭدىشى سەن بولساڭ كېرەك، سەندىن ئۆزگە

ئۇنىڭغا مىسال بولغۇدەك يەنە بىرى يوقتۇر. ماڭا نەزىرىڭ چۈشۈپ، مېنىڭدەك بىر ئاجايىپ قۇشنى ئۇۋلىۋالدىڭ. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ ئىككى سوئالنىڭ جاۋابىنى شاھ بەھرامنىڭ ئالدىدا بايان قىلىش ئارزۇسىدا ئىدىم. مانا ئەمدى كۆڭلۈمگە ئىككى غەم پەيدا بولدى: ئېيتسام ياخشى بولمايدۇ، ئېيتمىسام خەتەرگە يولۇقۇدىغان بولدۇم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھ بەھرام گۈلشەندەك ئېچىلىپ، شامدەك تىل سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي چۆللەرنى كەزگەن كىشى، مۇرادىڭنى تاپقىن، بەختىڭ ساڭا يار بولسۇن. مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇپتۇ، ئەمما سەن بىخەۋەركەنسەن. دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇۋېتىپمۇ تەشنالىقتىن لېۋىڭنى قۇرۇتمىغىن، شادلىق ماكانىدا غەمكىن بولۇپ يۈرمىگىن. ئارزۇيۇڭغا قېنىپ، شاھ بەھرامنى تېپىپ بولۇپسەن. ھېكمەتلىرىڭنى ئېيتقىن.

ئۇزۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن بۇ يولۇچى ئۆزىنگە شاھىنشاھ بەھرام دەك بۇ خەزىنىنىڭ ئۇچرىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ دەرھال تەگرىگە تەشەككۇرلار بىجا كەلتۈرۈپ، شاھ بەھرامغا ھەدد-ھېسابسىز، چەك-چېگرىسىز مەدھىيە-ماختاشلارنى ئادا قىلدى. ئۇ خۇشال-خۇرام ھالدا يەر سۆيۈپ، ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— شاھ بەھرام مېنىڭدىن ئىككى سوئال سورىغانىدى. ئۇنىڭ بىرى: ئۆزۈڭنىڭ نام-نىشانىڭنى بايان قىلغىن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر شاھىنشاھ سۆزۈمگە قۇلاق سالسا، ئۇنى بايان قىلاي: مېنى جاھان ئەھلى «مانى» دېيىشىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم كۆپلىگەن بىلىم-ھېكمەتلەر بىلەن ئاۋات بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۈرەتگەرلىك بىلەنلا مەشھۇر بولدۇم.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھ بەھرامنىڭ زوق-ھەۋىسى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتتى. چۈنكى شاھ بەھرام مانىنى كۆرۈشنى ئۇزۇندىن بېرى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرگىنى ئۈچۈن شاھ بەھرام شۇنداق شاد-خۇرام بولدىكى، گويا ئۇ بىر تازا جانغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ چەكسىز ئىلتىپات بىلەن مانىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغىمۇ يېڭىباشتىن ھايات بەخش ئەتتى. كۆپ لۇتپۇ-مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئاندىن بەھرام ئىككىنچى سوئالىنى سورىدى. مانى ئۆز ئەفسانىسىگە زىننەت بېرىپ مۇنداق سۆز باشلىدى:

— يەتتە ئىقلىمنى سەيلە قىلىپ، ئالەم ئىچىدىكى ئاجايىپ-غارايىپلىقلارنى كۆرۈش مېنىڭ نېسىۋەم ئىدى. چىن مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردە شۇنداق بىر ئاجايىباتنى كۆردۈمكى، پۈتۈن ئالەمدىكى باشقا كۆرگەن ئاجايىپ-غارايىپلىرىم ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى: بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ مال-مۈلكى ھەددىدىن تاشقىرى ۋە ھېسابتىن زىيادە ئىدى. ئۇنىڭ لەئەل-ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرى دەريالاردىنمۇ چەكسىز، كانلاردىنمۇ كۆپ ئىدى. ھەشەمىتى جاھان بىلەن تەڭ، نەق ئاقچىسى يۈز تۈمەن مىڭدىن ئارتۇق، خىلمۇخىل ئېسىل ماتالىرى ئېيتقاندىن ئاۋۇن ئىدى. ھەر قىسمى ئېسىل سوۋغا بۇيۇملىرى ۋە بىباھا گۆھەرلىرىنىڭ سانى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بىر يېگانە گۆھەر نېسىپ بولغان ئىدىكى، گوياكى ئۇ مەجلىسلەرنى يورۇتقۇچى ئاي گۆھىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ خىتاي گۈزەللىكى شۇقەدەر

سېھىرلىك ئىدىكى، چىن ۋە خىتاي ئەھلى ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغانىدى. ئۇنىڭ ھۆسنىچە گۈزەللىكتىن ھېچ ئادەمزاد نىشان تاپمىغانىدى. ھەر ئادەم ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەنلا جان بېرەتتى. ئۇنى بىر كۆرگەنلەر ئۆلۈم ئاھاڭىنى تووۋلايدىغان تۇرسا، ئۇ قولىغا چاڭ ئېلىپ، جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى مۇقاملارنى ياڭرىتىپ، ئۆزى ئوتلۇق ناۋالار قىلسا، ۋاي ئېسىت ئۇنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلارنىڭ مىڭ جېنى بولسا، بىرسىمۇ قۇتۇلالمايتتى. مەندەك كىشىلەر يۈز مىڭ تىل بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى شەرھلىسە، يۈز مىڭ يىلدىمۇ تۈگىتەلمەس.

سودىگەر خوجا ئۇد، سەندەل قاتارلىق خۇش بۇي ياغاچلاردىن مەپە ياسىتىپ، مەپە ئىچىگە ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ زىب - زىننەتلىرىنى تەق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەپە ئۈستىگە چىننىڭ رەڭگارەڭ نەپىس ماتالىرىدىن شۇنداق يوپۇقلارنى ياپقان ئىدىكى، بۇ پەلەك ئەتلىسىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ نازۇك ۋە نەپىس يوپۇقلارنىڭ يۈزى ھېسابسىز لەئەل - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئاي سۈپەت پەرى بارلىق بېزەك ۋە زىننەت ئەسلىھەلىرى بىلەن ياسىنىپ ئولتۇراتتى - دە، ئۇد، سەندەللەردىن ياسالغان چاڭنى قولىغا ئېلىپ، گوياكى زۆھرە① يۇلتۇزدەك چېلىشقا باشلايتتى. سودىگەر خوجا ئۇ پەرىۋەشكە باھا قويغىنىدا ئۇنىڭ يېنىدا بىر زۆھرە ئۈچۈن يۈزمىڭلىغان مۇشتەرىلەر پەيدا بولاتتى. مۇشتەرىلەر ئىچىدىكى زەردار كىشىلەر ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق جاۋاھىر خەزىنىلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئۇنىڭ باھاسىنى توختىتىشقا تالاي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. خالايىق ئۇ ھۆرنىڭ ۋىسالىغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدا ئۇنىڭ باھاسى چىن ۋە خىتاي مەملىكىتىنىڭ پۈتكۈل خىراجىتىگە توختالدى. باشتا خىتاي خانى بۇ ئىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇنى ئەبەدىي ۋە مۇتلەق ھالدا سېتىۋالماقچى بولدى. لېكىن تەيىنلەنگەن باھانى ساتقۇچىغا بېرىدىغان چاغدا، بۇ ئىش دۆلەتنىڭ ۋەزىر ئەركانلىرىغا خۇشياقمىدى.

— بۇ ئىشتىن پايدا يوق، — دېدى ئۇلار خاقانغا نەسىھەت قىلىشىپ، — چۈنكى دۆلەتنىڭ ھەممە خىراجىتىنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ، لەشكەر ۋە سىپاھلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، سەن ئۆزۈڭ سىپاھلاردىن ئۇزاقتا قالىسەن. شۇ چاغدا ئۇ باج - خىراجنى سەندىن ئالماقچى بولىدۇ، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ جەڭ قىلاي دېسەڭ قولۇڭدا قوشۇنۇڭ قالمىغان بولىدۇ. بەس، يۇرتۇڭنى خاراب بولمىسۇن دېسەڭ، نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزۈڭ ئىزتىراب بولما.

خاقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خامۇش بولۇپ قالدى. بۇ سودىدا سودىگەر خوجا قىممەتپۇرۇش، خالايىق بولسا كەم دەسمايە چىقىپ قالدى. مەن ئەگەر بەخت - تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ، سېنىڭ خىزمىتىڭگە يېتىشىپ قالسام ساڭا لايىق بىر سوۋغا لازىم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئابىھايات سۈيىگە بۇياقنى چىلاپ ئۇ پەرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىققانىدىم. گەرچە ئەينەن بولالمىسىمۇ، لېكىن بۇ رەسىمنىڭ ھەرھالدا ئۇنىڭ سىياق - سۈرىتىدىن بىر

① زۆھرە — چولپان (ۋېنېرا) يۇلتۇزىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ يۇلتۇز پەلەك سازەندىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

نەمۇنە ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ماني شۇ سۆزلەردىن كېيىن چىنىنىڭ بىر پارچە نەپىس شايىسىنى چىقاردى. ئۇ شايىنىڭ يۈزىدە كۆرۈنگىنى ئالەمدە تەڭدىشى يوق تەسۋىرىي سۈرەت ئىدى. ماني ئۇنى ئاچتى. ئۇنىڭ چاڭ-توزانلىرىنى كۆزلىرى بىلەن سۈرتتى. ئاندىن ئۇ دانىشمەنلەرچە بىرخىل تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ ئۇ سۈرەتنى كۆرۈش بىلەنلا ئەقىل-ھوشىدىن ئازدى. ئۆزىنى يوقىتىشقا يۈزلىنىپ، ھېچكىمگە سۆز قىلمىدى. تاكى ئاخشامغىچە ئاشۇ سۈرەتتىن بېشىنى كۆتۈرمەي، ئارامىمۇ ئالماي قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قىسقىسى، بۇ شاھىنشاھنى ئىشق-مۇھەببەت بىچارە قىلدى. ئۇنىڭ جېنىغا بۇ سۈرەت بالا-قازا بولۇپ، ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋاللارغا چۈشۈرۈپ قويدى. ماني شاھنىڭ ئەھۋالىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھ، بۇ ئىشىڭغا دەرھال تەدبىر قىلغىن. چۈنكى مۇبادا پەلەك ھاۋادىساتىدىن بىرەر ئىش يۈز بېرىپ، ئۇ شوخ پەرى قولدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش قىيىن بولىدۇ،— دېدى.

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، ئەي كۆڭلۈمنىڭ پاراغىتى،— دېدى بەھرام مانىغا يېلىنىپ، — بۇ غەمدە مېنىڭ غەمگۇزارىم پەقەت سەن. بۇ سۈرەت مېنى شەيدا قىلىۋالدى. شەيدادا قاچانمۇ ئەقىل پەيدا بولۇپ باققان؟! مېنى سەن دەردمەن قىلدىڭ، ئەمدى داۋاسىنىمۇ ئۆزۈڭ قىلغىن، مېنىڭ بۇ رەنج — مېھنەتلىرىمگە پەرۋاسىزلىق قىلمىغىن. ئۇنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىشىم ئۈچۈن نېمە ئىلاج قىلىش كېرەك-لىكىنى چاپسانراق ئېيتقىن.

— ئۇنداق بولسا،— دېدى ماني،— ئەقىللىق ۋە زېھنى ئۆتكۈر كىشىلەرنى ئەۋەتكىن. ئۇنىڭ باھاسى چىن ۋە خىتاينىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە توختىتىلغان. ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەممە كىشى موھتاج بولماقتا. ئەگەر سېنىڭ نەزەرىڭدە ئۇ پەرىنىڭ ۋىسالى ئەۋزەل، كۆز ئالدىڭدا ئۇنىڭ جامالى ئەلا بولىدىغان بولسا، كېلىشىلگەن باھا بويىچە سېتىۋالغىن-دە، قەلبىڭگە تۇتاشقان بۇ ئوتۇڭغا تەسكىن بەرگىن، يا بىر يىللىق خىتاي خىراجىتىدىن كەچكىن، ياكى ئۇ خىتاي سېھىرگەرىنىڭ خىيالىدىن كەچ.

بەھرام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— كۆڭۈلنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، بىر يىللىق خىتاي مېلى ئۇياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ جانانىنىڭ قىممىتى پۈتكۈل جاھاننىڭ مال-مۈلكىگە توختىسىمۇ، ئۇنى بېرىپ سېتىۋېلىشنى ئۆزۈمگە شادلىق دەپ بىلىمەن،— دېدى.

شاھ بەھرام ئۆز خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى ئاقىل ۋە دانا، پاك ۋە تەقۋا كىشىلەردىن يۈزچە كىشىنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا خوجايىن ۋە كېنىزەكلەرنى قوشۇپ، ئۇ ئاق بەدەنلىك سەرۋىنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى قىلىش ئۈچۈن دەرھال خىتاي مەملىكىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ پەرىنى خوجا قولىدىن ئازاد قىلىشقا ئەمرى قىلدى. بەھرام يەنە ئۇلارنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت بەردى ۋە ئۇنى خاقانغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. خەتتە باشقا ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى ئۈچۈن ئاشۇ مەملىكەت دانالىرىنىڭمۇ كۈچ چىقىرىشى لازىملىقى تەكىتلەندى. ئۇلار پەرمان بويىچە يولغا يۈرۈپ كەتتى. شاھ بەھرام خەستە جانى بىلەن، قولىدا سۈرەت، قېشىدا ماني بىلەن قېپقالدى.

*دىلئارامنىڭ دىلغا ئارام بەرگۈچى تولغان ھۆسنى ھەققىدە سۆزلىمەك ۋە*
*ئۇنى مىسكىن بەھرامغا يەتكۈزۈپ، ۋىسال شامىنى ئىشرەت تۈنىدە يورۇت-*
*ماقلىقىنىڭ بايانى؛ ھىجران خەزانىدىن قۇتۇلۇپ، ۋىسال باھارىدا ئۇ-*
*لارنىڭ غۇنچىدەك كۆڭۈللىرىنىڭ گۇل-گۇل ئېچىلماقلىقىنىڭ داستانى*

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەب-
بەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رى-
ۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، شاھ بەھرام ئۇ دانىشمەن
تەقۋادارلارغا پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار
خىتاي مەملىكىتىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.
دانالار تالايلىغان مەھەللە ۋە مەنزىللەرنى
بېسىپ ئۆتتى. ئاخىر ئۇلار خىتاي شە-
ھىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار شۇ ھامان
خاقان بىلەن كۆرۈشۈپ بەھرامنىڭ مەكتۇ-
پىنى بەردى ۋە ئۇ كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى
پەرىنىڭ ۋەقەسىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ
بەردى. خاقان مىننەتدار بولۇپ، قولىنى
كۆزىگە قويدى، يۈزلەرچە شەرەپ ۋە پە-
خىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى ۋە بەھ-
رامنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن دەرھال كىشى
ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ سودىگەر خوجىغا
مەزكۇر سۆز ۋە تەلەپلەرنى ئىزھار قىلدى.
سودىگەر خوجا ئۇ گۇل يۈزلۈك سەرۋىنىڭ
سودىسى ۋە شاھ بەھرامنىڭ ۋەكالىتىنى
ئاڭلاش بىلەنلا، دەرھال زوق-شوخقا تول-
غان ھالدا جانىنى يارماققا ساتتىكى، ئەييۇ-
ھەنناس، بۇنداق سودىنى ئاشۇ ئاچكۆز
خوجا بىر قېتىم قىپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە
ھېچقانداق سودىگەر ياكى تىجارەتچى ھەر-
گىز قىلماس. خاقان ئۆز مەملىكىتىنىڭ بىر
يىللىق خىراجىتىنى ئۇ گۇل يۈزلۈكنىڭ
باھاسى ئۈچۈن خوجىغا بەردى. كەلگەن
دانالارغىمۇ ئىنئام-ئېھسانلار قىلدى. ئان-
دىن ئۇ گۇل يۈزلۈك سەرۋىنى بەھرامنىڭ
لالىزار باغچىسى تامان ئۇزاتتى. دانالارمۇ
شادىمان بولۇپ يېنىشتى. ئۇلار مەنزىل-
مەنزىللەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، تېز سۈر-
ئەتتە يول يۈرمەكتە ئىدى.

شاھ بەھرام ئۇ پەرىنىڭ ھىجرىدە
ئاھ تارتىپ، جان-جەھلى بىلەن نالە-زار
قىلاتتى. ئۇنىڭ جىسمى قىلدەك زەئىپلىشىپ
كەتكەن بولۇپ، كۆزىگە بىر كۈنمۇ بىر
يىلدەك كۆرۈنەتتى. كېچە-كۈندۈز ئىنتى-
زارلىق مېھنىتىنى چېكىپ، نالە ئەپغان
قىلىپ، كۆڭلىدە سەۋر-تاقىتى قالمىغاندا،
يەنە ئاشۇ سۈرەت تەرەپكە نەزەر تاشلايت-
تى. مەھبۇبىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش بىلەن-
لا، ئۇنىڭ دىلىدىكى ھىجران ئاداۋىتى يو-
قىلىپ، ئۇ پەرىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن غۇلاچ-
لىرىنى ئاچاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى گاھ
بىھوش بولۇپ، گاھى ھوشىغا كېلەتتى. يا
ئۆيىدە بىرەر سائەت ئارام ئالالماي، ياكى
قەسىر ۋە باغدا بىر دەم تۇرالماي، قەسىر-
نىڭ ئۆگزىسىدە بەزىمىلەر تۈزۈپ، يول تە-
رەپكە قاراپ ئولتۇراتتى. ئەگەر كۆزىگە
يول تەرەپتە ئازراقلا چاڭ-توزان ياكى

قارا كۆرۈنسە، مەجلىس ئىچىدە بىر پەس
ئۆزىگە كېلەلمەيتتى، زەئىپ تېنىگە تىتـ
رەك ئولىشىپ، گويا كى زىلزىلىدە يىقىلغان
كونا تامدەك ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ
جۇدەپ كەتكەن تېنى هوشىغا كەلگەندە،
ئۇ كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارنى چىن مەمـ
لىكىتىدىن كېلىدىغان يوللارغا قاراپ بېقىشـ
قا ئەۋەتەتتى. ئۇلار جانانىنىڭ دېرىكىنى ئالالـ
ماي كەلگىنىدە بولسا، يەنە ئوتلۇق پىغانـ
لار چېكەتتى. هۇجرىلىرىدا تۇرالماي، ئوۋ
قىلىش باهانىسى بىلەن ئاتلىناتتى. لېكىن
ئوۋ قىلماستىن خىتاي يولى تەرەپلىرىگە
بېرىپ، ئۆز مەهبۇبىنىڭ خەۋىرىنى تاپماقـ
چى بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قىلىـ
دىغان ئىشى ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمدىن
ئۇچۇر ئىگىلەش، خەۋەر سوراشتىن ئىبارەت
ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەرى دىلـ
بەرنىڭ دىيارىدىن ئەپسانە سۆزلىسە، قانـ
چە جاۋاب تاپسىمۇ يەنە سوراشنى توختاتـ
مايتتى. مانى شاه بەهرامنىڭ بۇ ۋەيرانە
هالىتى ۋە ئېغىر مالالىتىدىن هەيران بوـ
لاتتى. هەر بىر نەپەستە ئۇ ئۆزگىچە هېكـ
مەتلەر بىلەن بېزەلگەن بىر پارچە رەسىمـ
نى سىزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا شاهنىڭ دىققىـ
تىنى ئاغدۇراتتى. شاهنىڭ كۆڭلىنى مەلىكە
قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇندىن ئۇزۇن
ئەپسانىلەرنى گۈزەل ۋە يېقىملىق نۇتۇق
بىلەن بايان قىلاتتى. ئەمما، مانى ياردىن
ئۆزگىسىنى سۆزلەپ قالسا، بەهرام ئۇنى
ئاڭلىمايتتى. چۈنكى بىر كىشىنى ئىشق مۇپـ
تىلا قىلسا، ۋىسالدىن ئۆزگىسى ئۇنىڭغا
بالا ـ قازا بولۇپ تۇيۇلىدۇ. هىجران ئوتى
بىراۋنىڭ جىنىنى داغلىسا، ئۇنى سەۋر قىلىشقا
ئۈندەش گويا كى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقانـ
لىقتۇر. ئاشىقنى ئايرىلىش ئازابى ئانچە

زارلىتالمايدۇ، ئەمما، ئىنتىزارلىق ئۇنى
تولىمۇ قىينايدۇ. دېمەك، شاه بەهرامۇ
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشق دەردىدە
بىئارام ئىدى. توساتتىن بىر ئەلچى يېتىپ
كەلدى ـ دە، شاهنىڭ بارلىق مۇرادلىرىنى
هاسىل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەقسىتىنىڭ خۇش
خەۋىرىنى يەتكۈزدى. شاهنىڭ تەلىپى مەـ
دەد قىلىپ، ئۇ قۇياشنىڭ يېتىپ كېلىدىـ
غانلىقى ۋە شاهنىڭ قاراڭغۇ تۈنىنى روشەن
قىلىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەردى. بۇ خۇش
خەۋەردىن شاهنىڭ جىسمىغا ئىززەت ئىراپ
چۈشتى. كۆڭۈل كەيپىياتىمۇ بەرھەم يەپ
خاراب بولدى. چۈنكى نىمجان ئاشىق ئۈـ
چۈن ۋىسال يېقىنلاشقاندىكى هىجران ئەڭ
خەتەرلىكتۇر.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈمۈش بەدەنلىك
سەرۋى شاهنىڭ هىجران تۈنىنى يورۇتۇپ،
خىتاي تەرەپكە ئەلچىلىككە بارغان دانىشـ
مەنلەر توپى بىلەن بىرگە يېتىپ كەلدى.
شاه بەهرام بەخت ـ ئىقبالغا ئىگە بولغاچقا،
نىجاتلىققا ئېرىشتى. هەممە كىشىلەر كېـ
لىپ، شاهنى بارلىق مۇرادىغا يەتكەن هالـ
دا كۆرۈشتى. دانىشمەنلەر بەهرامغا خاقانـ
نىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپى ۋە سوۋغا ـ سالامـ
لىرىنى تاپشۇردى. يول يۈرۈش جەريانىدا
ئۇ گۈل بەدەنلىك گۈزەلگە هېچقانداق نۇقـ
سان يەتمىگەن، ئىسسىق هاۋادىن ئۇنىڭ
هۆسنى ـ جامال گۈلشىنىگە قىلچە سۇلغۇنـ
لۇق يۈزلەنمىگەنىدى. شاه بەهرام ئۇنى
ئېلىپ كەلگەنلەرگە قىياس قىلغاندىن يۈز
هەسسە ئارتۇقراق ئىنئام ـ ئېهسانلارنى
ئاتا قىلدى.

بەهرام ئۇ گۈزەل سەرۋىنى مەخسۇس
هەرەمگە چۈشۈرۈپ، مەخسۇس هۇجرىغا
ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. شاهنىڭ

پەرمانى چۈشۈش بىلەنلا ئۇ ھۆر گوياكى
جەننەت بېغىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ھۆر
ئورۇنلىشىپ بولۇش بىلەنلا، شاھ ئۇ تەرەپ-
كە ماڭدى. شاھ ئۇنىڭ ئالتۇن قەسرىگە
كىرىشكە ئالدىراپ كېتىپ، جىسمىغا بىتا-
قەتلىك يۈزلەندى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە
يۈزلىگەن يېڭى كۆيۈش ۋە ئۆرتىنىشلەر
پەيدا بولدى. ئۇ ئىشقىدىن بىھوش، شاراب-
تىن سەرخۇش بولۇپ، ئاشۇ ئاي يۈزلۈك
سەنەم چۈشكەن ھۇجرىغا كىردى. شاھ گو-
ياكى جەننەت ئىچىدە شۇنداق زىب زىن-
نەتلىك قەسرنى تاپتىكى، بۇ قەسر ئىچىدە
يەتتە جەننەتنىڭ ھەممىسى ھازىر ئىدى.
سەن ئۇنى روھى دۇنيا جەننىتىدىكى ھۆر
دېمىگىن، ئۇ يەردە ئولتۇرغىنى نۇرلۇق
قۇياش ئىدى. ئۇ شۇنداق پارلاپ تۇرغان
قۇياش ئىدىكى، سېھرى كۈچى پۈتكۈل
ئالەمنى ھەيران قىلاتتى. ئۇ سېھردىگەر
باشتىن-ئاياق زىب-زىننەتلەر بىلەن بېزەل-
گەنىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئەتراپىنى قورشى-
غان ئىپاردەك قاپقارا چاچلىرى گوياكى چىن
ئېلىدىن خۇش بۇي ئىپارلارنى ئېلىپ كەل-
گۈچى كارۋانلار توپىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ-
نىڭ ئىپار چاچلىرىنىڭ كارۋىنى جەننەت
بېغىنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇنى چاچ
دېگىلى بولماس، بەلكى ئۇ لەيلىنىڭ مەج-
نۇننى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان
ئىككى قاپقىنى بولۇپ، «لەيلى» سۆزىدىكى
ھەر بىر «ل» ھەرپى ئاجايىپ بىر قىلتاق
بولۇپتۇ. بۇ قىلتاقنىڭ ئاستىدىكى يۈزلىرى
گۈلزارىدا ئىككى دانە خال گوياكى چىن
مەملىكىتىنىڭ لالىزار ياپلىقىدىكى ئىككى
ئىپار كىيىكىدەك چۈشۈپتۇ. ئىككى كۆزى
ئىككى جەرەندەك، ئۇنىڭ قارىسى مۈشكى
خوتەندەك تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى
خالدىن ئىبارەت بۇ ئىپار گويا خوتەننىڭ
ئاشۇ ئىككى ئىپار جەرىنىدىن تېمىپتۇ؛ تۈن
رەڭگىدىكى بۇ خال ئۇنىڭ يۈزلىرى سۈبھ-
ھىسىگە چېكىت بولۇپتۇ. يۈزى گۈلزارىنىڭ
ئىككى تەرىپى ئاجايىپ ئىككى گۈل بەر-
گىدۇركى، ئۇنىڭ ھەر بىرى جان شىرنى-
سىدىن پۈتۈپتۇ؛ ئۇ جان شىرنىسىگە ھايات-
لىق سۈيى قوشۇلۇپ تەڭشىلىپتۇ. شۇڭا ھەر
كىشى ئۇ شېكەر تېمىپ تۇرغان لەۋدىن
تېتىپ قالسا، ئۇ ئۆلگىنىگە ھەرقانچە ئۇ-
زۇن بولغان كىشى بولسىمۇ يېڭى جانغا
ئېرىشىدۇ. لەۋلىرى ئىچىدىكى ئاغزى شۇ
قەدەر يوشۇرۇنكى، بەئەينى تېشىلمىگەن
ياقۇتنىڭ ئۆزى؛ تېخىمۇ ئەجەبلىنىدىغان
يېرى شۇكى، ئۇ ياقۇت لەۋ سۆزلەش ئۈ-
چۈن ئېچىلسا، بارچە ھېكمەتلەر ئورنىغا
گۆھەر چېچىپتۇ. گۆھەر چاچىدىغان بۇنداق
ياقۇتنى كۆرگەن گۈل ئۆزىدە جان شىر-
نىسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. ياقۇتنى
قوي، ئۇنىڭ لېۋى جاندىن پۈتۈپتۇ. «جان»
سۆزىدىكى نۇن («ن») ھەرپىنىڭ ئەگمى-
سى ئۇنىڭ گۈل رەڭ ياڭاق چەمبىرىنى ھا-
سىل قىپتۇ. تەقدىر كاتىپى «جان» سۆز-
نى يازار چاغدا، «جان» نىڭ نۇنى سىغ-
ماي قېلىپ، ئۇنى ئاستىغا يېزىپ قويۇپتۇ؛
ھېچ ئەمەس ئۇنىڭ ياڭاقلىرى ئەگمىسىنىڭ
نۇنى «جان» سۆزىگە نۇن بولۇپ، ياڭىقى
ئۈستىدىكى قۇدۇقتەك زىنىقى بۇ نۇن ئۈچۈن
چېكىت بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ
ياقۇت لەۋلىرى ئىچىدىكى چىشلىرى گويا
ئابھاياتقا چۆمۈلۈپ ياتقان ئۈنچىلەر تىز-
مىسىنى ھاسىل قىپتۇ. قاشلىرى مەيخانا
گۈمبىزىدەك بىر-بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئۇ-
نىڭ ئىچىدە ئىككى كۆزى بەئەينى ئىككى
مەست كاپىردەك تۇرۇپتۇ. ئۇنى گۈمبەز

دىمە، ئۇ قاپقارا ئەنبەردىن پۈتكەن مىھ-
رابىنىڭ ئۈستىدە ئەنبەردىن خال ئورۇن
ئاپتۇ. ئۇنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ھەر بىر
قۇلىقى بەئەينى ئىككى يۇلتۇزدۇركى، بۇ
ئىككى يۇلتۇز گويا نۇر چېچىۋاتقان قۇياش-
نىڭ ئەتراپىدا ماكان تۇتۇپتۇ؛ بۇ ئۈچ
سەييارە گويا جاھانغا پىتنە-غەۋغا تېرىش
ئۈچۈن بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپتۇ. زىلۋا
بويلىرى جان ئوزۇقلىرى بىلەن ئۆسۈپ
يېتىلگەن بېھىش دەرىخىنىڭ نوتىسى بو-
لۇپ، ئۇنىڭ جىلۋە قىلىشلىرى روھتىن
بىشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. نازۇك بەللىرى
بەئەينى خىيال رىشتىسىنىڭ ئۆزىدۇركى،
ئۇ رىشتىنى كۆرۈشنىڭ ئىمكانى يوقتۇر؛
ئۇنى نەپىس لىباسلار ئىچىدە يوشۇرۇپتۇ. ئۇ
پەرى ئوتقاشتەك كىيىملەرنى كىيگەنىنىڭ
ئۈستىگە يەنە يېشىل لىباسلارغا پۈركىنىپتۇ-
دە، گۈل بىلەن كۆكلەم كەبى گۈزەل تۈس
ئاپتۇ؛ گوياكى ئۆزىگە بىنەپشىزارنى لىباس
قىلىپ كىيىپ، ئۇنى جاۋاھىرلار بىلەن
زىننەتلەپتۇ؛ ئۇنىڭ بۇ بېزەكلىرىدىن جان
جەۋھەرلىرى زاھىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ
ھۆرنىڭ لىباسلىرى ئەقىل ۋە ھوشتىن رەڭ
ئاپتۇ. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا روھ جەۋھەرلىرى
ھالقا بولۇپتۇ. ئۇنى سەن ھۆر ياكى پەرى
دېمىگىن، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر
ئاپەتتۇر. ئۇنىڭ لەۋلىرى سۆزلىسە ئەلنىڭ
جېنىنى ئالىدۇ. جان ئۇ لەۋنى كۆرۈپ خى-
جالەتتە قالىدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ھاياتلىق
سۇلىرى ئاقسا، كۆزلىرىدىن ئەجەل ئوقلىرى
يېغىپ تۇرۇپتۇ.

مۇنچە چەكسىز گۈزەللىككە ئىگە بول-
غان ئۇ ئازاد سەرۋى بەھرام شاھنى كۆ-
رۈش بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى. كۆرۈنۈشتە

ئۇ شاھقا بەند بولغاندەك قىلاتتى، ئەمە-
لىيەتتە بولسا، شاھ ئۇنىڭغا قۇل بولغانىدى.
بۇ ئەسنادا ئۇ نازىنىن يۈز تۈمەن كەمتەر-
لىكلەر بىلەن يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈر-
دى. ئۇنىڭ ھەر بىر كەمتەرلىكلىرىدىن
يۈزلەرچە ناز ۋە ئۇلۇغلۇق نامايان بولۇپ
تۇراتتى. بۇ زىبا سەنەمنى كۆرگەندىن كې-
يىن شاھنىڭ كۆڭلىگە تاقەتسىزلىك يۈزلەن-
دى. بەھرامنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ
تەڭداشسىز گۈزەل سۈرەت ئۇنى شايىغا سې-
زىلغان تەسۋىرنى كۆرگەن چاغدىكىدىن
يۈز ھەسسە زىيادە ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى.
چۈنكى شايى ئۈستىگە سىزىلغان جانسىز
سۈرەت شاھنىڭ جىسمىدا جان قويمىغان
تۇرسا، بۇ جانلىق سۈرەتكە قانداقمۇ قارى-
يالىسۇن، ئەگەر قارىسا، ئۇنىڭ جىسمىدا
قانداقمۇ جان قالسۇن؟!

شاھ ئاخىر دىلئارام بىلەن مۇرادىغا
يەتتى. ھۇجرا گوياكى كۆڭۈل قەسرىدەك
خىلۋەت ئىدى. ئۇ مەھبۇب شاھ ئەمرىگە
پەرمان بەردار ئىدى. ئۇ يەردە يەنە قان-
داق ئەھۋاللار يۈز بەردى، ئۇلار يەنە قان-
داق مەخپىي ئىشلارنى قىلدى، بۇنى بىلىپ
بولمايتتى. چۈنكى ئۇ خىلۋەت ھۇجرىغا
شۇ چاغدا مەيىن شامالمۇ كىرەلمىگەن تۇر-
سا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى مەن نە-
دىن بىلەي ۋە قانداق بايان قىلاي؟! دەر-
ۋەقە، بۇنداق ئاي سۈپەت مەشۇق بىلەن
بەھرام شاھتەك بىقارار ئاشىق بىرگە بول-
غان چاغدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى
بىلمىگەن كىشى ئەخمەقتۇر. ئەمما بۇ جاي-
دىكى تەپسىلاتلارنى بۇرۇنقى كىشىلەرمۇ
سۆزلىمەي ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، شۇڭا مې-
نىڭمۇ بۇ تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش
سالاھىيىتىم يوق.

**بەھرام شاھنىڭ ئۇ چولپان سۈپەت پەرى چالغان مۇزىكا سادادىسدىن بىقارار**
**بولغانلىقى، شاھنىڭ كۆڭۈل قۇشى ئۇ گۈزەلنىڭ سازلىرى تارىسغا باغ-**
**لىنىپ قالغانلىقى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ چاڭ كەبى قەلبىدىن ئۇ ھۇردىن**
**باشقىسىنى پاك-پاكىز چىقىرۋېتىپ، جان تارلىرىدىن پىغان سادا-**
**لىرىنى ياڭراتقانلىقى، ئۇ پەرىنىڭ زەخمەك قوللىرىدىن، ياق،**
**بەلكى قوللىرى زەخمىكىدىن جان تارلىرىنىڭ پىغان سادا-**
**لىرى بارغانسېرى ئارتقانلىقى**

سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىل-
غۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشا-
رەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-
مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىد-
لىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆ-
كۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر
مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:
ۋاقتىكى، ئۇ بەختلىك پادىشاھ بەھ-
رامنىڭ ۋىسال باھارىدىن مۇراد گۈللىرى
شۇنداق ئېچىلدىكى، ئۇنىڭ ئىشلىرى تى-
نىق شارابلار بىلەن نەغمە ئاۋازىدىن بىر-
دەممۇ خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ گاھى جەن-
نەت مىسال گۈلشەنىدە، گاھى پىردەۋس
كەبى قەسىردە ئورۇن تۇتۇپ، شاھانە بەز-
مىلەر تۈزەتتى. شاھنىڭ مەنزىل-بارگا-
ھى ئۇ ھۆر كېلىش بىلەنلا پەرىخانىدەك
جىلۋىگەر بولاتتى. شاھ ئۇ گۈل يۈزلۈك
سەرۋىنىڭ جامالىغا شەيدا بولۇپ، توختاۋ-
سىز ھالدا ئەقىل-ھوشىدىن ئېزىپ تۇ-
راتتى. ئۇ سەۋرى بويلۇق گۈزەل مەيدىن
خۇش كەيىپ بولغىنىدا، ئۇنىڭ نەسترىن
گۈلىدەك رۇخسارى قىزىلگۈل رەڭگىگە كى-
رەتتى. ئۇ چاڭنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ
تارلىرىنى تۈزۈشكە باشلىسا، ئىنتىزارلىقتىن
ئاڭلىغۇچىلارنىڭ جان تارلىرى ئۈزۈلۈشكە
باشلايتتى.
ئۇ چېلىۋاتقان چاڭ شۇ قەدەر تەق-
ۋادار ۋە ئىخلاسمەن ئىدىكى، سەجدە-تا-
لاۋەت ئۈچۈن قەددىنى ئېگىپ، بېشىنى
تۆۋەن سالغانىدى؛ زىكرى-سۆۋەتتە شۇ
قەدەر مۇستەھكەم ئىدىكى، تۇرغان ئورنى-
دىن قەددىنى يۆتكەپ، مېڭىپ بېقىشىنى
ھېچبىر ئىختىيار قىلمايتتى؛ ئۇ چاڭ ئالىي
دەرگاھلارنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن، ئى-
بادەتكە ئېگىلگەن قامەتلىرىدە بېلىنى ئىك-
كى-ئۈچ يەردىن مەھكەم باغلىغانىدى.
ياق، ئۇ چاڭ تەقۋادار ئەمەس، بەل-
كى بىر خاراباتىي ئىدى. ئۇنىڭ ساداسىغا
مەيخانا ئەھلى بارىكاللا ئېيتىشاتتى؛ ئۇ-
نىڭ ساداسى كىشىلەرنى مەيخانا ئەھلى
تەرەپكە باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەللىرى-
گە قانچىلىغان زۇننارلار باغلايتتى. ئۇ ئۇن
چىقىرىپ ھەر خىل كۈيلەرنى ھاسىل قىل-
غىنىدا بەزمە ئىچىدە مەيپۇرۇشلار مۇقاملىرى-
غا زىننەت بېرەتتى، بۇنداق مەيپۇرۇشلار
نەغمىسىنىڭ سېھىرلىك ئۇنى بارغانلا يېرى-
دە ئەل جىسمىدىن ئەقىل-ئىدراكنى ئې-
لىپ قاچاتتى.
ئۇ چاڭ خاراباتىيمۇ ئەمەس، بەلكى
بىر قىقنۇس قۇش ئىدىكى، ئۇنىڭ كاسىسىدا

كىشىنى تەئەججۇپلەندۇرىدىغان تۇمشۇق-
لىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تۇم-
شۇقلارنىڭ ھەممە تۆشۈكلىرىدىن تارلار
ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر تاردىن سان
ساناقسىز مۇزىكا سادالىرى كېلەتتى. تار سا-
دالىرىغا يەنە تۆشۈكلەرنىڭ ياردىمى يېتىپ
تۇراتتى. چۈنكى ھەر بىر تۆشۈكتىن نەچ-
چە قىسما ئاۋازلار چىقاتتى. بۇ ئاۋازلار
يەتتە قات پەلەك گۈمبىزىنىڭ ئەڭ يۈك-
سەك قەۋەتلىرىگىچە يېتەتتى - دە، ئۆزىنىڭ
قىقنۇس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، پۈتكۈل
ئالەمگە ئوت سالاتتى. بۇ تۆشۈكلەردىن
نالە - زار بىلەن چىقىۋاتقان سادالار تارلار-
غا ئۆزىنىڭ ئوتقا سەكرەۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدۇراتتى. بۇ قىقنۇسقا ئۇ توز سۈپەتلىك
گۈزەلمۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئارقى-
لىق جور بولاتتى. ئۇ پەرىنىڭ ھۆسنى جا-
مالى گەرچە توزغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئا-
ۋازى خۇش ناۋا بۇلبۇلنىڭ ئۆزى ئىدى.
ئۇ بۇلبۇل خۇش ناۋاسى بىلەن مىڭلارچە
مۇقام ۋە داستانلارنى ئورۇندىسا، بۇ قىقنۇس-
مۇ ئۇنىڭغا ئاھاڭداش بولۇپ، ئوتلۇق سا-
دالىرى بىلەن ئالەمنى ئۆرتەيتتى. قىسقى-
سى، ئۇ بىرى گۈل يۈزلۈك بۇلبۇل، بۇ
بىرى چاڭ سۈپەت قىقنۇس ئىدى.

شاھ بەھرام ئۇ سەنەمگە شۇ قەدەر
باغلىنىپ قالغان ئىدىكى، ئۇنىڭسىز بىر نە-
پەسكىمۇ تاقىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جاما-
لىدىن كۆزىنى بىردەممۇ ئۈزمەيتتى، ئۇنىڭ
ناۋاسىدىن قۇلىقىنى ھېچقاچان خالىي قىل-
مايتتى.

نەزمە:

كۆز يۈزىدە، قۇلاق نەۋاسىدا،
جان غەمىدە، كۆڭۈل ھەۋاسىدا،
بولۇبان جانسىز، ئولمايىن ئانسىز،
ئانسىز ئولغان زەمان بولۇپ جانسىز.

شاھنىڭ كۆزى ئۇنىڭ يۈزىدە، قۇل-
قى ناۋاسىدا؛ جېنى ئۇنىڭ غېمىدە، كۆڭ-
لى بولسا ئۇنىڭ ھەۋىسىدە ئىدى. شاھ
جانسىز بولسا بولاتتىكى، ئۇنىڭسىز بولمايت-
تى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان زامان جاندىن جۇ-
دا بولاتتى.

شاھ بەھرام ئەيش - ئىشرەت بەز-
مىسىنى ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ چېھرىسى بىلەن
يورۇتاتتى. ئۇ دىلبەر كېچە - كۈندۈز يې-
قىملىق كۈيلەرگە جور قىلغان ھالدا شاھ-
قا شاراب تۇتاتتى. شاھ ئۇنى بىر دەم
كۆرمىسە جانسىز بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن
ھامان جىسمىغا جان كىرەتتى. شاھنىڭ مەي
ئىچىشتىن مەقسىتى، ئۇ ھۆرنىڭ جان بې-
غىشلىغۇچى ھۆسنى بىلەن نەغمە - ناۋاسى-
دىن بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. بەھ-
رام گاھى شادلىق بەخش ئەتكۈچى بوس-
تان ۋە گاھى جاننى يايراتقۇچى ئايۋان
ئىچىدە ئۇ ئاپتاپ تەلئەتلىك پەرى بىلەن
بەزم تۈزەتتى. ئۇ پەرى ناۋا قىلىپ، رۇخ-
سارىنى ئاچسا، شاھمۇ يىغان تارتىپ جېنىنى
تۇتاتتى.

ئۇلار بەزىدە سەھرا ۋە دەشتلەردە
سەيلە قىلىپ، شىكار شادلىقلىرى
بىلەن شاراب ئىچەتتى. شاھ ئۇ يەردىمۇ
ئۇ پەرىنى يېنىدىن بىر دەم يىراقلاشتۇر-
مايتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ھەرگىز قوبۇل
تاپمايتتى. ھالبۇكى، دىلئارامدىن ئىبارەت
بۇ ئىپار كىيىكمۇ ئەسلىدىنلا چىن دالاسىدا
ئويناپ، خوتەن سەھراسىدا ئورۇنلىشىپ
ئۆسكەن، كۆكلەمزار ۋە گۈلشەنلەردە يۈ-
رۈپ ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خۇي-

مىجەزى سەھرا سەيلىسىگە ئىنتايىن ئامـ
راق بولۇپ يېتىشكەنىدى. شاھ بەھرامنىڭ
كۆڭلىمۇ سەھرا تەرەپكە ئات چاپتۇرماق
بىلەن ۋە ئوۋ قىلىش بىلەن شادلىناتتى.
ئۇلارنىڭ بۇ خىل مىجەزى بىر ـ بىرىگە
ماس كەلگەچكە، ھەممىشە سەيلە قىلاتتى.
شاھ بەھرامنىڭ ئوۋ قىلغاچ سەيلە قىلىدىـ
غان ئادىتى بار بولۇپ، بۇ خىل سەيلىلەرـ
دە ئۇ ئاي يۈزلۈك ھامان شاھ يېنىدا
ھەمراھ ئىدى. شاھ ئوۋ ئوۋلىسا، ئۇ شاھنى
ئوۋلايتتى. شاھ قايسى ئوۋنى مۇۋەپپەـ
قىيەتلىك ھالدا قولغا كىرگۈزسە، ئۇ ئاي
يۈزلۈك سەنەم ناخشا ئېيتىپ، ئۇ بەختىيار
پادىشاھنىڭ ۋۇجۇدىغا، بەلكى پۈتكۈل جاـ
ھانغا ئوت ياققۇچى غەۋغالارنى سالاتتى.
بۇ چاغدا ھاياجان ئوتلىرى ئىچىدە قالغان شاھ
بەھرام ئۇ ئاي يۈزلۈكتىن شاراب سورايتتىـ
دە، بۇ ئوتنى ئاشۇ سۇ بىلەن پەسەيتىپ،
ئىشق شوللىرىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆچۈرـ
مەكچى بولاتتى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئوتلىرى
تېخىمۇ يالقۇنجاپ، ھاياجان شوللىرى تېـ
خىمۇ تېز كۆتۈرۈلۈشكە باشلايتتى؛ نەغمىـ
دىن يالقۇنجىغان زوق-شوخ ئوتىغا شاراب ياغ
بولاتتى، شۇڭا بۇ ئوت تىللىرىنى ئاسمانغا
سوزۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىخۇدلارچە
ناله قىلىپ كۆيۈشكە باشلايتتى. شاھ ئەـ
گەر بىرەر مەنزىلنى تاپسا، ئۇ يەردە دەم ئېـ
لىپ، دىلبىرىنىڭ ۋەسلىدىن مۇرات تاپاتتى.
چۈنكى ئۇنىڭ دىلئارامى يېنىدا ھەمـراھ
تۇرسا، ئۇنىڭ مۇرادى نېمىشقا ھاسىل بولـ
مىسۇن؟! شاھ مۇرادىغا قانچە يەتكەنسېرى
ئۇنىڭ كۆڭۈل تەقەززالىقى شۇنچە ئارتار
ئىدى. بەھرام ئۇ ئاينىڭ پۇرقىتى خاراب
قىلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭـ
لى ھەتتا ۋىسال پەيتىدىمۇ ئېزىتىراپ ئىـ
چىدە تۇراتتى. ئۇ ھىجران خەۋپىدىن
ئەنسىرىگەن ھالدا ۋىسال بىلەن مەشغۇل
بولۇپ، كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ھۇرـ
نىڭ ۋىسالى شاھنىڭ جېنىغا ئوت سالسا،
ھىجرانىنىڭ ئېھتىمالى ئۇنىڭ جىسمىنى
ئۆرتەيتتى. ئۇ گۈل يۈزلۈك پەرى شاھـ
نىڭ يارى ـ ھەمراھى تۇرۇغلۇق يەنە ئۇـ
نىڭغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتى. شاھ بۇ
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە شۇ دەرىجىدە كىرىشىپ
كەتتىكى، بىردەم ئۇنىڭسىز قالسا، ياقا
ئورنىدا كۆكسىنى چاك قىلىپ، ھالاكەتكە
يېقىنلىشاتتى. ھەتتا شۇ يەرگىچە بېرىپ
يەتتىكى، يۇرت ئىشى بىلەن كارى بولمىدى،
لەشكەر ۋە سىپاھلىرى تەرەپكە قاراپمۇ
قويمىدى، دەردمەنلەرنىڭ دادىغىمۇ يەتمىـ
دى. شاھ ئۈچ ـ تۆت يىلغىچە مۇشۇ ھاـ
لەت بىلەن ئۆتتى. خەلق بۇ ئەھۋال تۇـ
پەيلىدىن قىيىنچىلىققا دۇچار بولدى. خاـ
لايىق بۇ ئىشتىن شىكايەت قىلىپ، ھەر
بىر كىشى بۇ خۇسۇستا ھېكايەت ئېيتىپ
يۈرىدىغان ھالغا يەتتى. ھەر كىشى ئىشق
بىلەن ئاشىنا بولسا، ئاقىۋەتتە مەملىكەت
ۋە سەلتەنەتتىدىن جۇدا بولغۇسىدۇر. ئىشق
لەشكىرى ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىغاندا شاھ
بىلەن گادايىنى ئايرىمايدۇ؛ ئىشقنىڭ بورىـ
نى بىپەرۋالىق بىلەن بېسىپ كەلگەندە،
تاغ بىلەن خەس ـ خەشەكنى تەڭلا ئۇچۇرۇـ
رىدۇ. جاھانغا ئىشق سېلى يېتىپ كەلسە،
ئاۋات جايلار بىلەن ۋەيرانە خارابىلەرگە
تەڭلا بەرھەم بېرىدۇ. چۈنكى ئىشق ـ مۇـ
ھەببەت ئەجدىھانى تاپسا، ئۇنى چۈمۈلىگە
ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شاھلارنى بولسا، دىۋانىـ
لەرگە ئوخشاش خارۇ زار قىلىدۇ.
قىسقىسى، ئۇ جاھان ھۆكۈمرانى بەھىـ
رامنى ئىشق لەشكىرى شۇ دەرىجىدە ئەسىر

قىلىۋالدىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىس - تۇ-
تەك چىقىرىۋەتتى. مەملىكەت ۋە سىپاھ
دېگەنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقىپ كەتتى.
ئۇنىڭ داۋاملىق قىلىدىغان ئىشى ئاشۇ ئاي
يۈزلۈك بىلەن بىللە يۈرۈپ ھەر قېتىم
باشقا بىر جايغا ئورۇنلىشىپ شىكار قىلىش-
تىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئاي
جامالنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلاتتى - دە،
ئاندىن ئۇ پەرى شادلىق بېغىشلىغۇچى
ناخشا - مۇزىكىسىنى باشلايتتى. شاھ بول-
سا، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ، خۇش

ئاۋاز نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ شاراب ئىچىشنى
كۆزلەيتتى. نەزمە:

بادەكىم ئالسا ئىختىيار ئەلدىن،
نې ئەجەب، چىقسە ھەرنە بار ئەلدىن.
ئىشق ھەم مەيغە ئەيلەسە ئىمداد،
تاڭ ئەمەس، بولسە بارۇ يوق بەرباد.

ئۆز ئىختىيارىنى شارابقا بېرىۋەتكەن
كىشىنىڭ قولىدىن ھەممە نەرسە چىقىپ
كەتسە ئەجەبلەنمە. شارابقا ئىشقمۇ قوشۇل-
سا، ئۇ چاغدا بار - يوقنىڭ ھەممىسى بەر-
باد بولۇشىدا شەك يوق.

بەھرامنىڭ ئىشق توپانىغا دۇچ كېلىپ، ئەقلىدىن ئازغانلىقى ۋە شاراب
ئوتلىرىنىڭ ھارارىتى بىلەن ھوشسىز بولغانلىقى، بەھرام بىر كېيىككە
ئوق ئاتقىنىدا، ئۆزىنىڭ كېيىك سۆيەت گۈزىلى ئاپىرىن ئېيتمە-
غانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇپ، سىرتماق بىلەن
ئۇنى گوياكى قىلتاقتا چۈشكەن كېيىكنىڭ قول-
پۇتىنى چۈشىگەندەك باغلاپ، كېيىكلەر
قاتارىدا تاشلىۋەتكەنلىكى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىل-
غۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشا -
رەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق -
مۇھەببەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلى-
رىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆ-
كۈمرانى ئەمىرمىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋا-
يەت قىلىدۇ:
بەھرامغا ئاشىقلىق ۋە مەستلىكتىن
ئىبارەت بۇ ئاجايىپ ئىككى كېسەل يېپىش-
تى. ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ،
باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى.
يۇرت ئىشلىرى ۋە سەلتەنەت نىزاملىرى
بۇزۇلۇپ، يوگەنسىز ۋە قائىدىسىز ھالەتكە

چۈشۈپ قالدى. دەردمەن بىچارىلەرگە
كۆڭۈل بۆلۈنمىدى، ئادالەت يۈرگۈزۈلمى-
دى. كىشىلەر ھەرتەرەپتە جەبرى - زۇلۇم
قوللىرىنى سۇنۇپ، خالىغىنىنى قىلىشقا
باشلىدى. پۈتۈكچى ئەمەلدارلار جاي - جاي-
لارغا چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى
ۋە بەختىنى قارا قىلدى. قاراقچىلار ھەر
تەرەپتىن قول ئۇزارتىپ يوللارنى قامال
قىلدى. ھاراقكەشلەرنىڭ غەلۋە - غوغالىرى
پەلەككە يېتىپ، ئىمام، مۇئەززىنلەرنىڭ
ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. تەقۋادارلار-
نىڭ ئۆرىقلىرى كاساتلىشىپ، شاراب
كوزىلىرىنىڭ نەرخى ئۆسۈپ كەتتى. جاڭ-

جاڭگال ۋە يايلاقلاردا بۆرىلەر قويدەك تولۇپ
كەتتى، ئۇلار ئالدىدا قوي ۋە قويچىلار
نەق ئۇلجا، تەييار غىزاغا ئايلاندى. مەم-
لىكەت قائىدىلىرى بۇنداق قالايمىقانلىشىپ
كەتكەنلىكتىن، شاھنىڭ يېقىن خادىملىرى-
دىن بىرقانچىسى بىر خىلۋەت ئورۇندا
بەھرامنى تېپىپ بۇ ئەھۋاللارنى مەلۇم
قىلدى، يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالى
ۋە خالايىقنىڭ ئاھۇ زارىنى بىر-بىرلەپ
ئەرز قىلدى. شاھ بەھرام بۇ ئەھۋاللار-
نى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ ئويلاندى؛
بۇ ئىشقا چارە ئىزدەپ جىق باش قاتۇر-
دى. بىراق ئاشىقنى ئىشق بىچارە ئورۇنغا
چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا
ھېچ ئىشقا چارە-تەدبىر قالمايدۇ. ئۇ
گۈزەلسىز شاھنىڭ ئىختىيارى ئىلكىدە ئە-
مەس ئىدى. يۇرتىنىڭ ۋەيران، ئەلىنىڭ
سەرسان بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. شاھ-
نىڭ ئەھۋالى گەرچە ئىشق بىلەن خاراب
بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «بۇ
ئىشقا نېمە تەدبىر ئىشلەتسەم، ئۇ ئەھۋال-
لارنى قانداق ئۆزگەرتسەم بولار؟ ئەل-
يۇرتتىن كېچەي دېسەم تېخى تەس، ئۇ
دىلناۋازىمدىن كېچەي دېسەم بۇمۇ تېخى
مۈشكۈل» دېگەنلەرنى ئويلايتتى-دە،
كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولاتتى. ئۇ ھەر
نەپەس كۆڭلىدىن مۇنداق خىياللارنى
ئۆتكۈزەتتى: «شاھلىقىم مەۋجۇت بولسىلا،
گۈزەل نازىنىن بىلەن ساقى تېپىلار، ئە-
گەر شاھلىق قولدىن كەتسە، ھەممىشە ۋى-
سال ئىزدېگەن بىلەنمۇ ئېرىشەلمەيمەن. ئە-
گەر ئۇ دىلرابا بولمىسا، مەملىكەت ئۆيى
ئاۋات بولغىنى بىلەن، ئۇ گۈزەلسىز مې-
نىڭ تىرىكلىكىم ئۆيى بەرباد بولىدۇ. يې-
نىمدا ئەگەر ئۇ دىلبەرنى مەۋجۇت بول-
سۇن دېسەم، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەم-
مىسى نابۇت بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنى تەڭلا
قولغا كەلتۈرەي دېسەم، بۇ گوياكى سۆزۈك
مۇزدىن ئوت چىقىرىپ، شام يورۇتاي دې-
گەندەك گەپ بولىدۇ...». شاھ مەملىكەت
بىلەن خەزىنىگە كۆڭۈل بېرىپ، ئىشق-
مۇھەببەتنى تەرك ئېتىشكە باھانە ئىزدەش-
كە باشلىدى: «ئىشق بىلەن شاھلىق زا-
دى كېلىشەلمەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرى ئۇر-
غان ئىشق لاپلىرىغا سادىق بولالمايدۇ.
ئاشىقلار ئۆزلۈكىنى خالىسانە ھالدا يوقى-
تىشى كېرەك بولىدۇ. ئىشق ئوتى ئۇلار-
نىڭ بارلىقىنى ئۆرتىگەن بولىدۇ. ئۇلار
جاھان ئىچىدە يوقلىش ناغرىسىنى چې-
لىپ، ئىككىلا ئالەمگە پەشۋا ئۇرىدۇ. ئۇلار
يار مۇددىئاسى ئۈچۈن جان بېرىدۇ؛ يۈز
جېنى بولسىمۇ ھەممىسىنى يارنىڭ رىزا-
سى ئۈچۈن سەدىقە قىلىدۇ. ئۇلار ئىككى
جاھان مەملىكىتىنىڭ ھەممىسىنى يار ئۈ-
چۈن خالىس ۋەخپە ياكى نەزر قىلىدۇ.
شاھلار بولسا، يۇرت ئالماق ئۈچۈن يۈز
تۈمەن ناھەق قانلارنى تۆكۈپ سىياسەت
يۈرگۈزىدۇ. مەن ئاشىق دېگەن ئادەم
ئەگەر جاندىن كېچەلمىسە ئىشق ئۇلاردىن
ناھايىتى يىراقتۇر.» شاھ يۇقىرىقىدەك خى-
ياللار بىلەن بىئارام ئىدى.

ئەلقىسسە شاھ بەھرام ھەم بۇ خىل
خىياللار بىلەن، ھەم توختاۋسىز ئەيش-
ئىشرەتلەر بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇنىڭ
قىلىدىغىنى ھەممىشە شىكار قىلىش ۋە يار
قولىدىن شاراب ئىچىشتىن ئىبارەت ئىدى.
لېكىن ئۆز سەلتەنىتىنى ئويلىسا، شاراب
ئەمەس، قان يۇتاتتى. بىر كۈنى شاھ
شىكارگاھتا مەينىڭ ھارارىتىدىن شىركە-
يىپ بولۇپ، ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەمنىڭ

يېنىدا ئولتۇراتتى. شاھنىڭ يىراقتا تۇرغان
نـاھايىـتى چىرايلىق بىر ئۇچقۇر كىيىككە
كۆزى چۈشۈپ قالدى، ئۇ كىيىكنىڭ ھەرىـ
كىتى گوياكى بۇ پەلەك كىيىكنىڭ ھەرىـ
كىتىدىنمۇ تېز ئىدى. شاھ بەھـرام ئوق
ئېتىشقا شۇ قەدەر قادىر، ئوۋ ئوۋلاشقا بۇ
قەدەر ماھىر ئىدىكى، باشقىلار ئوۋنى قانـ
داق ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، شۇنـداق
ئۆلتۈرەلەيتتى. ئوۋ قىلىنىدىغان جانىۋارـ
نىڭ قايسى ئەزاسىنى نىشانلاپ ئاتسا، ئوـ
قى دەل شۇ ئەزاسىغا تېـگىـپ، ئـۇنـى
يىقىتاتتى.

ـــ ھەي پەرى، ـــ دېدى ئۇ گۈل يۈزلۈكـ
كە بەھرام، ـــ ئاۋۇ كىيىكنىڭ شۇنچە تېز. سۈرـ
ئەت بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆـ
رۈۋاتىسەن، ئەمـما سـەن ئـۇنى قـايـسى
يېرىگە دېسەڭ ۋە قايسى تەقلىدتە بۇيرۇـ
ساڭ، ئوق ئۈزۈپ، ئۇنى شۇ سۈپـەت ۋە
شۇ ھالەتتە ئۆلتۈرىمەن.

ئۇ شوخ گـۈل يـۈزلـۈكنىڭ نـاـ
زۇك خىيالى ئاجايىپ ئىشارەت بىلەن مۇنـ
داق ئىنچىكە سىرنى ئوتتۇرىغا قويدى ـ دە،
بەھرامغا:

ـــ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۈگۈرۈۋاتقان
ئىككى قولىغا بىر ئوق بىلەنلا ئىشكەل سالـ
غىن، ئۇ شۇ ھامان ئۆز ئورنىدا توختاپ
قالسۇن. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم ئوق ئېـ
تىش بىلەن ئۇنى ياخشى ھالاللاپ، يىراقـ
تىن بوغۇزلىغىن، ـــ دېدى.

شاھ بەھرام ئۇ سەنەمنىڭ ئارزۇسىنى
ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ سىرلـىـق
تېپىشمىقىغا دەرھال جاۋاب تـاپـتـى. ئۇ
نازىنىنىنىڭ سۆزىنى رەت قىلمايلا، ساداقـ
تىن ئوقنى ئېلىپ كىيـىككە قـارىـتـىـپ
بىرىنچى ئوقنى ئاتتى. بەھرام بۇ ئوق بىـ
لەن كىيىكنىڭ ئىككى قـولىنى تـىـكـىـپ
تاشلىدى. بىراق ئوقنى ئـۇستـخـانـدىن
ئۆتكۈزمەي، بەلكى تېـرە بىلەن سـۆڭـەك
ئارىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئوق كېيىكنىڭ ئىككى
قولىغا ئىشكەل بولۇپ، ئۇنى مەھكەم بـەند
قىلىۋالدى. كىيىك شۇ ئورۇندىلا توختىدى.
بەھرام ئاندىن كېيـىن چـوڭ باشـاقـلىق
ئوقتىن بىرنى ئالدى ـ دە، ئوقياسىغا ئايەت
ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتىپ، كىـيىكـنىڭ بوـ
غۇزىغا ئاتتى. كىيىك بوغۇزلىنىپ، قـېنى
راۋان ئاقتى. شاھ كىيىكنىڭ قولىغا ئىشـ
كەل سېلىپ، ئاندىن تەكبىر ئـېـيـتـىـپ
بوغۇزلاپ، ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئويلىغانلىرىـ
نىڭ ھەممىسىنى تولۇق بەجا كەلتـۈردى.
بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ، بەلكى بۇ پىرقىراۋاتقان



پەلەكنىڭمۇ قولىدىن كەلمەس
ئىدى. شاھ بەھرام بۇ ئىشلارنى ئورۇنداپ
بولغاندىن كېيىن، ئۆز نىگارىنىڭ تەھسىن
ۋە ئاپىرىن ئېيتىشىنى تەمە قىلىپ ئۇنىڭغا
قارىدى. ئۇ نىگار ھۆسىن - جامال بىلەن
شۇ قەدەر بىپەرۋا ئىدىكى، ناز ۋە ئىستىغـ
ـنا تەققەزاسى سەۋەبىدىن شاھنىڭ مەدـ
ـھىيە ۋە سانالىرى ئۈچۈن تىل ئاچمىدى
ياكى ئۇنىڭ قولىنىمۇ سۆيمىدى. پەقەت:

— ھەر كىشى بىر ئىشنى ئادەت قىـ
ـلىپ، داۋاملىق مەشىق قىلسا، ئۇنىڭ نەـ
قەدەر كامالەتكە يېتىدىغانلىقىنى كۆرۈڭ! —
دەپلا قويدى.

ئۇ نازىنىن شاھنىڭ بۇ ماھارەت ۋە
كامالىتىنى ياخشى دېمەي، بەلكى ئارمان
قىلغۇدەك ئىش قاتارىغىمۇ كىرگۈزمەستىن،
بۇنداق شوخ سۆزلەرنى بايان قىلغاچقا،
شاھنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەردى. ئۇ پەرى
چېھرىدىن ھېچبىر تەھسىن ۋە ئاپىرىن
سادالىرى ئاڭلىيالمىغاچقا، بەھرامنىڭ قاش
ياللىرىغا گىرە چۈشۈپ، قوشۇمىلىرى تۈـ
ـرۈلدى. شاھدىن غەزەپ ئالامەتلىرىنى كۆرـ
ـگەن دىلئارام بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش
ئۈچۈن:

— ئەي شاھىم، نېمە ئاچچىق بۇ؟
مەن خاتا گەپ قىلمىدىم. ئۆزۈڭ بىلسەن،
مەن چاڭ نەغمىسىنى تۈزگىنىمدە، كىشىـ
ـلەرنىڭ جان قۇشلىرى بەدەن قەپىسىدىن
چىقىش ئۈچۈن سايراپ كېتىدۇ. مەنمۇ
بۇ ئىشىمغا داۋاملىق تىرىشىپ مەشىق
قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئاستا - ئاستا كۆنۈـ
ـكۈپ، مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن. دېمەكچىـ
ـمەنكى، سېنىڭ بىر كىيىككە ئوق ئۈزگىـ
ـنىڭگە ئاپىرىن ئېيتاي دېسەم، بۇ ئۇنچىـ
ـۋالا مۇبالىغە قىلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەـ
ـمەس، — دېدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھنىڭ غەـ
ـزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ ياندى. بۇ ئىككى
سۆز شاھقا شۇ قەدەر قاتتىق بىلىندىكى،
ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى، بەلكى تامامى
ئىختىيارىنى قەھر - غەزەپ يالقۇنلىرى
ئىگىلىدى. شۇ تاپتا ھەرقانداق ئادەمنىڭ
ئاشۇ مەيداندا بولمىغىنى ئەلا ئىدى.

شاھنىڭ سەلتەنەت غۇرۇرى يۈزەگە
چىقىپ، ئۇنىڭ مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق
كۆزلىرىنى كور قىلىپ تاشلىدى. شاھ ئۇ
ئاي يۈزلۈكنى قەتل قىلىشنى، يەنى ئۇ زىبا
سەرۋىنى كېسىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بەزى
مەسلىھەتچىلەر: «بۇنداق زەئىپ بىچارىـ
ـلەرنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەـ
ـمەس» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. يەنە
بەزى كېڭەشچىلەر ئۇنى قەتلى قىلىشنىڭ ھەر
قىسما يوللىرىنى كۆرسەتتى. ئاخىر ئۇ
ئاي يۈزلۈكنى مەيىگە چىقىرىپ يىراق بىر
باياۋانغا ئېلىپ باردى. ئۇ باياۋاننىڭ
ھەربىر گىياھى گويا ئوققا ئوخشايتتى. ئەتـ
ـراپتا نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە سۇ يوق
ئىدى. جانىۋارلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىـ
ـدىغان زەھەرلىك گىياھتىن باشقا، ئۇ
يەردە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ نازىنىننىڭ
يىلاندەك ئىككى چېچىنى ئۆزىگە سىرتـ
ـماق قىلىپ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلىدىـ
ـدە، ئاشۇ باياۋانغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ
باشقىلارنى ئۆزىگە باغلىۋالغان چاچلىرى
ئاخىر ئۆزىگە سىرتماق بولدى.

ئۇنى ئېلىپ بارغۇچىلار ئۆز ۋەتىنىـ
ـگە قايتىپ، شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادىـ
ـشاھ بۇ چاغدا ۋەھشەتكە چۆمگەن ھالدا،
مەي ئىچىپ، بىھوش بولغانىدى. شۇ كۈنى
تاكى ئاخشامغىچە ئۈزۈلدۈرمەي شاراب

ئىچتى. مەستلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى.
بەلكى مەستلىك ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ،
تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى شاھ سارايغا نەزەر
سالدى. ئۇ جانىنىڭ راھىتى شاھ يېنىدىن
غايىب بولغانىدى. پادىشاھ سارايدىكىلەر-
دىن:

— ئۇ گۈزىلىم نەگە كەتتى؟ — دەپ
سورىدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى
قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىر
نەچچە خاس مەھرەملىرى يۈز بەرگەن ۋە-
قەنى بايان قىلغانىدى، شاھنىڭ كۆزىگە
بۇ يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولدى. ئۇ بېشى-
نى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا پاتتى، بارچە
قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ، كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزدى. شاھ بىلدىكى، ئۇ پەرىگە ئە-
جەلنىڭ شۇۋرغىنى يېتىپتۇ. «ھەي ئېست،
دېدى شاھ كۆڭلىدە نادامەت چېكىپ، —
ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز بېشىمنى كېسىپتىمەن،
ئەمدى دەرھال بېرىپ، ئۇ باياۋاننى بىر - بىر-
لەپ ئاختۇراي، ئۇ نىگارىم قەيەردە بولسا،
تېپىپ، ئۇنىڭغا بۇ جېنىمنى سەدىقە قىلاي.
ئەگەر تىرىك بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا
بولۇپ، جان بېرەي - دە، ئۇنىڭدىن كەچۈ-
رۈم سوراي؛ ئەگەر ئۆلگەن بولسا، ئۆزۈم-
گە تىغ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن
ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەي». بەھرام يۇقىرىقىدەك
خىياللارنى ئويىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ،
لېكىن تاجۇ - تەخت ۋە سەلتەنىتى ئالدىدا
نومۇس قىلىپ، ئۆلۈك ئۈچۈن يەر سۆيۈش-
نى بىجا كەلتۈرمىدى. بۇنداق قىلىشقا
ئۇنىڭ كۆڭلى قانچە زورلىسىمۇ، لېكىن
ئەقلى يول قويمايۋاتاتتى، ئەھلى خالايىق
ئالدىدىكى خىجىللىقىمۇ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق
قىلاتتى. شاھ بۇ ئىشقا ئەقلىنى قانچە بوي-
رۇسىمۇ، لېكىن ئەقىل خۇددى بىر ھوقۇق
ئىگىسىدەك بۇ ئىشنى كەسكىن رەت قىلاتتى،
شاھنىڭ كۆڭلى ئەقلىدىن ھېچبىر مەسلى-
ھەت تاپالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئىشق ئەقلى-
نىڭ بارلىق مەسلىھەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىن-
كار قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر چۈمۈلە
ئىككى ئەجدىھا ئارىسىدا قالغاندەك، شاھنىڭ
جېنى ئىككى بالا ئارىسىدا قىيىنىلىشقا باش-
لىدى. بۇنداق تىرىكنى يا ئۆلۈك دېگىلى
ياكى تىرىك دېگىلى بولمايتتى.

شاھ بەھرامنىڭ غەزەپ مەستلىكىدىن يېشىلىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغان-
غانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزى كۆرگەن قالايمىقان چۈشلەردىن پەرىشان بولغانلىقى،
بەلكى ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىدا قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقى، ئاندىن
بەھرام ئۆزىنىڭ ئۇ ئىپار ھىدلىق كېنىزىكىنى ئىزدەپ، باياۋانغا ئۆزى
كېتىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى تاپالماي، ئۆزىدىن كېتىپ قالغانلىقى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەب-
بەت ھەم مېھرى - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت
قىلىدۇ:

شاھ بەھرام شۇنداق ئەھۋالغا چۈ-
شۈپ قالدىكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ھالىغا گاھ
يىغلىسا، گاھ كۈلەتتى. ئۇ ئىككى كۈنگىچە

هوشنى يوقاتـقان هـالـدا ياتـتى. ئۇنىڭ
كۆڭلىدە يۈزلىگەن ئوتلار يالـقۇنجايـتتى،
جېنىغا بولسا ھىجران ئوقلىرى قادالغانىدى.
بەھرام ئۈچىنچى كۈنى هـوشىغا كەلـدى.
بەھرام ئۈچۈن يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بول-
غانىدى. ئىشق لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ،
ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىنى ئىشغال قىلغانىدى.
گوياكى پايدا كۆزلەپ سۇغا كىـرىپ، بار-
يوقى دەريادا غـەرق بولۇپ تـوگەشـكەن
سودىگەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ تەمە مەملىكە-
تى ئاۋات بولۇش بىلەنلا، كۆڭۈل مەملىكە-
تى بەربات بولدى. بۇ خۇددى ئۈزۈن يىل
ئەجىر قىلغان باغۋەن ئەمدى مېۋىگە ئې-
غىز تېگەي دېگەندە چاقماق چۈشۈپ، دە-
رەخ شاخلىرىنى سۇنـدۇرۇپ تاشلىغانـدەك
ئىش بولدى. شاھ بەھـرامـنىڭ ئىچىگىمۇ
شۇنداق چاقماق چۈشتىكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل
ۋۇجۇدىنى ئوت ئىچىگە غـەرق قىلىۋەتـتى.
ئۇنىڭ باشلىرىدىكى تاجىنىڭ ئورنىنى ئۇ يا-
قۇت لەۋلىك گـۈزەلنىڭ ئىشتىياقى ئىگىلى-
دى. پـەلەك بەھـرامـنىڭ باشـلىرىغا تاش
ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۇرتىنى قوغ-
داش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تىغلىرى ئەمـدى
ئۆز كـۆكسىنى يارا قىلىشـقا باشـلىدى. بۇ
تەتۈر پەلەك بەھرامنىڭ ئۆز كـۆزىنى رو-
شەن قىلىش ئۈچۈن ئەكەلگەن سـۈرمـىنى
ئۇنىڭ كۆزىگە نەشتەر قىلدى. شاھ بەھرام
ئۆز ئەھۋالىغا نەزەر سالـغىنىدا، شۇنـداق
ھالەتنى كۆردىكى، بۇ خىل ھالەتكە ھـېچ
كىشى دۇچار بولمىسۇن. ئۇنىڭ زار جىـسـ
مىغا ۋە خەستە كۆڭلىگە يـۈزلـگەن ئازاب
ۋە قىيىن ـ قىستاقـلار چـۈشكەنـدى. بۇ
مۈشكۈلچىلىك ئالدىدا ئۇنىڭ تېنى جېنىدىن،
جېنى تېنىدىن تويدى؛ كۆڭلى بولسا ئۆزى-
نىڭ جېنى ۋە تېنىدىن بىزار بولـدى. ئۇ-
نىڭ تېنى بۇ كونا پـەلەكـتەك بۈزۈلـدى،
جان رىشتىلىرى ئەسكى چاقنىڭ تاناپلىرى-
دەك ئۈزۈلدى. ئۇ خۇددى غۇڭۇلداۋاتـقان
چاقتەك توختىماي پىغان چېكەتتى. ئۇنىڭ
سۆڭەكلىرى گوياكى چاق پارچىلىرىغا ئوخ-
شاش بىر ـ بىرىدىن ئايـرىـلغان، هـىجران
دەستىدىن جېنى ھەلقۇمىغا يەتكەنىدى.
ئاخىر، بەھرام ئىختىيارسىز هـالـدا
ئورنىدىن تۇرۇپ باياۋان تەرەپكە يول ئال-
دى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ كۈمۈش بەدەنـلىك
گۈزەلنى ھايات ھالدا تاپالىسا، ئۇنىڭ ئۈ-
چۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ؛ ئەگەر ئۆلۈكىنى
تاپسا ماتىمىنى تۇتۇپ، غەم ۋە ئەلەمـلىك
يىغا ـ زارىنى باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ سەرۋى
بويلۇق نازىنىنىڭ جەسـتىنى سانـدۇقـقا
سالىدۇ ـ دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ يولىدا هـالاك
قىلىپ، يىغا ـ زارىدىن بىراقلا خالاس تاپى-
دۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ گۈزەلنىڭ خىلۋەت-
خانىسىدا بىللە بولىدۇ، ھىجران ئازابىدىن
بىر يولى قۇتۇلىدۇ. شاھ بەھـرام شۇنـداق
خىياللار بىلەن بارچە دەشت ـ باياۋانلارنى
كەزدى. بىراق ئۇ گۈزەل سەرۋىنىڭ جەسە-
تىنى تاپالمىدى. چۈنكى سەرۋىنىڭ جىلۋە
قىلىدىغان ئورنى گـۈلـستاندۇر، بولۇپـمۇ
بۇنداق گۈل يۈزلۈك سەرۋى چـۆل ـ بايا-
ۋانلاردا نـېمە قـىلسۇن؟ سەرۋى دېـگەن
ئەلۋەتتە بوستان سەۋداسىدا بولىدۇ ـ دە!
بەھرام ئۇ ئاي يۈزلۈكنى تېپىشتىن
ئۈمىدسىزلىنىپ، يۈزلىرىگە كاچات ئۇرۇشـقا
باشلىدى. ئۇ گوياكى شىرىـنىنى تاپالـمىغان
پەرھادتەك نالە ـ پەرياد قىلاتـتى؛ ئاغـرىق
دەستىدىن هوشىنى يوقاتقان كىشىدەك ئۆ-
زىنى يەرگە تاشلاپ، چالا بوغۇزلانغان كې-
يىكتەك تـولغىناتتى. ئۇ قان ـ ياشلىرىنى
شۇنداق تۆكتىكى، بۇ پـەلەك گـۈمبىزىنىڭ

ئۇچى قان بىلەن توشتى. «ئۆز جېنىمغا جاپا سېلىپ، ئەمەس ئىشنى قىپتىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىغان هالدا. — هېچ كىشى ماڭا ئوخشاش ئۆز كۆكسىنى ئۆزى چاك، ئۆز جېنىنى ئۆزى هالاك قىلماس. هېچكىم ئۆز بوغۇزىغا ئۆزى تىغ سۇرمەس، هېچ ئىنسان ئۆزىنىڭ يېنىۋاتقان ئۆمۈر شامىنى ئۆزى پۇلەپ ئۆچۈرمەس. چۈنكى بۇ ئادەم بالىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇ ناتۋان جىسمىمنى شۇ تاپتا ئۇ جانان ئۈچۈن بەدەل قىلسام، بۇ خەستە جىسمىم ئۇ جېنىم ئالدىدا بەدەل بولۇشقا ئەرزىمەدىكىن؟ ئەگەر تېنىمنى يۈز پارە قىلمىغان تەقدىرىمدىمۇ، بۇ دەردتىن ئاخىر هالاك بولمەن، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان ئەهۋال ئاستىدىمۇ، ئاخىر يەنە ئۆزلۈكمدىن نابۇت بولمەن. چۈنكى بۇنداق بالا ـ قازاغا جاهاندا هېچكىم دۇچار بولۇپ باقمىغان.» بەهرام شۇ خىياللاردىن كېيىن پەلەككە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلدى:

— هەي پەلەك، سەن ئاخىر مېنىڭ بېشىمغا نېمە كۈنلەرنى سالدىڭ؟! سەندە بىر زەررىچە مېهىر ـ شەپقەت دېگەن يوقكەن. مېنىڭ ئىشلىرىمدا شۇ دەرىجىدە رەهىمسىزلىك قىلدىڭكى، مېنىڭ روزىگارىمنى قارا قىلدىڭ. ئەگەر سەندە مېهىر ـ شەپقەتتىن قىلچىلىك نىشانە بولغىنىدا ئىدى، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئۈنچىلىرى بۇنداق چېچىلمىغان بولاتتى. سەن ئۆزۈڭنىڭ رەهىمسىزلىكىڭ تۈپەيلىدىن چېهرىم قۇياشىنى نابۇت قىلىپ، كۆز ياشلىرىم يۇلتۇزلىرىنى توختاۋسىز تۆكتۈڭ. دۆلتىم سۇبهىسىنى زاۋالغا ئېلىپ كەلدىڭ. بەختىم قۇياشىنى يەرگە پاتۇردۇڭ. ئەمدى جېنىمنىمۇ ئالغىن! چۈنكى ئۇ جانان يەر قەرىگە كېتىپتۇ. جانانىسىز بۇ جاهاننى، بەلكى جاهان بىلەن جاننى نېمە قىلىمەن. تاپىنىلىق جېنىمنىمۇ ئالغىن، بۇ جاندىن تويدۇم، كۆڭلۈمنى ئۆلۈمگە ئاتاپ قويدۇم. بۇ جاهاندا مېنىڭ بۇ جانانىسىز جېنىم بەئەينى جانسىز بەدەننىڭ ئۆزىدۇر. جانسىز بەدەننى يەر قوينىغا دەپنە قىلىغان ئەلادۇر.

بەهرام ئەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن دەشت ئىچىگە ئوتلارنى سالاتتى. ئۆز جېنىنى غەم لەشكىرىگە پايىمال قىلىپ، تەخت ۋە دۆلىتىنىمۇ ياددىن چىقارغانىدى. ئۇ باياۋاندا ۋەهشىي هايۋانلار ئارىسىدا ئورۇن تۇتتى، شەهەر ۋە مەملىكەتتى بىلەن كارى بولمىدى. چۆللەردە كېزىپ يۈردى. بىر شەهەرنىڭ خەلقى بەهرامنىڭ باياۋانلاردىكى بۇنداق ئېچىنىشلىق هالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن دىشۋارچىلىقلارنى بىلدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق ئىچىگىمۇ ئاجايىپ بىر هاياجان چۈشتى. ئۇلارمۇ ئۆززىنىڭ جاي ۋە مەنزىللىرىنى تاشلاپ، شاھ بەهرامغا ئوخشاش دەشتلەردە ۋەتەن تۇتتى.

قۇياش يۈزىنى دىلئارامغا ئوخشاش يوشۇرغان هامان، پەلەكمۇ كۆز ياشلىرىنى بەهرامدەك چاچتى. هىجران تۈنىدىن بىچارە ئاشىق ئازاب چەككىنىدەك، پەلەككە تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن ئازار يەتتى. بەهرامغىمۇ قاراڭغۇ كېچىدىن شۇنداق دەرد ـ ئەلەملەر يەتتىكى، بۇ ئالەم ئۇنىڭغا تارچىلىق قىلدى. ئۇ غەم ۋە قارا قايغۇلارغا دۇچار بولۇپ، بۇ ئالەمدە غېرىبلىق ئىچىدە قالدى. هىجران تۈنىدىن پۈتكۈل ئالەمنى زۇلمەت قاپلىدى. بۇنداق زۇلمەت ئىچىدە ئابىهاياتقا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ يەردە ئەگەر مىڭلارچە خىزىر پەيغەمـ
بەر ماكان تۇتقان تەقدىردىمۇ، ھەممىسىنىڭ
جىنىغا ھالاكەت يېتەتتى. بۇ پەلەك گۇمـ
بىزىنىڭ ئىچىنى سېسىق پۇراقلار قاپلاپ،
خالايىقنىڭ نەپەس يوللىرىنى بوغۇپ قويـ
دى. بۇنداق ئورۇندا خىزىرمۇ ھالاكەتتىن
قۇتۇلالمايدۇ. بۇ زۇلمەتلىك تۇن ئەمەس،
بەلكى ھىجران ئوتىدىن جاھانغا تولغان
تۇتۇن ئىدى. جانغا ھىجران ئوتى تۇتاشـ
قىنىدا ئۇنىڭ ئىس ـ تۇتەكلىرىدىن جاھان
قاراڭغۇ بولىدۇ. ئەگەر سەن ھىجران ئوتىـ
غا ئوتۇن ئىستىمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا
ئاشىقلارنىڭ زەئىپ جىسمىدىن باشقا ئوـ
تۇن يوقتۇر. ئاشىقلارنىڭ تېنى ئۇ ئوتقا
ئوتۇن بولغان يەردە، ئۇ ئوتنىڭ تۇتۇنىمۇ
ئاشىقلارنى ھالاك قىلسا، ھەيران بولماڭ.
چۈنكى تەننى كۆيدۈرگەن ئوتنىڭ تۇتۇنىـ
مۇ نەپەسنى بوغۇپ ھالاك قىلسا، ئەجەبـ
لىنەرلىك ئەمەس. شاھ بەھرام ھىجران
ئازابىغا مۇپتىلا بولدى، بۇ كېچە ئۇنىڭ
جېنىغا ئاجايىپ بىر بالا بولدى. خالايىق
ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئاق ئۆي ۋە
سەھرا پەردىلەرنى تىكتى. ئۇ ئۆز ئەترا-
پىدىن خالايىقنى يىراق سۈرەتتى. ھىجـ
ران كېچىسى ئۆز خاسىيىتىنى كۆرسەتكىنـ
دە، بارچە خەلق ھەيران بولدى. ئۇلار
ھەر بىرى بىر تەرەپتە پىنھان ئورۇن
تۇتۇشتى. يېقىن ـ يورۇقلار كۆز يېشى
قىلىشتى. باشقىلار بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ،
پىكىر ـ خىياللارغا پاتتى. ئۇلاردىن بىرى:
«شاھنى ئەھرىمەن دىۋە ئۇرۇپتۇ» دېسە،
يەنە بىرى: «بۇ ئىش پەرىزادنىڭ كارامىـ
تىدىن بولغان» دەيتتى؛ شۇنداق قىلىپ
ئۇلار ھەر بىرى بىردىن ئەپسانە سۆزلەيتـ
تى. شاھ بەھرام سەۋدا بولغانىدى. ئاخىر
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلدى. بىراق
ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كۆيۈش، ئۆرتىنىشلەر ئىچـ
دە قالدى. پىراق ئوتىدا ئۇ تېخىمۇ بىتاـ
قەت ۋە بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

ھىجران كېچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقى، ئۇ كېچىدە بەھرامنىڭ جېنىغا غەم
لەشكەرلىرىنىڭ شىبىخۇن (كېچىلىك ھۇجۇم) لىرى يەتكەنلىكى، ئۇ شىبىخۇن ئەھـ
لىنىڭ جان ۋە كۆڭلىنى بەھرامنىڭ ئەسىر ئەتكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسىرـ
لەرگە ئوخشاش يىغا ـ زارە بىلەن ھوشىدىن كەتكەنلىكى، دۆلەت ئەرـ
كانلىرى ئۇنى بالا دەشتىدىن نىجاتلىق شەھىرى تامان ئېلىپ
ماڭغانلىقى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇـ
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق ـ مۇھەبـ
بەت ھەم مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىـ
ۋايەت قىلىدۇ:
شاھ بەھرام شۇ كېچىسى قۇلۇنلارنىڭ
ماكانىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ كونا دۇنيا ئۇـ
نىڭ كۆز ئالدىدا قاپقارا رەڭ ئالدى. پەـ
لەك چاقى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە باشـ
ئايىغى يوق ھالدا چۆرگىلەيتتى. شاھقا
ھىجران ئوتى شۇ دەرىجىدە تۇتاشتىكى،
ئۇنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى يەتتە قات

ئاسماندىن ئېشىپ، بۇ ئايلانغۇچى پەلەكتەك
سەرگەردان بولدى. ئۇنىڭ قان - ياشلىرى
شەپەق رەڭگىنى نامايان قىلدى. كۆز ياش-
لىرىنىڭ سېلى ئۇيقۇ لەشكىرىنى ھالاك
قىلدى. ئۇنىڭ جىنىدىن ھىجران ئوتى
يالقۇن تىللىرىنى چىقىراتتى. بۇ ئوتنى
كۆز ياشلىرى سېلى بىلەن قانچە ئۆچۈرسە-
مۇ يەنە تىل سوزاتتى. ئىشق ئوتى ئۇنىڭ
كۆڭلىدىن خۇشاللىقنى تارتىۋالدى، كۆز
ياش سۇلىرى ئۇ ئوتقا ياغ ئورنىدا بولات-
تى. شاھ ئۈچۈن بۇ ئوت بالا - قازا لەشكىرى،
كۆز ياشلىرى بولسا ئاپەت سېلى بولدى. شاھ-
نىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىگە غەم ۋە ئەندىشە قو-
شۇنى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تالان - تاراج قىلدى.
شاھنىڭ بىتاقەتلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى.
ئۇنىڭدا بارا - بارا ھېچ كىشىگە ھۆكۈمران-
لىق قىلغۇچىلىك ماجال قالمىدى. يارنىڭ
ھىجران ئازابى ئۇنىڭ مىجەزىنى شۇ دەر-
جىدە بۇزغان ئىدىكى، بۇنىڭغا ھېچ يار ۋە
غەمگۇزارلار ئىلاج قىلالمايتتى. شاھنىڭ
خەلقتىن جېنى قىسىلىپ، بىر خىلۋەت
ئۆيگە كىردى - دە، ئىشىكنى ئىچىدىن تېز
ئېتىۋالدى. ئاندىن ئۇ قىقاس - چۇقان
كۆتۈرۈپ، شۇ قەدەر ئاھ - ۋاھ چەكتىكى،
ئۇنىڭ نالە - زارىدىن بۇ جاھان ئىچىگە
گوياكى بىر بالا - قازا چۈشتى. شاھ ئۆز
تېنىگە تەستەكلەر ئۇراتتى. ئۆز جىسمىغا
ئۆزى زۇلۇم سېلىپ، بەدەنلىرىنى چىشلەپ
ئۈزۈۋالاتتى. ئۇ بېشىنى يەرگە شۇنچىلىك
ئۇردىكى، ئۇنىڭ بېشىدا بىر تال تۈكمۇ
سالامەت قالمىدى. ئۆز بېشىنى ئۆزى پارە-
پارە قىلدى؛ ئۇنىڭ پارىلىرى بېشىدىكى
تۈكلەرنىڭ سانى بىلەن تەڭلەشتى. ئۇ
ئۆزىنىڭ دەردتىن تۇپراققا ئايلانغان تېنىنى

چاڭ - توزان قىلدى. ياق، چاڭ - توزاڭ
ئەمەس، بەلكى دەرد - ئەلەم تېغىغا ئايلان-
دۇردى. ئۇ ئۆز تېنىدىن پارچىلارنى ئۈزۈپ
ئالغاندا بۇ مەنزىرە گوياكى دەرد - ئەلەم
بېغىدا ئېچىلغان لالىزار گۈللەرنى ئەسكە
سالاتتى. يېرىم كېچىگىچە ئىش مۇشۇنداق
ئۆتتى. ئۆز تېنىنى ئۆزى چىشلەپ، ئۈزۈپ
ئېلىپ نالە - پەريادلار چەكتى. ئۆزىگە بۇ
قەدەر جەۋر - جاپالارنى سېلىۋېرىپ ئاخىر
بەدەنلىرى بوشاشتى، قولىمۇ تالدى. ھىجران
ئۇنىڭ جىسمىنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى، تەل-
پۈنۈۋېرىپ ھېرىپ كەتتى. ئاخىر ئارام
ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ جېنىغا يەنە دىلئارام-
نىڭ ئوتى چۈشۈپ قايتىدىن يىغا - زارە
قىلىشقا باشلىدى. يارنىڭ يادى پىكرى ئۇنىڭ
سىردىشى ئىدى. يارنىڭ قارا چاچلىرى ئۇنىڭ
بېشىغا قارا ماتەملەرنى سالدى، بەھرام ئۆز
بېشىنىڭ تۈكلىرىدىنمۇ كۆپ قارا قايغۇلارغا
گىرىپتار بولدى. ئۇ يارنىڭ خىيالى بىلەن
كۆيۈپ، پۇچۇلىناتتى، چۈنكى پىراق ئۇنىڭ
جىسمىنىڭ چاقىغا يۈزلىگەن تاناپلارنى سال-
غانىدى. يارنىڭ قاشلىرى ئىشتىياقىدىن،
بەھرامنىڭ زەئىپ قامىتى ھىلال ئايدەك
ئېگىلگەنىدى. ئۇ ئۇلاشما ھىلال قاشلارنى
ئەسلەپ، شاھنىڭ تېنى ھىلالدەك خەستە
بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خىيالىغا كەل-
تۈرگىنىدە، شاھنىڭ كۆڭۈل باياۋىنىدا
يۈزلىگەن ئەندىشە قۇلۇنلىرى ھەر تەرەپكە
يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ جېنى گوياكى بۇغۇز-
لانغان كىيىكتەك بولغانلىقتىن، بۇ تۇراقسىز
پەلەك ئۇنى «بەھرام گور»دەپ ئاتىغانىدى.
ئۇ گۈزەلنىڭ ھىندى سۈپەت قاپقارا كىر-
پىكلىرىنى ئويلىسا، شاھنىڭ باغرىغا يۈزلىگەن
ئوقلار سانجىلىپ، ھەربىر ئوق يۈزلىگەن
جاراھەتلەرنى پەيدا قىلاتتى. بۇ ئوقلارنىڭ

ھەممسى ئاھ ئۇتسنىڭ تۆتەكلىرى بىلەن
قارىيسپ كەتكەندى. شاھ ئۇنىڭ چىرايىنى
ئەسلەپ ئاھ تارتقىنىدا، پەلەكتە قۇياش
بىلەن بىللە ئۆرتىنەتتى ۋە كۆزىدىن گۇل رەڭ
قانلىق ياشلىرىنى شۇنداق ئاقۇزاتتىكى،
ئالەمنى قىزىللىق قاپلاپ، ئاي بىلەن قۇياش-
مۇ شەپەق ئىچىگە غەرق بولاتتى. يار چېھرى-
دىكى ئاشۇ خال شاھىنىڭ كۆز ئالدىدىن
كېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى كۆزى
ئىچىدىن چىقىپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇنىڭ
كۆزلىرىنى كور قىلىپ، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ
ئۈستىدە گىرىلدىشاتتى. يار لەۋلىرىنىڭ
ئىشتىياقىدا، شاھنىڭ جېنى چىقىپ كېتىۋا-
تاتتى، كۆزىنىڭ قان-ياشلىرىدىن دەشتلەرنى
ياقۇت رەڭگىدە قىلىپ، بەلكى ھېقىق ۋە
مارجانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. شاھىنىڭ
كۆڭۈل ۋە جېنى بۇ ئىشتىن زىيان تارتىدىغان-
لىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ پەرىنىڭ ئېغىزىدىن
بىر زەررە مەلۇم قىلمايتتى. ئۇ ئېغىز شاھنىڭ
كۆز ئالدىدا گوياكى بىر مەۋھۇم چېكىتتەك
نامايان بولاتتى-دە، يوقلۇق دۇنياسىدا
شاھنىڭ كۆڭلىگە يۈزلىگەن ۋەھىمىلەر چۈ-
شەتتى، شاھ ئۆزىنى ئۆلۈم ئىچىدە گۇم قىلاتتى.
ئۇنىڭ چىشلىرىنى ئۈنچە تىزىقلىرى شەكلىدە
خىيال قىلغان شاھ ئۆزىنىڭ كۆزىدىن ئۈنچە-
دەك ياشلارنى تۆكەتتى. بۇ ئۈنچىلەرنى
ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بېشىغا ئۆلۈم مۆلدۈرى قىلىپ
ياغدۇراتتى. شاھ ئۇ گۈزەلنىڭ ئاۋازىنى
ئەسلەپ شۇنداق پەرياد-پىغانلارنى چېكەت-
تىكى، ھەر كىم ئۇنىڭ ئۈنىنى ئىشتسە،
ئۆلۈپ بولۇپ يەنە تىرىلەتتى. ئۇنىڭ
زىناقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە،
شاھنىڭ كۆڭلى ئۇ زىناق قۇدۇقلىرىنىڭ
ئىچىدە قامىلىپ قالاتتى، شاھ ئۆزىنىڭ
جان رىشتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاناپ،

قىلىپ، ئۇ يەردە ئىزتىزاپقا چۈشكەن كۆڭ-
لىنى تارتىماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ زىبا
بويلىرىنى خىيال قىلسا، شاھ ئۇتلۇق
ئاھلارنى چېكەتتى. شاھنىڭ ئۆمۈر كۆچىتى
بۇ ئاھ ئۇتلىرىنىڭ ھارارىتى بىلەن قۇرۇپ
قاقشال بولاتتى-دە، روھ-جان، سەرۋى-
بوستان دېگەنلەرنى يادىدىن چىقىراتتى.
ئۇنىڭ زىلۋا بەللىرىنى ئويلىغىنىدا، شاھنىڭ
جىسمى قىلدەك جانسىز بولاتتى. ئۇنىڭ
چاچلىرى شاھنىڭ كۆز ئالدىدا قارا يىلاندەك
نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ كۆمۈشتەك ئاپئاق
بەدەنلىرى شاھىنىڭ كۆڭلىگە يۈزلىگەن
ئوتلارنى سېلىپ، كۆمۈش رەڭ ياشلىرىنى
كۆزلىرىدە سىماپتەك زاھىر قىلاتتى. شاھ
كۆزلىرىدىكى بۇ كۆمۈش ئېرىتمىلىرىنى
بارچە ئالەمگە يامغۇردەك چاچاتتى. بەھرام
ئۇ گۈزەل چالغان چاڭنى خىيالىغا كەلتۈر-
گىنىدە، زەئىپ جىسمىنى نالىزاردىن
چاڭدەك ئېگەتتى؛ بۇ چاڭغا جان رىشتىسىنى
تار قىلىپ سالاتتى؛ كۆڭلىگە ھاياجان ئوت-
لىرى چۈشۈپ، چاڭ ساداسىدەك مۇڭلۇق
ئاھ-پىغان چېكەتتى. ئەمما شاھ بۇنچىلىق
بىلەن ئۆز كېسىلىگە ھېچبىر شىپا تاپالمايتتى.
بۇنىڭدىن ئۆزىگە دەرد تاپسا تاپاتتىكى، داۋا
تاپالمايتتى. بۇ دەرد-ئەلەملەردىن شاھنىڭ
ئاغرىقى تېخىمۇ كۈچىيەتتى، ئىشق
كېسلى بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە قوزغىلاتتى.
كۆزلىرى قان-ياشلىرىنى تۆكۈپ ھېچ
قانمايتتى. شاھ ئۆز ئۆزىدىن بىخەۋەر ھالدا
ھە دەپ نالە قىلاتتى: «ئەي تەڭرىم، بۇ
نېمە ئىش؟! مەن تۈگىمەس دىشۋارچى-
لىقلارغا قالدىم، ئۆز ۋاقتىدا مەن ئەجدىھا
سۆھبەت كىشىلەرنى چۈمۈلىدەك ھالەتكە
چۈشۈرۈپ قويغانىدىم. ئەمدى ئىشق ئەجدىھا-
سى غالىب كېلىپ، بۇ ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى

تېنىمنى چۇمۇلە سىياقىغا كەلتۈرۈپ
قويدى. زۇلۇم ۋە ئادالەتلىرىم ئالدىدا
شىر - قاپلانلار ئاجىز كەلگەن شاھ بەھرام
مەن ئىدىم. ئەمدى دەرد ۋە ھىجران ماڭا
ئارسلانلىق قىلغىنىدا، مەن يېرىم جانلىق
قۇش بولدۇم. ئەينى چاغدا شۇقەدەر
ھەيۋەتلىك جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈپ، ئۆ-
زۈم يالغۇز چىن - خىتاي لەشكەرلىرىنى
تىرىپىرەن قىلغان شاھ بەھرام مەن
ئىدىم. ئەمدى ئىشىق ماڭا ئۆچ - ئاداۋەت
جېڭىنى شۇنداق تۈزدىكى، سەۋر - تاقىتىم
لەشكىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى.
ئەسلىدە مېنىڭمۇ ئەقىل - ھوشۇم بار ئىدى،
ھەرقانداق غەم - ئەندىشە ۋە خېيىم - خەتەر-
لەر ئالدىدا چىداملىق ۋە تەمكىن ئىدىم،
ئەمدىلىكتە ئىشىق پۈتكۈل بالا - قازا قوشۇنى-
نى قوزغاپ، ماڭا سالدى. ئاھىم ئوتلىرى-
دىن چىققان تۈتۈننى ئېيتايمۇ، ياكى بۇ
قاراڭغۇ تۈننى ئېيتايمۇ؟! مۇنداق ئۇزۇن
تۈننى كۆرۈپ باققان كىشى بارمىكىن، غەم
كۈنلىرىنىڭ مۇنداق قاراڭغۇ كېچىسىدە
قالغان يەنە بىرى بارمىكىن؟! بۇ كېچىنىڭ
قاپقارىلىقى ھەم ئۇزۇنلۇقى، ھەم كۆكۈللەرنى
سىرتماق سېلىپ باغلاشلىرى بەئەينى ئۇ
ئاي يۈزلۈكۈمنىڭ چاچلىرىنىڭ ئۆزى ئىكەن
ئەمەسمۇ!؟ خەستە كۆڭلۈم ئۇ گۈزەلىمنىڭ
ئالدىدا قان بولدى. كاشكى، مەن قان ئىچى-
دە بولسامۇ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولسام
ئىدىم، بۇ كېچە مېنى بۇيەردە ئىنتىزار
قىلسا، بىچارە كۆڭلۈمنى ئۇ يەردە خارۇ-
زار قىلدى. ماڭا بۇنداق قاراڭغۇ گۆردەك
تۈندىن كۆرە ئۆلۈم ياخشىراق ئىدى، بۇ
جاپاكار پەلەك مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن
ئاداۋەت قىلىچىنى قولىغا ئالدى، ئەمما مېنى
تىرىك تۇرغۇزۇپلا گۆرگە سالدى. بۇنداق
قىلغۇچە بېشىمغا تىغ سۇرسە، بېشىمنى
تېنىمدىن ئۈزۈپ چۇشۇرسە ئىدى، كاشكى!»
بەھرام لەشكەر ۋە قوۋۇملىرىغا قاراپ
يەنە نالە - زار بىلەن خىتاب قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي لەشكەرلىرىم، ئالدىمدا بەندە
بولۇپ، پەرمانىمغا باش ئەگكەن ئىدىڭىز.
ھەممىڭىزلەردە نازۇ - نېمەتلىرىم ھەققى بار
ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان يۈزلەرچە ھەققىياتىم
بار. ئۆز ۋاقتىدا ماڭا خىزمەت قىلىپ جەڭلەر
قىلىش ھەققىدە لاپ ئۇراتتىڭىزلار. ھازىر
قىلىچىڭىزلار سۇنۇپ كەتتىمۇ، قولىڭىزلاردىن
ھېچ ئىش كەلمەمدۇ؟! مېنىڭ يۈزمىڭلىغان
بالا - قازالار بىلەن ھەر نەپەستە بىر ئۆلۈپ
تىرىلىۋاتقانلىقىمغا قاراپ تۇرماڭلار. تىغ
بىلەن كۆكسۇمنى يېرىپ، بىر - ئىككى زەربە
بىلەنلا مېنى ھالاك قىلىڭلار، جىسمىم
قەپىسىدە قىينىلىۋاتقان بۇ ناتىۋان جېنىمنى
قۇتقۇزۇڭلار! مەن ئۇنىڭغا قېنىمنىلا ئەمەس،
يۈز جېنىم بولسىمۇ تۆلەم قىلىپ بېرىشكە
رازىمەن. ھەي مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانچىلىق
يوقمۇ، دوستلارنىڭ دوستلۇقى تۈگىدىمۇ؟!
مېنىڭ دادىمغا يېتىپ، مېنى بىرلا ئۆلتۈ-
رۈڭلار - دە، مىڭلىغان ئۆلۈمدىن مەن بىچا-
رىنى بىراقلا خالاس قىلىڭلار!

شاھ بەھرام شۇ يوسۇندا يىغا - زارە
قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە قانلىق تۇپراق ئۈستى-
دە پۇچۇلاندى. سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ
قۇشلىرى سايراشقا باشلىغاندا، شاھ بەھرام
ھوشىدىن كەتتى، ئۇ ئەس - ھوشىنى شۇ
دەرىجىدە يوقاتتىكى، كىشىلەر ئۇنىڭدا جان
يوق دەپ گۇمان قىلىشتى. پەلەك شۇ قاتار-
لىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ بولغاندىن كېيىن
خالايىقلار ئارىسىدا قىقاس - چۇقان كۆتۈ-
رۈلدى. بەھرامنىڭ خىزمىتىدە بولغان شاھ-
لار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىپ

قۇللۇق ئىزھار قىلىشتى. ئۇلۇغ ـ ئۇششاق
بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز باشلىرىغا ئۇرۇپ
ساقاللىرىنى يۇلۇپ، ھەددىدىن زىيادە
بىقارار بولۇشتى، ئۇلار ھەممىسى مۇسىبەت ـ
دارلاردەك ماتەم ئىزھار قىلىشتى. ئاقىۋەتتە
ئۇلار تونۇپ يەتتىكى، يىغا ـ زارىدىن ئىش
پۈتمەيدۇ، مۇنداق قىلىش بىلەن چارە ـ
تەدبىر تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىر ئالىي
مەجلىس تۈزگەن مۇۋاپىق. ئۇلار مەجلىستە
ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن
ھەممىسى بىردەك ھالدا مۇنداق قاراشقا
كەلدى: شاھ بەھرام دېگەن بويىچە
داۋالىغاندا گەرچە بۇ كېسەل بىراقلا ساقاي ـ
سىمۇ، لېكىن تېۋىپ، ھۆكۈمالار بۇنداق
داۋالاشنى مۇناسىپ كۆرمەيدۇ، بۇ خىل
داۋا، بۇ خىل شىپانى ھېچ كىشى لايىق
تاپمايدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ شاھنى
مەپىگە سالدى ـ دە، باياۋاندىن شەھەر
تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. شاھنى شەھەرگە
ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن بىر گۈلشەن
ئىچىگە چۈشۈردى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى
ناھايىتى ياخشى ئىدى. بەھرامنىڭ جىسمى
كۆڭۈل ئوتلىرى بىلەن قايناۋاتاتتى. ئۇ
كەچ كىرگەندىن كېيىنمۇ ھوشىغا كەلمىدى،
سەلتەنەت تەختىنى شاھتىن خالىي كۆرگەن
ئەلنىڭ ئەھۋالى پىتنە ـ پاساتتىن خالىي
بولالمىدى.

**بەھرامنىڭ ئۆز پەرىسى ھىجرانىدا سەۋدايى بولغانلىقى، تېۋىپ-ھۆكۈمالارئۇنىڭ**
**پەرىشان خاتىرىگە شىپا ئىزدەپ، ئۇزۇن زامان تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى،**
**كۆپ چارە ـ ئاماللار ئارقىلىق ئاخىر بەھرامنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكى،**
**بەھرامنى ساياھەت قىلدۇرۇپ، سەۋداسىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، يەتتە**
**ئىقلىم سۇلتانلىرىنىڭ يەتتە ئالىي قەسىر بىنا قىلغانلىقى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار
ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەر ـ
گۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق ـ مۇھەببەت
ۋە مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەل ـ
لىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەز ـ
رىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت
قىلىدۇ:

شاھ بەھرام سەلتەنەت تەختى ئۈستىدە
ئولتۇرۇنلاشتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئەتىدىن ـ
كەچكىچە ئەقلىي ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە
ئىدى. ئۇنىڭ جىسمى ئۆلۈكتەك، سەلتەنەت
تەختى بولسا ئۇنىڭغا بىر تاۋۇتتەك بولۇپ
قالغانىدى، چۈنكى ھەرقانداق كىشى، مەيلى
ئۇ شاھلىق تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇن تۇتقان
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىۋەتتە يەنىلا ئۇ
تاۋۇت تاختىسى ئۈستىدە ئورۇن ئالىدۇ.

كەچ كىردى، تۈن لەشكەرلىرى
شاھ بەھرامنىڭ نېرۋىلىرىنى ھوشىغا كەل ـ
تۈرۈش ئۈچۈن، جاھانغا ئىپار پەردىسىنى
يايدى. شاھ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، بىردەم
خامۇش بولۇپ ياتتى. ھايال ئۆتمەيلا
يەنە ئۇنىڭ يارى يادىغا يېتىپ، پەرياد ـ
پىغان قىلىشقا باشلىدى. نالە ـ زارى يەتتە
قات كۆكتىن ھالقىدى. ئاھۇ ـ پەريادى
پەلەكتىن ئاشتى. ئۇنىڭ بۇ پەلەك گۈمبىزى
ئىچىدىكى «ئاھ خۇدا !......» دېگەن ئېچى ـ
نىشلىق ئاۋازلىرىدىن يۇلتۇزلار قوشۇنى
ئىچىگە قىقاس ـ چۇقانلار چۈشەتتى. ئۇ جان ـ

جەھلى بىلەن نالە-پىغان قىلاتتى. ئاھ-
پەرياد ئوقلىرىنى يۇلتۇزلار كۆزىگە
توختاۋسىز ھالدا ئاتاتتى. شاھ ئۆزىنى
خۇددى ئالدىنقى ئاخشامدىكىگە ئوخشاش
خاراب ۋە مۇشەققەت ئوتلىرى بىلەن
جىسمىنى كاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ
تېنى ھىجران ئوتلىرىدا قورۇلۇشقا، بۇ
كۆل رەڭ پەلەك ئۇنىڭ ئاھ-پەريادىنىڭ
بورانلىرىدا كۆلدەك سورۇلۇشقا باشلىدى.
تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇ تەرىقىدە
ئۆتتى. تاڭ شامىلىدىن ئۇنىڭ جىسمى
تېخىمۇ ھالسىزلىنىپ كەتتى-دە، يەنە
كەچكىچە ھوشسىز ياتتى. ئۇنىڭ جىسمى
ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە مايىل بولۇپ قالغانىدى،
ئۇنىڭ ھالى ئەنە شۇ خارابلىق ئىچىدە
نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تاقەتسىزلىكتىن
ئۇنىڭ جىسمىدا ماغدۇر قالمىدى، ئىشق
ئازابى بىلەن پىراق زۇلمى ئۇنىڭ ئەقىل-
ئىدرىكىنى ساق قويمىدى، ساغلاملىق ئۇنىڭ
مىجەزىدىن يوقالدى. ئۇنىڭ تاردەك جىسمى
ئازاب ئىچىدە ئۈزۈلەي دەپ قالدى. سۆيگۈ
سەۋداسىدىن ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ،
ئەقىل-ھوشى ساراڭلىققا ئالماشتى. ئۇ بىر
پەس ھوشىغا كەلسە، كۈنلەپ بىھوش
ياتاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ساغلام بولمىغاچقا،
يېمەك-ئىچمەكتىن قېلىپ، جىسمىدىن
قۇۋۋەت كەتتى. بىئاراملىق ۋە چۇقان-
سۈرەنلەردىنمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋاز چىقى-
رىشقىمۇ مادارى يەتمىگەنلىكتىن ھېچكىم
ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىيالمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا نالە-زار قىلغۇدەكمۇ كۈچ قالمىغانىدى،
سۆزلىرىدە ھوشىدىن ئەسەر يوق ئىدى.
ئۆز سۆزلىرىدىن ئۆزى بىخەۋەر ئىدى.
ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قوشۇنى ئىچىدىكى
بارلىق دانىشمەنلەر ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى
ئۈزۈپ، يىغا-زارە قىلىشاتتى. ئۇلار بۇ
ئىشقا ئىلاج تېپىلارمىكىن دەپ تەمە
قىلىشىپ، پۈتۈن ۋەزىر-ۋۇزۇرا، ئەمىر
ئۆلۈمالار يىغىنىنى ئېچىشتى. ئىلىم-ھېك-
مەتتە ماھىر تۆت يۈز نەپەر ھۆكۈمانى شاھنىڭ
تەختى ئالدىدا ھازىر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ
ھەربىرى تۈرلۈك پەنلەرنىڭ تەڭداشسىز
ئالىملىرى ۋە تىبابەت ئىلمىنىڭ ماھىر
ھېكىملىرىدىن ئىدى. ھۆكۈمالار تولۇق
يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ۋە
سەركەردىلەر ئارىسىدىن بىرى ئۇلارغا
مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

— شاھ بەھرام نەچچە يىلدىن بېرى
ھەر بىرىڭىزلارنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ
كەلدى. جانابىڭىزلار شاھنىڭ مەئىشەتلىرىدىن
مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىن پەر-
ۋىش تېپىپ ئۆسكەن؛ ئۇنىڭ ئىززەت-
ھۆرمىتىگە ۋە لۇتپۇ مەرھەمىتىگە كۆپ
ئېرىشكەن ئىدىڭىزلار. شاھ ئۆزىگە قاچانكى
بۇ تەتۈر پەلەكتىن ئاغرىق يەتكەندە، ھەر
بىرىڭىزلارنى چارە-ئامال قىلىدۇ دەپ
ئىشەنچ قىلاتتى. ئەنە شۇنداق كۈن مانا
ئەمدى يېتىپ كەلدى. قولىڭىزلاردىن
كېلىشىچە ئىلاجىنى قىلىڭىزلار. چۈنكى شاھنىڭ
جانابىڭىزلارغا كۆپ مېھرى-شەپقىتى بار
ئىدى، ھەرقايسىڭىزلارنىڭمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ
ھالدا خىزمەت كۆرستىغان پەيتى يېتىپ كەلدى.
ئەگەر شاھنىڭ دۈشمەنلىرى ھۇجۇم قىلغان
بولسا، بىزمۇ شاھ ئۈچۈن جان پىدا قىل-
غان بولاتتۇق. ئۇ ئىشتىن ھەرگىز ئۆزى-
مىزنى قاچۇرماي، جەڭ مەيدانلىرىدا جېنى-
مىزنى قۇربان قىلار ئىدۇق. بىراق شاھقا
بۇنداق كېسەل چاپلاشتى، بىز چارىسىز
قالدۇق. بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن
ھەرقايسىڭىزلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە

توغرا كېلىدۇ.

هۆكـۇمالار بۇ خىتابـنى ئاڭـلاپ بىر
پەس خىيالغا چۆككەندىن كېيىـــن ئۇنىڭ
جاۋابىغا ئېغىز ئاچتى:

— بۇ سۆزىڭىزلەر بەرھەق راســـت،
شۇڭـا بىز سىزلەرگە ئاپىرىـن ۋە باركاللا
ئېيتماي تۇرالمايمىز. لېكىن ئىشق - مۇھەبـ
بـەت بىلەن ئاغرىـغان كىـشىنى داۋالاش
ھېكىم ۋە تېۋىپلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئىشق
ئوتىدىن ئۆرلىگەن قىزىتمىنى كافۇر شىر -
نىسىدىن ئىشلەنگەن كاشكاپ بىلەنمۇ قاي -
تۇرغىلى بولمايـدۇ. ئىشـق ئوتى ھارارەت
سالغان يۈرەككە ۋىسال دەرياسىدىن قېنىپ
ئىچمەكتىن ئـۆزگە داۋا يـوق. شاھ ئەگەر
مىجەزى بۇزۇلۇشتىن ئاغرىغان بولســـدى،
ئۇنىڭ كېسىلى ھەرقانچە ئېغىر بولغان تەقـ
دىــردىمۇ، بىز ئۇنىڭغا تىبـابەت ئارقىلـىق
ئامال قىلىپ، ساقايتقان بولاتتـــۇق. بىراق
بۇ كېسەل ئىشق دەردىدىندۇر. ئىشق لا -
ۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت، ئۇنىڭ ئالدىدا
بىزنىڭ چارە - تەدبىرىمىز بىر خەس - خە -
شەكتىنلا ئىبارەت. بىز شۇنداقتىمۇ تەڭرىـ
گە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ ئاغرىقـنى ساقاي -
تىش ئۈچۈن تىرىشايلى، ئىمكانىيىتىمىزنىڭ
بارىچە ئىلاجىنى قىلايلى. شاھنىڭ ئەقىل -
ئىدرىكىنى ساغلاملىقـقا ئېرىشتـۈرۈش ۋە
تەبىئىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتكۈل
ماھارىتىمىزنى ئىشقا سالايلى، ئۇنىڭ مىجەزىگە
ساغلاملىق ئېلىپ كېلىدىغان مەشھۇر دورىـ
لارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتەيلى.

ھۆكۈمالار بۇ ئىشنى ئەنە شۇنـــداق
سۆزلەر بىلەن قوبۇل قىلىپ، شاھنى داۋا -
لاشقا كىرىشتى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دې -
مەي ئىشلەيتتى. شاھـنىڭ دەردىـگە داۋا
تېپىش ئۈچۈن، ھۆكۈمالاردىن يۈز كىشى
تەڭرىگە كېچە - كۈنـدۈز ئارام تاپماستىـن
تائەت - ئىبادەت قىلىپ، نەزر - سەدىـقىلەر
بېرىپ، شاھنىڭ ساقىيىشىنى تىـلەپ دۇئا
قىلىشقا باشلىدى. جىن - شاياتۇنلارنىڭ تە -
سىرى بولسا، تۈگىتىش ئۈچۈن يەنە يۈز كىشى
تۈرلـۈك ئاھاڭـلاردا ئەپسۇنـــلارنى ئوقۇپ
خىلمۇخىل تىل تۇمارلارنى يېزىپ، ۋەزىـ
پە ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا چۈشتى. يەنە يۈز
كىشى جىمىي ئۆتكەن ھۆكۈمالارنىڭ تەجـ
رىبە ھېكمەتلىرىنى توپلاپ، سىناق قىلىپ،
ھېكمەت كىتابلىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلـ
دى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تىبـــابەت
ھېكمەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، شاھــنىڭ
كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىـ
چە سايە - سەۋەب قىلىشقا باشلىـــدى. يەنە
يۈز كىشى بۇي - ئىسرىق سېـلىش ئۈچۈن
سەندەل ۋە ئۇدلارنى كەلتۈرۈپ، يېمەك -
ئىـچمــەك ۋە دورا - دەرمەكــلەرنى ياساپ
تەييارلاشقا، داۋالاش ئىشلىرىغا كېتەرلـىك
ئەسۋاب - سەرەمجان ۋە باشقا لاۋازىمەتلىكـ
لەرنىھازىرلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىبىلەنتۇتۇش
قىلدى. شاھبەھرامنىداۋالاشئىشلىرىغاتۇتۇش
قىلغان بۇ پاك دىيانەتكە ۋە مۇبارەك ئە -
قىل -پاراسەتكە ئىگە تۆت يۈز ھۆكـۈمانىڭ
پۈتكۈل يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق ئىدى.
بۇ تۆت يۈز ھېكىم يېمەك - ئىچمـــەك ۋە
ئۇخلاپ ئارام ئېلىـش دېگەنـنى ئۇنـتـۇپ
پۈتكـۈل چارە - ئامال ئەسلىھەلىرىـنى تەق
قىلىپ، ئىككى يىلغىچە قاتتىق تىرىشچانلىق
كۆرسەتتى. نەتىجىدە شاھنىڭ ئەھۋالى مە-
لۇم جەھەتتە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ھۆكۈ-
مالارنىڭ سان - ساناقسىز ھۈنەر ۋە ماھارەتـ
لەرنى كۆرسىتىشى ئارقىلىق شاھنىڭ سەۋ-
داسى سەل بېسىقتى؛ شىپالـىق دورىلار ۋە
پايدىـلىق تاماقـلاردىـن ئۇنىڭ جىسمىغا

كۆچ-قۇۋۋەت، ئىرۋىسىغا ئەقىل- ئىدراك پەيدا
بولۇپ، سالامەتلىك تەرىپىگە قاراپ يۈزلەن-
دى.

ئەلقىسسە، شاھ بەھرام شۈنچىلىك
شىپا تاپقاندىن كېيىن، ھېكىم - ھۆكۇمالار
بىلەن ۋەزىر ۋۇزۇرالار بۇ ئەھۋالنى ئارىغا
سېلىشىپ، مەسلىھەت قىلىشقا كىرىشتى:

— شۇنداق بىر ئىش قىلىش كېرەك-
كى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى سۆز جاۋاھىر-
لىرىنى تۆكۈپ، — بۇ ئىش بىلەن شاھنىڭ
سەۋدا كېسلى پۈتۈنلەي شىپا تاپسۇن.
بۇنداق ئىشلاردىن بىرى — قەسىر ۋە ئىمارەت
بىنا قىلىشتۇر. ئۇنى سەيلە ۋە تاماشا قىلى-
دۇرۇش شاھنىڭ سەۋداسىنى داۋالاشتا نا-
ھايىتى كۆپ نەتىجە بەرگۈسىدۇر. شۇڭا
ماھىر بىناكارلار خىلمۇخىل ۋە ئۆزگىچە
شەكىلدىكى گۈزەل قەسىر - ئىمارەتلەرنىڭ
لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقسۇن. بۇ ئىمارەت-
لەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ھەرقانداق سەۋ-
دايى ئادەم ئۇنى سەيلە - تاماشا قىلسا شى-
پا تاپىدىغان دەرىجىدە كۆركەم ۋە نە-
پىس بولسۇن.

ۋەزىر، ئەمىرلەر باشچىلىقىدىكى بار-
لىق دۆلەت ئەركانلىرى دەرھال ئىمارەت
ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىپ، كېرەكلىك ئەسلى-
ھەلەرنى تەييارلاشقا كىرىشتى. يەتتە ئىق-
لىمنىڭ خان ۋە خاقانلىرى بەھرام شاھنىڭ
روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى زەئىپلى-
كىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈ-
چۈن يېتىپ كېلىشكەنىدى. چۈنكى ئۇلار
بەھرام شاھقا تەۋە ئىدى. شۇڭا ئۇلار
كېچە - كۈندۈز قۇللۇق ئىزھار قىلىپ،
شاھنىڭ بوسۇغىسىغا باش قويۇشقانىدى. بۇ
خان ۋە خاقانلار ئىچىدىن بىرەر دىشۋارچىلىق-
قا يولۇقۇپ، كېلەلمەي قالغانلىرىمۇ شاھنىڭ
قۇلدەك خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، ئۆز
ئىنىسى ياكى ئوغلىنى ئەۋەتىشكەنىدى. بۇ
يەتتە بۈيۈك شاھ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن
ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە خىزمەت كۆر-
سەتتى. ئۇلار شاھ بەھرامنى سالامەتلىككە
ئېرىشتۈرۈپ، ئىززەت - ئابرويىغا ئىگە بو-
لۇش ئۈچۈن، ھەر بىرى بىر خىزمەتكە مەسئۇل
بولدى. ئۇلار ھەممىسى جان - دىلى بىلەن
كېچە - كۈندۈز شاھنىڭ دەردىگە داۋا تى-
لەپ، رەنجىگە شىپا ئىزدەشكە مەشغۇل
ئىدى. ئىمارەت بىنا قىلىش پىكرى ئوت-
تۇرىغا قويۇلۇش بىلەنلا، بۇ يەتتە پادىشاھ
ئالدىغا چىقىپ يەر سۆيگەن ھالدا:

— بىز ھەر بىرىمىز بىردىن قەسىرنى
ياساشقا مەسئۇل بولساق، بار كۈچىمىزنى
ئىشقا سېلىپ، كېچە - كۈندۈز تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ، ئاز مۇددەت ئىچىدە پۈتۈن
قەسىرنى جىمى رەڭ - بېزەك، زىب - زىنى-
نەتلىرى بىلەن قوشۇپ تولۇق تاماملىساق.
شاھ بەھرام ھەر كۈنى كېلىپ، ئۇ بىنالار-
نىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ تاماشا
قىلسا، — دەپ ئىلتىماس قىلىشتى.

شاھ بەھرام ئۇلارغا رۇخسەت قىلىپ،
بۇ شاھلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆز دىيارلىرىغا
ماڭىدىغان يول بويىغا بىردىن ئالىي ئىما-
رەت بىنا قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە بۇنداق
قىلىشتىن مەقسىتى ئالەم ئەھلى ئۇ يوللار-
دىن ئۆتكەندە، داۋاملىق بۇ ئىمارەتلەرگە
چۈشۈپ، مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىپ ئۆتۈ-
شىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قوي-
دى. پادىشاھلار بۇ ئىشنى مىننەتدارلىق
بىلەن قوبۇل قىلىشتى. ئۇلار دەرھال ئىشقا
كىرىشىپ، ئاسمان قەسرى كەبى يەتتە بۈ-
يۈك ئىمارەتنىڭ پىلان - لايىھەلىرىنى تۈز-
دى. ئۇلارنىڭ ئىشلەۋاتقان چاغدىكى سادالىرى
ئاسمان ئاستىدا توختىماستىن ياڭراشقا

باشلىدى. بۇ پەلەك گۇمبىزىنىڭ ئىچى-
ئەلنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بىلەن تولدى.
ماھىر بىناكارلار پەلەكتىن سۇ، ئاي ۋە
قۇياشتىن خىش كەلتۈرۈپ، بۇ يەتتە جەن-
نەتنى يەر يۈزىدە قۇرۇشقا باشلىدى. ئۆز-
گىچە شەكىلدىكى گۈزەل قەسىرلەر ئارقا-
ئارقىدىن پەيدا بولدى، شاھ بەھرام بۇ
ئىمارەتلەرنى تاماشا قىلىشقا شەيدا بولدى.

**يەتتە پەلەكتەك يەتتە قەسىرنىڭ پۈتكەنلىكى، مانى رەسسامنىڭ ھەربىر قەسىرنى
ئۆزگىچە رەڭ بىلەن نەقىشلەپ چىققانلىقى، ئۇ يەتتە قەسىردە يەتتە ئىقلىم
سۇلتانلىرىنىڭ قىزلىرى بەھرامغا نىكاھلانغانلىقى، بەھرام ھەپتىنىڭ ھەربىر
كۈنىدە بىر قەسىرگە كېلىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرغانلىقى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىل-
غۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەب-
بەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رى-
ۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، بىناكار ئۇستىلارنىڭ تىرىش-
چانلىقى ئارقىسىدا، يەتتە ئىقلىم سۇلتانلىرى-
نىڭ ھەربىرى ئۆزىگە تەقسىم بولغان قە-
سىرنى ياساپ تاماملىدى. ئەمما بىنالار
پۈتۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىمۇ شاھ
بەھرامنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ تاماشىسىدىن ھا-
مان بەھرىمەن بولۇپ تۇردى. شاھ بەھرام
بۇ يەردىكى ھەربىر ئاجايىپ - غارايىپ تا-
ماشىغا نەزەر سالغىنىدا، ئۇنىڭ ئىشق سەۋ-
داسىغا بۇ تاماشىلار ناھايىتى كۆپ ئارام
بېرەتتى. بۇ قەسىرلەرنىڭ يۈكسەكلىكى پە-
لەككە تەڭلەشكەنىدى، بارلىق تىرىشچانلىق-
لارنى كۆرسىتىپ بۇ بۈيۈك ئىمارەتلەرنى
بىنا قىلغۇچىلارنىڭ قەدىر - قىممىتى بولسا،
پەلەكتىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. بىراق شاھ
بەھرامنىڭ خەستە كۆڭلىدە ئىشق سەۋداسى
بىلەن ئىشتىياق ۋەسۋەسىسى تېخى يەنىلا
مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ئىمارەتلەر پۈتكەنىدىن
كېيىن شاھ بەھرام ھەممىسىنى كۆرۈپ
تۈگەتتى ۋە تاماشا قىلىشتىن توختىدى.
ھۆكۈمالارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ
بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مۇنداق تەك-
لىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى:

— ئەمدى شاھنىڭ داۋاسى شۇنىڭ-
دىن ھاسىل بولىدۇكى، بۇ ئىمارەتلەرگە
خىلمۇخىل رەڭ ۋە نەقىشلەرگە ماھىر
رەسسام - نەققاشلار سۈرەت ۋە نەقىشلەرنى
سىزسۇن. ھەربىر قەسىرنىڭ سۈرەت - نە-
قىشلىرىگە نەچچە خىل ھۈنەر - سەنئەتلەرنى
ئىشلەتسۇن، ھەربىر سەنئەت ئىچىدە يۈز
مىڭلىغان سېھىر - نەيرەڭلەرنى نامايان
قىلىپ، بۇ قەسىرگە زىننەت بەرسۇن. نەق-
قاشلار بۇ قەسىرلەرنىڭ ئىچىنى قانداق سې-
ھىرلىك ھۈنەرلەر بىلەن نەقىشلىسە، سىرتىنىمۇ
شۇ تەقلىدتە كاھىشلارنى ئىشلىسۇن.

بارلىق ھۆكۈمالار ۋە سۇلتانلار مانىنى
چاقىرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بېجىرىشىگە
تاپشۇردى:

— ھەي ئۇستاز، — دېدى ئۇلار مانى-
غا، — سەن جېمى ھۈنەرلەردە ماھىرسەن. بۇ
ئىشقا باشتىمۇ سەن سەۋەبچى بولغانىدىڭ.
شاھ بەھرام سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن شاد-
خۇراملىققا ئېرىشكەنىدى. ئەمدى يەنە

ئۇنڭ سالامەتلكى ۋە خۇشاللقغا ئۆزۈڭ سەۋەبكار بولغايسەن. بۇ يەتتە قەسرنى يەتتە قسمى رەڭ بلەن زننەتلەشكە كرشكن. ئۇنى بارلق ماھارتڭنى تولۇق ئشقا سېلپ، كۆڭلۈڭ خالغانچە نەقشلگن، دالار سەندەك بر ئۇستازغا ئۇنداق قل ياكى مۇنداق قل دېمەس، چۈنكى بۇنداق دېيش ئەدەب جۈملسدن ئەمەس. مانى ئۇلارنڭ تۆۋەنچلك بلەن قلغان بۇ ئلتماسلرنى ئاڭلاش بلەنلا دەرھال ئككى قولنى كۆكسگە قويۇپ قوبۇل قلدى.

— ئۇنداقتا، سزلەر بۇ ئشقا لازملق نەرسلەرنى تەييار قلڭزلار، — دېدى مانى ئۇلارغا.

ئۇلارمۇ ماننڭ تەلپنى ئورۇنداشقا تۇتۇش قلدى. ھەرقايسسى ئۆز ئشلرغا كرشپ كەتتى. مانى ئش بېشغا بېرپ، يۇرتنڭ بارلق رەسسام، نەققاشلرنى يغپ، ئۇلارغا ئش بۇيرۇشقا باشلدى. مانى بارلق نەققاش ۋە رەسساملارنى يەتتە قسمغا بۆلدى. ئۆزى رەسم ۋە نەقش لايھەلرنى تۈزۈپ بەردى. ئۇ ھەربر ئش ئورنغا بارسا، شۇ يەرنڭ ئشلرنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەرەمجانلاشتۇراتتى.

شاھ بەھرام يەنە بۇ ئمارەتلەرگە كېلپ، ئەتگەندن كەچكچە سەيلە-تاماشا قلشقا كرشتى. ئۇ ھەر نەپەستە يېڭى ۋە ئۆزگچە رەسملەرنى كۆرۈپ، شۇنڭ خيالى بلەن ئۆزنى مەشغۇل قلاتتى. ئۇنڭ كۆڭلى ھەر تەرەپكە مايل بولاتتى. بۇ نەقشلەر ئۇنڭ خيالنى جەلپ قلۋالغاچقا، قەلبدكى ئشق ئوتنڭ نەقشلرنى ئۇنتۇپ، كۆيۈش-ئۆرتنشلرى بېسقتى.

نەچچە ۋاقت ئۆتكەندن كېين بۇ قەسرلەرمۇ زننەتلنپ پۈتتى. قەسرلەرنڭ ھەربرى رەڭگارەڭ نەقش-سۈرەتلەر بلەن بېزلپ بولدى. گەرچە شاھنڭ ۋۇجۇددا ئشقنڭ كۆيدۈرگۈچى ئوتلرى ئاز قالغان بولسمۇ، لېكن ھۆكۈمالار بۇنڭغا سەل قارماي كۆپ تەدبرلەرنى قلشتى:

— ئەمدى شاھنڭ پۈتۈنلەي شپا تېپشى، كېسلنڭ ئۈزۈل-كېسل يوقلشى ئۈچۈن، ئۇنڭ بەدننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش كېرەك، — دېدى ئۇلار ھېكمەت ئۈنچلرنى تۆكۈپ، — بۇنڭ چارسى شۇكى، بنا قلنغان بۇ يەتتە ئالي قەسر ئچدە يەتتە ھۆر سۈپەت مەشۇق بولۇشى كېرەك. پادشاھلار ئارسدا كمنڭ گۈزەل ۋە ئەقللك قز پەرزەنتى بولسا، ئۇ شاھ بەھرامنڭ سردشى بولۇشقا لايقتۇر. شاھ بەھرام ئۇنى نكاھغا ئېلپ، قەسر ئچدە ئارام ئالسۇن.

ئۇلار ھەممسى بۇ خۇسۇستا ئزدەندى. يەتتە پادشاھنڭ يەتتە نەپەر پەرى سۈپەت قزى بار ئدى. ئۇلار ئپپەت پەردسى ئچدە ساقلنۋاتاتتى. ئۇلارنڭ ھەربرى گۈزەللك ۋە ئەقل-پاراسەت جەھەتتە جانلارغا ئاپەت، بەلكى جاھانغا ئوت-ھارارەت سالاتتى. ئۇلار گويا پاكلق پەردسدكى تولۇن ئاي، ياق، بەلكى پەلەك پەردسدكى نۇرلۇق قۇياش ئدى. ئۇلار بەئەينى گۈزەللك بۇرجدكى پارلاق يۇلتۇز ئدى. ئۇلار ھېچ كشنڭ كۆزگە كۆرۈنمگەن، لاتاپەت سەدپى ئچدكى پاك گۆھەرلەر ئدى، ئەمما بۇ گۆھەرلەر تېخى سەدەپتن تېشلمگەن ئدى. ئۇلارنڭ ھەربرنڭ تەرپ-تۆسپنى

قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ئىشقا چېچەن سۆز
ئۇستىلىرىنىڭمۇ تىلى ئاجىز، قەلىمى چولتا
كېلەتتى. ئۇلار گۈزەللىكتە ئاي ۋە قۇياش-
نىڭمۇ ئۇستۇن ئىدى. ھەممىسى شاھ بەھ-
رامنىڭ نىكاھىغا لايىق ئىدى. بىراق بۇ
سۆزنى ئۇ يەتتە ئىقلىم شاھلىرىغا ئاشكار-
لىمىدى. ئەمما شاھلارمۇ پىنھانلىق پەردى-
سىگە پۈركەنگەن بۇ تېپىشماقنى سەزمەي
قالمىدى. ئۇلار ھەممىسى يەر ئۆپكەن ھالدا:
— بۇ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىمەن
ياكى رەت قىلىمەن دېيىشكە بىزنىڭ نېمە
ھەددىمىز بولسۇن؟ پادىشاھى ئالەمنىڭ را-
يى قانداق بولسا، بىزنىڭ رايىمىزمۇ شۇن-
داق بولغۇسىدۇر. بۇ خۇددى زەررىچىلەر-
نىڭ قۇياشقا يېتىشكىنىدەك، قەترىلەرنىڭ
دەرياغا قوشۇلغىنىدەك بىر ئىشتۇر، — دەپ،
ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

ئەلقىسسە، بۇ مەسلىھەت پىشتى. شاھ
بەھرام پادىشاھلار قائىدىسى بويىچە شادلىق
تويلىرىنى قىزىتىشقا پەرمان چۈشۈردى.
توي رەسمىيەتلىرى ئەلا دەرىجىدە ئورۇن-
دالدى. ئۇ ئاي يۈزلۈكلەر شاھ بەھرامنىڭ
جۈپلۈكىگە قارار تاپتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى
بىر تەرەپكە يۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ قەسرىگە
بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئەمدى ۋاقىتشۇناس
ھۆكۈمالار سائەت ئىشلىرىنى قىياس قىلىپ،
مۇنداق دېيىشتى:
— ھازىر شاھنىڭ ئارزۇسىغا يېتىدىغان
پەيت،ھەرەم ئەھلىگە پەرۋا قىلىشى، ئۇلارنى بۇ
ئارقىلىق ئەزىز ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلغىنى
مۇۋاپىقتۇر. شاھ ئەتە شەنبە كۈنى شارا-
پەتلىك يۇلتۇزلار تۇغقاندا، ئىپارسىمان
قەسىر ئىچىدە تەخت تۈزۈپ، ئىپار ھىد-
لىق مەيلەرگە ئېغىز تېگىپ ئولتۇرغاي.

**شەنبە كۈنى شاھ بەھرامنىڭ ئىپاردەك قاپقارا كىيىملەرنى كىيىپ، ئىپارسىمان**
**قەسرگە كەلگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە ئىپار كىيىكى بىلەن ئىپار ھىدلىق شاراب-**
**لارنى ئىچكەنلىكى، شاھ بۇ مەشغۇلات ئارقىلىق ھىجران ئوتىنىڭ**
**تۈتۈنلىرى قارايتمۇەتكەن كۆڭۈللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كەچكە**
**يەتكۈزگەنلىكى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىل-
غۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشا-
رەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-
مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپە-
لىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ
ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر
مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ.
شەنبە كۈنىنىڭ سۇبھىسى قاراڭغۇ
كېچىنىڭ يۈزلىرىگە كاپۇردەك ئاپئاق
شايىسىنى يايدى. بەھرام ئۇ چىن سەنەم-

دەك سېھىرلىك، لەۋلىرى جان بېغىشلىغۇ-
چى، چاچلىرى كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى ھىندى
گۈزەلى بىلەن ئىپار ھىدلىق شارابلارنى
ئىچىش ئۈچۈن، ئىپارسىمان قەسىرگە
يېتىپ كەلدى. ئۇ ھىندى گۈزەلى گوياكى
ئاينىڭ كىيىملىرىدەك قاپقارا لىباسلارنى
كىيگەن، ئۇ لىباسلارغا بەئەينى يۇلتۇزلار-
دەك يارقىن بېزەكلەرنى تاقىغان، ئۆزى
ئورۇنلاشقان تەختىگىمۇ ئىپار رەڭلىك
رەختلەردىن يوپۇقلارنى ياپقان ھالدا،

خۇددى ئېپار ئۇستىدە ئورۇنلاشقان چىن
كىيىكىدەك ئولتۇراتتى. ئۇ گۈزەلنىڭ ئاشۇ
ئولتۇرۇشلىرى كىشىگە زۇلمەت ئىچىدە
جىلۋىلىنىۋاتقان ئابىھاياتنى ئەسلىتەتتى.
شاھ بەھراممۇ ئېپاردەك قاپقارا كىيىملەرنى
كىيىپ، ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ قېشىغا كىردى.
ئۇ جەمشىد سۈپەت شاھ تەخت ئۈستىگە
چىققىنىدا، بۇ ھۆر سۈپەت گۈزەلمۇ ئۇنىڭ-
غا يانداشتى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە
ئېپار ھىدلىق شارابلارنى ئىچىشتى. كەچ
كىردى، ئالەم يۈزى ئەنبەردەك قارايدى.
بۇ كۈنى ھەممە كىشى شاد - خۇرام بولدى.
لېكىن شاھ بىزەۋتەلىك ئىچىدە مەيۈسلە-
نىپ ئولتۇراتتى. ھۆكۈمالار ئۇ ھىندى
پەرىسگە تاپىلاپ، شاھنىڭ كۆڭلىنى سېھ-
رىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلىش،
ئەمما، باشقا ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق
قىلىشنى بۇيرۇغانىدى، ئۇ ئاي يۈزلۈكمۇ بۇ
تاپشۇرۇققا بىنائەن بەھرامدىن ئۆزىنى
تارتتى. چۈنكى شاھ بەھرامنى داۋالاش-
تا، ئۇنىڭ كۈندۈز كۈنلىرىنى شاد - خۇرام-
لىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، كېچىسى ئۇنى
تولۇق ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش بەلگى-
لەنگەنىدى. بىراق شاھنىڭ كۆڭلىگە غەم
تۈنلىرى قايغۇ سېلىپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ
قاچتى. ئۇ ھىندى ئاي يۈزلۈكى ئۆز پەر-
دىسىگە پۈركەندى. شاھقا ئالەم قاراڭغۇ
بولدى. شاھ ئۆز دىلبىرىنىڭ چاچلىرىنى
ئەسلەپ، تۈن بويى قىلدەك تولغىناتتى.
بۇ غەم كېچىسىنىڭ ئۆز جىنىغا ئازاب
سېلىشىنى ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ جىسمىنى
خاراب قىلىشنى بىلگەن شاھ بىر - ئىككى
خىزمەتكارىنى چاقىرىپ، پەرمان چۈشۈردى:

— سىلەر مۇشۇ قەسىر ئالدىدىكى
يولغا چىقىپ، بۇ ياققا كېلىۋاتقان ھەرقاند-
داق كىشى بولسا، ئېلىپ كىرىڭلار. ئۇ
كىشى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىن بىرنەچچە
ھېكمەتنى بايان قىلىپ، ئەپسانە سۆزلىسە،
ئۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا
مايىل بولار. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈننى
ئاسانراق تاڭ ئاتقۇزسام ئەجەب ئەمەس.

خىزمەتكارلار چىقىپ، بىر جاھانكەشتە
مۇساپىرنى تېپىپ كىردى، ئۇ گوياكى بۇ
ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكتەك تۇختىماي
سەپەر قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ مۇساپىر
قەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، شاھ ئۇنى
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئەپسانە
سۆزلىگۈچى مۇساپىر يەر ئۆپۈپ ئولتۇردى.
شاھ بەھرام ئۇنىڭغا پەرمان چۈشۈرۈپ،
ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ
مۇساپىر ئەپسانە سۆزلەش بۇيرۇقىنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن، يېقىملىق بىر ئەپسانىنى
ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ شاھ بەھرامغا كۆپ
دۇئالارنى قىلىپ، غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇ-
شىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئاندىن ئۆز
ئەپسانىسىنى باشلىدى.

## بىرىنچى، ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن ئەپسانىسى

ھىندى مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ
بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاھلىق ئىشلىرىدا
ھەددىدىن تاشقىرى ھوشيار ۋە دانا ئىدى.
لەشكىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى.
خەزىنىلىرىمۇ سان - ساناقتىن تاشقىرى
ئىدى. ئۇ قوشۇن سەردارى ئۆزىنىڭ
ھىندى تىغىنى غىلىپىدىن چىقارسا، خىتاي
ۋە چىن، بەلكى كەشمىرغىچە بولغان

جايلارنىڭ ھەممىسنى قولغا كىرگوّزەلەيتتى.
پەلەك ئوّنىڭ تەختى ئوّستىدە سايىۋدن
بولغاندى. سەرەندىپ شەھىرى ئوّنىڭ
پايتەختى ئىدى. ئوّ شاھنىڭ ئىسمى جوّر-
ئەتخان بولوّپ، لەقىممو خان ئىدى.
بارلىق پادىشاھلار ئوّنىڭ مەملىكىتى ۋە
بايلىقىغا ھەسەت قىلىشىپ، يوّزلەرچە ھەس-
رەت چېكەتتى. پوّتكوّل ئالەمگە ئوّنىڭ
شان-شوّھرەت ۋە ھەشمىتى تارالغاندى.
جوّرئەتخان دېسە، جىمى خالايىق
بىلەتتى.

ئەلقىسسە، ئوّ پادىشاھنىڭ بىر بەخت-
لىك پەرزەنتى بار ئىدى. بوّ پەرزەنت
پادىشاھنىڭ جان-جىگىرى ۋە كوّڭوّل
قوّۋۋىتى ئىدى. ئوّ بارچە ئىشلاردا دانىش-
مەن ئىدى، بوّ جەھەتتە ئوّ ئوّز زامانى-
نىڭ يېگانىسى ئىدى. ھوّسنى-جامالدا
ئوّز دەۋرىنىڭ كەم ئوّچرايدىغان بىر گوّ-
ھىرى ئىدى. ئاتىسىنىڭ كوّڭلى ئوّنىڭ
بىلەن خوّشال ئىدى. پوّتكوّل ھىندىستان
ئەھلىنىڭ كوّزلىرى ئوّنىڭ جامالى بىلەن
نوّرلىناتتى. ئوّ ئىنتايىن موّلايىم ۋە
خوّش خوّي ئىدى. پەم-پاراسەت جەھەتتىمو
تەڭداشسىز ئىدى. ئوّ پەرزەنت بارلىق
ئىلىملەرگە ماھىر، ھەممە ماھارەتلەرگە
كامىل ئىدى. بارچە خالايىق خوّش خوّيلوّۋ-
تا بىر سېرى بولسا، بوّ بىر سېرى ئىدى.
ھېچكىمگە ئوّنىڭدىن ئازار يەتمەيتتى.
پاكلىق ھەم تەقۋادارلىقىمو ئوّنىڭ بىر
مىجەزى ئىدى. ئالەم خەلقى ئوّنىڭ
خوّلقىنى ياقتوّراتتى. ئوّ پەرزەنتىنىڭ
موّبارەك ئىسمى پەرروّخ جەمال ئىدى.

ئەلقىسسە، ئاتىسى قىرىق يىل شاھلىق
قىلىپ، خەلققە باشلامچى بولغاندى. شاھ-
نىڭ ئوّمرى سەكسەنگە يەتكەندە ئوّنىڭ
كوّڭلىدە ياشاش ھەۋىسى قالمىدى. ئوّزوّم
تىرىك ۋاقتىمدا ئوّز پەرزەنتىم بىلەن
كوّزوّمنى يوروّتاي، دەپ ئويلاپ، ئوغلىغا
يوّرت بىلەن تەخت ۋە تاجنى ۋە پوّتوّن
ھىندىستاننىڭ مالىيىسىنى ۋە خىتاي ۋە
چىن ئەللىرىنىڭ باج خىراجىتىنى بەر-
مەكچى بولدى. شاھ ئوّزىنىڭ بوّ ئىشى
بىلەن چەكسىز سوّيوّنگەن ۋە پەخىرلەنگەن
بولاتتى. بىراق شاھزادە پەرروّخ جامال
شاھلىقتىن نەپرەتلىنىپ، پوّقرالىقتىن پە-
خىرلىنەتتى. سەلتەنەتنى ھەرگىز قوبوّل
قىلمايتتى. شاھلىق ئىشى بىلەن ئوّيلىنىش
ئىشىغا شاھزادە زادىلا كوّڭوّل شەمەيتتى.
ئاتىسى ئىنتايىن موّھىم دەپ بىلگەن بوّ
ئىككى ئىشنى شاھزادە ئىنچىل توّردە-
رەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاتا بىلەن
ئوغوّل بوّ ئىككى ئىش ھەققىدە دائىم
تالاش-تارتىش قىلاتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بىر كېچىسى
تائەت-ئىبادەت بىلەن بولوّپ، سەجدە-
موّناجاتلارنى بىجا كەلتوّردى-دە، سائادەت
سوّبھىسى كوّتوّروّلەي دېگەندە، ئوّنىڭ
كوّزلىرىگە ئوّيقوّ غالىپ كەلدى. بىراق
ئوّنىڭ روھىي توّيغوّلىرى دائىم ھەرىكەتتە
بولغاچقا، ئوّنىڭغا يوشوّروّن سىرلار ئاشكارا
بولوّپ، ئاجايىپ بىر چوّش كوّردى. چوّشى-
دە ئوّ ئوّزىنى بىر باياۋاندا كوّردى. ئوّ
باياۋاندا ھەددى ھېسابسىز خالايىق بار
ئىدى. ئوّلارنىڭ ھەممىسى موّساپىر، كوّچ-
مەنلەر ۋە سەيلە-ساياھەتچىلەر ئىدى.
ئوّلارنىڭ ھەممىسى بىر يوّنىلىشكە قاراپ
كېتىۋاتاتتى. شاھزادە ئوّ خەلق ئىچىدە
بىر مەپىنى كوّردى. ئوّ مەپىنى بەخت-
سائادەت چاقلىرى كوّتوّروّپ كېتىۋاتاتتى.
ئوّنىڭدىن چىن ئىپارىدەك خوّش بوّي

ھىدلار كېلەتتى. تاڭ شامىلى تۇساتتىن بىر ھەرىكەت قىلىپلا ئۇ مەپىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى. پەررۇخ جامال ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ مەپىگە نەزەر سالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پەرىنى، ياق، بەلكى شەرق قۇياشىنى كۆردى. ئۇنىڭ ناتىۋان جىسمى ئۇ قۇياشنىڭ ئالدىدا گوياكى خەس - خەشەكتەك كۆيۈپ كۈل بولدى. مەپىنىڭ پەردىسى دەرھاللا يېپىلىپ قالدى، گوياكى تولۇن ئاينى بىر پارچە قارا بۇلۇت كېلىپ يوشۇرغاندەك بولدى. خالايىقنىڭ «بۇ يەر — قۇددۇس يېرى» دېگەن سۆزلىرى شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندەك بولدىيۇ، شۇ ھامان ئۇيقۇدىن سەكرەپ ئويغاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇنىڭ ۆڭلى بارغانسېرى بىئارام بولۇشقا، جېنى رتىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ولتۇردى. ئىشق زۇلمى ئۇنى نابۇت قىلىشقا باشلىدى. ھەرقانچە پىكىر - قىياس قىلسىمۇ، بۇنىڭغا ئىلاج تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ قۇددۇس باياۋىنىغا سەپەر قىلىشنى ۋە ئۆز مۇرادىغا يېتىش يولىدا جان پىدا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

تاڭ شامىلى كېچە تۇمانلىرىنى سۈرۈپ، سۈبھى ئاشكارا بولدى. كۈندۈز سائادەتلىك چىرايىنى ئاچتى. پەررۇخ جامال ئاتىسىنىڭ تەختىگە باش قويۇپ، پېشانىسى بىلەن يەرنى سۈپۈرگەن ھالدا مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى:

— كۆڭلۈمدە سەپەر قىلىپ، جاھاننى ئايلىنىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ قالدى، بۇنى توسۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەۋەس ئەقلىمنى يوقاتتى، ھوش - سەزگۈلىرىمنى نابۇت قىلدى. بۇ ئىشقا مېنىڭ ھېچ ئىلاجىم يوق، سەپەرگە چىقماسلىقىقا ئىختىيارىم ۋە سەۋر - قارارىم يوق. بۇ ئىشتا شۇنى ئۆتۈنۈپ ئىلتىجا قىلىمەنكى، پادىشاھى ئالەمنىڭ ماڭا رۇخسەت بەرگىنى ئەلادۇر، بولمىسا، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

شاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ قەلبى شۇنداق ئۆرتەندىكى، باشلىرىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ جىگەر - باغرىدلىرىدىن پىغانلارنى چەككەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھەي يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ھىجران - پۇرقەتلىرىڭ بىلەن باغرىمىغا ئوق ياغدۇرمىغىن! نېمە دېسەڭ دېگىن، ئەمما، بۇ سۆزنى قىلمىغىن! چۈنكى بۇ دۇنيادا مەن بۈگۈن بار، ئەتە يوق. جۇدالىق خەنجىرىنى يۈرەك - باغرىمغا ئۇرمىغىن! چۈنكى ئۇنىڭسىزمۇ مەن ئۆلۈكنىڭ قاتارىدىكى ئادەممەن، مېنى تۆپە - تۆپىلەپ ئۆلتۈرمىگىن!

شاھ شۇ يوسۇندا ھەددۇ ھېسابسىز دەردلىك پىغانلارنى چەكتى. لېكىن ئىشقنىڭ غالىبلىقى تۈپەيلىدىن شاھزادىگە بۇ ئاھۇ - زارلار كار قىلمىدى. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بارغانچە ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشق ئوتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى:

— ئاتاڭنىڭ كۆز ياشلىرى سېنىڭ بۇ ئوتلىرىڭنى پەسەيتەلمىگۈدەك، كەتمىگۈچە كۆڭلۈڭ ئارام تاپمىغۇدەك، — دېدى پادىشاھ كۆز ياشلىرىنى توپان سۈيىدەك ئېقىتقان ھالدا. ئاندىن ئۇ ئۆز جىنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، پۈتۈن لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ۋە خەزىنىسىنىڭ يېرىمىنى ئوغلىغا بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەپەردە كېرەك قىلىدىغان نۇرغۇن شاھانە بۇيۇملارنى

تەييارلىدىكى، ئەقىل - ئىدراك ئۇنى قىياس قىلالماس.

ئەلقىسسە، جۇرئەتخان ئوغلىنى رۇخسەت بىلەن خۇش قىلدى. گوياكى ئۇ ئۆزىنىڭ جان ۋە جىسمى بىلەن خوشلاشقاندەك بولدى. ئۇزىتىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ يۈز مىڭلىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆز تەختىگە، ياق، بەلكى بالا - قازا تەرىپىگە قاراپ ياندى. پەررۇخ جامال «كۆچ دېسە كۆچ!» دەپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇنىڭدا كېچە - كۈندۈز ئىلگىرىلەشتىن ئۆزگە نىيەت يوق ئىدى. ھېچ يەردە ئارام ئالمايتتى. شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈشىنى داۋام قىلاتتى. ئۇ زاماندا كىشىلەر كەبە ئورنىدا ئەنە شۇ قۇددۇس يېرىنى تاۋاپ قىلاتتى. ئۇنىڭ قەدىمى ئاخىر مەقسەت مەنزىلىگە يەتتى، ئۇ يەرگە يۈزمىڭلىغان خەلق تاۋاپ ئۈچۈن يېتىپ كەلگەنىدى. خالايىق ھەممىسى ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. پەررۇخ جامالمۇ ئۇ پاك زېمىنغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇيەرنى تاۋاپ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ يۈزىنى ھاجەتمەنلىك تۇپرىقىغا شىكەستىلىك بىلەن قويدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يېنىۋاتقان شامدەك تۆكۈپ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىلتىجا قىلدى. تەڭرىدىن ئاشۇ چۈشىدە كۆرگەن دىلبىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالى بىلەن مۇرادىنى ھاسىل قىلىشنى تىلىدى. نەچچە كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق بۇ مۈشكۈلچىلىك ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تۇشمۇ تۇشتىن كەلگەن تاۋاپ ئەھلى يېنىشقا بەل باغلاپ، ھەممىسى كەلگەن يولىغا ئارقا - ئارقىدىن كېتىشتى. شۇ كېچىسى غەم ۋە ئەلەمدىن پەررۇخ جامالنىڭ كۆڭلى مۇڭ - قايغۇغا تولدى. ئۇ چۈشىدە بىر مويسىپىت كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى پەررۇخ جامالغا: «مۇرادىڭغا يەتمەكچى بولساڭ، ئەتە بۇ يەردە تۇرماي، ھەلەب شەھىرىگە يول ئالغىن!» دېدى. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋر - تاقەت رىشتىسى ئۈزۈلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھەلەب شەھىرىگە بېرىشقا بەل باغلىدى. پەررۇخ جامال ئاتىسى بەرگەن لەشكەرلەرنى رۇخسەت بىلەن ياندۇردى. ئۆزى ھەلەب شەھىرىگە مېڭىشقا جابدۇندى. لەشكەرلەر يېنىشقا قارار تاپتى. پەررۇخ جامال بىلەن ئىككى يۈزچە كىشى قالدى. بۇ ئىككى يۈز كىشىنىڭ قايتالىشى قىيىن ئىدى. چۈنكى جۇرئەتخان ئۇلارغا شاھزادە بىلەن بىللە بولۇشنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى. لېكىن پەررۇخ جامال ئۇلاردىن يىراق بولۇشنى خالايتتى.

ئەلقىسسە، پەررۇخ جامال يولغا راۋان بولدى. خالايىقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتقۇسى بار ئىدى. ئۇلار شاھزادە بىلەن كۆرۈنۈشتە ھەمراھتەك كېلىۋاتاتتى. لېكىن شاھزادىنىڭ ھەقىقىي ھەمراھى دەرد بىلەن ئاھ ئىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا گاھى يۈرۈپ، گاھى بىرەر مەنزىللەرگە چۈشۈپ دېگەندەك، ئاخىر ھەلەب شەھىرىگە يېقىنلاشتى. شەھەر سىرتىدىكى سەھرا تەرەپتىن ھەددۇ - ھېسابسىز خالايىق ھەلەب شەھىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن پۈتۈن شەھەر سەھراسىغا شاۋقۇن - سۈرەن چۈشكەنىدى. پەررۇخ جامال ئۇ خالايىق ئارىسىدا شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقان بىر مەپىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ مەپە

شاھـزادە چـۇشـدە كۆرگەن ھێلىقى قاـ
را يوپۇقلۇق مەپىنىڭ دەل ئـۆزى ئىدى.
بۇنى كۆرگەن شاھـزادىنىڭ جێنىغا تاقەتـ
سىزلىك ئوتلىرى تۇتاشتى. دەل شۇ پەيتتە
بىر مەيىن شامال كـێلىپ مەپىنىڭ يوپۇقىـ
نى كۆتۈردى. گويا بۇلۇت ئارىسىدىن قۇياش
يۈزىنى كۆرسەتتى. شاھزادە چۇشىدە كۆرۈپ
ئاشىق بولـغان بۇ قۇياش بـۈگـۈن يەنە
مەپە ئىچىدە ئاشـكـارا بولـدى. پـەرروخ
جامال ئىزدىـگەن مەشۇقىنى تاپـتى. بىراق
ئۇ قارا يوپۇق شۇ ھـامان يەنە يـێپىلىپ
قالدى. ئۇ قۇياش يوپـۇق بۇلۇتىنىڭ ئىچىـ
گە يوشۇرۇنۇش بىلەنلا، پەرروخ جامالـىنىڭ
كۆزىگە جاھان قاراڭـغـۇ بولۇپ تۇيۇلدى.
چۈنكى ئۇنىڭ كۆز نۇرى ئۆچتى، كۆڭـلى
توختاۋسىز ھالدا بىئارام بولـدى. ئاخىـر
ئۇ ھوشىدىن كەتتى. شاھزادە ھوشىغا كێـ
لىپ قارىسا، دەشتۇ ـ سەھرادىكى خالايىقـ
تىن ھـێچبىر ئەسەر قالـمىغانىدى، ئۇلار
ھەممىسى شەھەرگە كىرىپ، ئۆز ئۆيلىرىدىن
ئورۇن ئێلىپ بولغانىدى. پەرروخ جامالنىڭ
ئەتراپىدا ئۆز خادىملىرىدىن ئـۆزگە كىشى
قالمىغانىدى. بۇ ئىش شاھزادىگە ناھـايىتى
ئێغىر كەلدى. ھێجران زەھىرىنىڭ ئاچچىقـ
لىقى تێخىمـۇ مەلۇم بولـدى. ئۇنىڭ ناتىـ
ۋان جێنى ئۆرتىنىشكە باشلىدى. لێكىن ئۇ
تىرىشىپ، تىرمىشىپ يۈرۈپ سەۋر ـ تاقەت
قىلاتـتى ۋە بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتـلىرىنى
ئەلـدىن يـوشۇراتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى
خەلـقى ئالەم ئالـدىـدا رەسـۋا بولۇشتىن
ساقلاشنى ئويلايتتى. لـێكىن خـادىملىرى
ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ بارغانسێرى ئـۆزگىچـە
بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكـتە ئىدى. ئۇلار بۇ
ئەھۋالـدىن بىر ـ بىرىـگە سۆز ئێيتىشىپ،
ھەيرانلىق ئىزھار قىلىـشاتـتى. ھەمـمەيـ

لەن بۇ ئىشتا قىيىن ئەھۋالغا قالـغانىدى.
ئاخـىر ئۇلار بىر مەنـزىلنى تێپىپ ئورۇنـ
لاشتى. شاھـزادە ھالىدىن كەتـكەنىدى.
ئۇنىڭ ئەھۋالى تۇرۇپ ـتۇرۇپ ئۆزگىرەتتى.
ئۇ ئەلىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىمۇ سەزمەيتتى.
ئەلـىنىڭ تاپا ـ مالامەتـلىرىنى ئىشق ئوتىـ
نىڭ شىددەتـلىرى بێسىپ چـۈشـكەنىدى.
كەچ كىردى. تۈن لەشكەرلىرى كەڭ سەھـ
راغا قارا پەردىسىنى يايدى. شاھزادە پەرروخ
جامالنىڭ غەمكىن ئەھۋالىدىن پۈتۈن خاـ
دىملىرى خامۇش بولغان ھالـدا ئارام ئێـ
لىشتى. شاھزادە ئۆز خادىملىرىنىڭ ئالدىدا
ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى. شاھزادىنىڭ ئۇخلاپ
قالغانلىقىنى كۆرگەن خـادىمـلارنى ئۇيـقـۇ
تۇتـتى. ئۇلار كـۆزلىرىنى يۇمۇش بىلەنـلا
ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيـقۇغا غـەرق
بولغانـلىقىنى كـۆرگەن شاھزادە ئورنىدىن
تۇردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىشق ئوتـى تێـ
خىمۇ يالقۇنـجاشقا باشـلىـدى. ئاخـىر ئۇ
قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئێلىپ، خادىـملىرىـغا
مۇنـداق خەت يازدى: «ھەي دوستـلىرىم،
بۇ ئالەم ھادىسىلىرىدىن ھێچـكىم قۇتۇلالـ
مايدۇ. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۆز بەنـدىسىگە
نێمىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى كۆرمەي ئامال
يوق. ئىشق تەقدىرى مەن بىچارىنى ۋەيران
قىلدى، شۇڭا مێنىڭ تەقدىرىـم غێرىـبلىق
ئىچىدە خاراب بولۇشتىن ئىبـارەت بولـسا،
بۇنىڭـغا نێمە ئامال؟ مەن شۇنـداق ئێغىر
ئەھۋالـدا قالـدىمكى، ئۇنى بايان قىلىشـقا
تىلىم ئاجىزدۇر. بۇ دىشۋارچىلىقنى سىلەرـ
نىڭ مەن بىلەن تەڭ تارتىشىڭـلار تامامەن
ھاجەتسىز، ئۇنى مەن يالغۇز تارتىشىم كێرەك.
سىلەر بۇ غۇربەت يێرىدە زادى تۇرماڭلار،
مێنى ئىزدەپ يۈگـۈرۈشمـەڭـلار، بەرىبىر
مێنى تاپالمايسىلەر. ئەڭ ياخشىسى ۋەتەنگە

قايتىڭلار. بۇ مۇشكۇلچىلىكلەر تۇپەيلىدىن جېنىمدىن تويدۇم. ئەگەر تىرىك قالسام، بىر كۈنلەردە مەنمۇ ۋەتەن تامان يول ئالارمەن. خەير - خوش، نامە تامام، ۋەسسەلام.» شاھزادە خەتنى يېزىپ تۈگەتتى - دە، يۆگەپ، ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئۆز كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قارا پالازنى كىيىم قىلىپ كىيدى. ئاندىن ئاستا قوپۇپ چىقىپ كەتتى. شاھزادە شەھەر ئىچىگە كىردى. ئۇ خۇددى تەلۋىلەردەك كوچا - كوچىلاردا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈردى. ئاخىر ئۇ بىر خارابىلىقتا گۈلخان يېقىپ، ئۈستىگە بىر كونا پالازنى يېپىنىپ، يېتىپ قالدى. گەرچە ئۇنىڭ ياتار يېرى گۈلخانىنىڭ كۈلى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ جېنى دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى. ئىشق ئۇنى مۇشۇ ھالەتلەرگە سالدى. ئاقىۋەتى نېمە بولاركىن - تاڭ؟

تاڭ ئاتتى. سۇبھى ئۆزىنىڭ قۇياش ئوتلىرى بىلەن ئالەمنى يورۇتتى. شاھزادىنىڭ خادىملىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار شاھزادىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ، داد - پەرياد كۆتۈرۈشكەن ھالدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئىككى كېچە - كۈندۈز ئىزدىدى. بىراق شاھزادىنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدى. خادىملار بۇ ئىش تۇپەيلى جانلىرىدىن تويۇشتى. ئۇلار تۇساتتىن شاھزادىنىڭ يېزىپ قويغان خېتىنى تېپىشتى ۋە بارلىق ئەھۋالنى بىلىشتى. ئۇلار بۇ دەردنىڭ داۋاسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، شاھزادىنىڭ ھالىغا ماتەم تۇتۇشتى، ئۇنىڭ بۇ غۇربەتچىلىكتىكى ئەھۋالىدىن سانسىزلـ

غان ئەپسانىلەرنى بايان قىلىشىپ، غېرىبانە نالە - پىغان چېكىشتى. لېكىن ئۇلار بۇ ئىشقا ھېچبىر چارە تاپالمىدى. ئاخىر ھەممىسى يىغلا - يىغلا ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ راۋان بولۇشتى.

شاھزادە پەررۇخ جامال كۆڭلى بۇزۇلۇپ، غەم ئوتىدا خەستەك كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ شەيدالىق تۇپەيلى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى تاشلاپ، ئىشق كوچىسىدا دىۋانە بولۇشقا يۈزلەندى. ئۇ يۈزلەرچە دەردئەلەم ۋە بالا - قازا ئىچىدە قالدى، ئۇنىڭ تەلۋىلىكى توختاۋسىز قوزغىلاتتى. لېكىن بۇ ئىشقا ھېچبىر چارە تاپالمايتتى. كۆيۈك دەردى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۈز تۈمەن غەملەرنى سالاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بارچە ئىشلار بىر سېرى، بۇ غەم بىر سېرى ئىدى. ئۇ مۇشۇنچىۋالا رەنجۇ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغانلىقتىن، جان - جەھلى بىلەن ئوتلۇق ئاھ - پىغانلارنى چېكەتتى، ئۇنىڭ ئاھۇ زارلىرى پەلەكنى ئۆرتەيتتى. ئۇ نام-نىشانسىز مەھبۇب ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا ئىشلار يۈز بەردى. لېكىن بۇ شەھەرنىڭ چەك - چېگرىسى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مەھەللىلىرىنىڭمۇ سانى يوق ئىدى. بىر كىشى ئەگەر يۈز يىل ماڭغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىنى تولۇق ئايلىنىپ تۈگىتەلمەيتتى. خەلقى ۋە ئۆي - ۋارانلىرى ھېسابتىن زىيادە، دېگەندىن ئارتۇق ئىدى. پەررۇخ جامال نەچچە كۈنلەپ ئۇ يەردە ئۇسسۇز ۋە ئاچ - زار ھالدا يۈردى. ئۇ تاماق ئورنىدا غەم يېسە، ئۇ ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا قان - زەرداپلىرىنى ئىچەتتى. ئەگەر بىر كىشىنىڭ جېنىغا ئىشق ئازابى يەتسە، جىسمىغا غۇربەتچىلىك كېسىلى ئۇلاشسا، ھىجرانمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەم - قايغۇ

سالسا، ئۇيلاپ باقايلى، ئۇنىڭ ھالى نېمە
بولماقچى؟ ئۇنىڭغا قانداق ئاجايىپ كۈنلەر-
نىڭ يۈزلەنگەنلىكىگە قارايلى، ئەنە ئۇ
شاھلىقنى تاشلاپ، شۇنچە غەم - ئەلەم
يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، دىشۋارچىلىق چۈشكەن
ئاشۇ خەستە جېنىنى ئېلىپ يۈرمەكتە.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئۆز - ئۆزىگە:
«بۇنداق ئاجىزلىق بىلەن ئىشىم پۈتمەي-
دۇ، گەرچە ھەمراھىم بولمىسىمۇ، يارات-
قان خۇدايىم بار. يېتىپ ئۆلگۈچە، تىرىشىپ،
تىرمىشىپ، ئايىغىمنى ئۇزارتىپ باقاي»
دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەرگە كىردى.
ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەر تەرەپكە
قەدەم قويااتتى. شاھزادە شۇ يوسۇندا
ئىر - ئىككى كۈن سەرسان بولۇپ يۈردى.
ئىنىڭ ۋۇجۇدى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ،
ئۈگىنىشكە يۈزلەندى. چۈنكى ئىشق ئۇنى
يېمەك - ئىچمەكتىن مەھرۇم قىلغانىدى،
ئىشق ئۇنىڭغا غىزا بولغانىدى ئۇ گوياكى
سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ئەھۋالغا قالدى.
ئۇنىڭ جىسمىدىن قۇۋۋەت كەتتى. بۇ غۇر-
بەت ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىشق دەردىدىن
ئۆزگە ھېچبىر ھەمراھ قالمىدى. ئۇ يەنە
ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە كوچا - كويلارنى
كېزىپ يۈردى. ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن
ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى ۋە سەزگۈ - ئىدراكىغا
بەرھەم يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھېسابسىز
دەرد - ئەلەملىرىگە داۋا تاپالمايدىغانلىقىغا
كۆزى يەتتى. ئۇ ئۆزىنى مىڭ بىر مۇشەق-
قەتلەر بىلەن بىر كونا خارابە ئىچىگە ئالدى.
ئۇنىڭ زەئىپ جىسمى ھەرىكەتتىن سۇسلاش-
تى - دە، بېشىغا بىر تاشنى قويۇپ ياتتى.
ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ بېشىم بولمىغان بولسىچۇ،
كاشكى» دەپ ئويلايتتى. ئۇ جىسمىنى
تۇپراققا تاپشۇرۇپ، پۇت - قوللىرىنى ئۇ-
زۇن سۇندى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھاياتتىن
شۇنداق تويدىكى، جىسمى جان بېرىشكە
يېقىنلاشتى.

ئەلقىسسە، بۇ شەھەردە خوجا ئەخى
ناملىق مالدار ۋە كاتتا بىر خوجايىن بار
ئىدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ماھىر
ۋە خۇش خۇي ئادەم ئىدى.
ئۇنىڭ خالايىق ئالدىدا ھەددىن ئارتۇق
ھۆرمەت ۋە ھەشەمىتى بار ئىدى. مال -
مۈلكىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى.
خوجىنىڭ بىر مېھمانخانىسى بار
ئىدى، ئۇ مېھمانخانىدا ھەر كۈنى سانسىزلى-
غان تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەر مېھمان
بولۇپ تۇراتتى. رەھىمدىللىك ۋە سېخى-
لىق جەھەتتە خوجىنىڭ نامى پۈتكۈل
شەھەر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى.
خوجا ئەخى ئېتىنى مىنىپ، پات - پات
سىرتلارغا چىقىپ سەيلە - تاماشا قىلاتتى.
گاھىدا ئۇ ۋەيرانە خارابىلارغا بېرىپ،
غېرىب - غۇرۋا، ئاجىز - مۇساپىرلارنى
ئۇچراتسا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىغا مەل-
ھەم يېقىپ، بىر پەس ھەمدەمدە بولاتتى.
مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلى ئىنتىزار بولغان
نەرسىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، مۇرادىغا يەت-
كۈزەتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممى-
تىدىنمۇ زىيادە ئىززەت ۋە ھۆرمەت قى-
لاتتى. شەھەر خەلقى ھەممىسى خوجا ئە-
خىدىن ھايا قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ساخاۋىتى-
دىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى خوجا ئەخى بىرەر خارابە
جايدا ئورۇنلىشىپ، بېشىنى ھاجەتمەنلىك
تۇپرىقىغا قويۇپ ياتقان بىچارىلەردىن
بولسا، تاپاي دەپ، شەھەر ئەتراپىنى
سەيلە - ساياھەت قىلدى. خوجىنىڭ كۆزى
تۇساتتىن ھېلىقى ۋەيرانىدا ياتقان

ئاتىۋان شاھزادىگە چۈشتى. خوجا ئىتىنى شۇ تەرەپكە سۈرۈپ بىرىپ، ئاتتىن چۈشتىدە، ئىتىنى خىزمەتكارىغا بەردى.

— ھەي بىچارە، — دىدى خوجا ئەخى پەررۇخ جامالنىڭ ئالدىغا كىلىپ، — ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىلغىن.

ئۇ ئاتىۋان شاھزادە كۆزىنى ئىچىپ سالام بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئىھتىرام بىلەن ئولتۇرۇپ:

— ھەي نۇرانە چىھرىلىك خوجا، مىنىڭ ھالىمنى سورىماي، ئۆز يولۇڭغا مىڭىۋالغىن، مىنىڭ غەملىرىمنىڭ تەسىرى سىنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ يۇقمىسۇن، جىنىڭغا مىنىڭ ئوتلىرىمنىڭ ئۇچقۇنى چۈشۈپ كەتمىسۇن، — دىدى.

خوجا ئەخى شاھزادە پەررۇخ جامالنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ۋە يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىچ ئاغرىتقىنىدىن كۆز يىشى قىلدى. ئۇنىڭ رەڭگى رويى ۋە شىرىن سۆزلىرىدىن بۇ بىچارىنىڭ ئەزىزاتلاردىن ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلۇغلۇق سەدىپى ئىچىدىكى بىر ئاجايىپ گۆھەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. خوجا شاھزادىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىتىغا مىندۈرۈپ، ئۇنى ياخشى كۈتۈۋىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئىلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەزىز مىھمانىنى ئۆيىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزلىرىدىن ئۆز ئايىۋىنىنى يورۇتتى. ئاندىن دەرھال تائام بىلەن شەربەتلەرنى تەييارلاپ، زىياپەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق نازۇ نىمەتلەرنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا تىزدى. مىھمانمۇ زىياپەت تەرىپىگە مايىل بولدى. خوجا ھەرتەرەپتىن سوئال سورىسا، مىھمانمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار ئارقىلىق ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ گۆھەر چاچقۇچى جاۋابلىرىنى ئاڭلىغان خوجىنىڭ يەنە سوئال سورىغۇسى كىلەتتى. كەچ كىرگەندە خوجا مىھمانىنىڭ ئارام ئىلىشى ئۈچۈن خىلۋەت بىر ھۇجرىنى ياساپ، بىسات سالدۇرۇپ بەردى. مىھمان كىچىلىرى ئۇ يەردە ئورۇن تۇتتى. غەم ۋە مىسكىنلىك ئۇزۇن كىچىلەردىكى ئۇنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى ئىدى. ئۇ ئىشق ئازابىدىن مۇڭلۇق نالە-زار قىلاتتى، زەپىرانىدەك يۈزلىرىگە كۆز ياشلىرىدىن مۆلدۈرلەرنى ياغدۇراتتى. خوجا ئەخى شاھزادىنىڭ نۇرلۇق يۈزىدىن ئۆز كۆزىنى يورۇتاتتى. ئۇنىڭ مەرۋايىتلار تىزىقىدەك قىممەتلىك سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى. خوجا رەڭگارەڭ ئىسىل كىيىملەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىيىشىنى ئىلتىماس قىلاتتى. بىراق بۇ مىھمان خوجا كەلتۈرگەن لىباسلارنى كىيگىلى ئۇنىمايتتى، ئۆزىنىڭ قارا پالىزىنى تاشلىمايتتى. ئۇنىڭ نازۇك كۆڭلىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن خوجا، بۇ ئىشقا ئۇنى ئارتۇقچە قىستىمىدى. شاھزادە بىرقانچە كۈن ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. كىچىلىرى ئۆزىنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىدا بولاتتى. خوجا ئەخى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىملارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. خوجا نەچچە كۈنلەردىن كىيىن خادىملىرى بىلەن بىللە مىھمان ياتقان ھۇجرىنىڭ ئۆگزىسىگە مەخپىي ھالدا يىتىپ كەلدى. ئۇ تۈڭلۈككە قۇلاق قويۇپ، مىھمانىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان دەرد-ئەلەم ۋە رەنجۇ مۇشەققەتلىرىنى بىلدى. بۇ قەدەر ئاجايىپ ئوت مىھمانغا تۇتاشقان ئىدىكى، ئۇ ئوتلۇق ئاھلار بىلەن ئۆزىنى ئۆرتەيتتى. ئۇنىڭ چەككەن ئاھلىرى خوجىنىمۇ قىزىتىۋەتتى.

بىراق ئۇ كىشىلەرنىڭ تۈيۈپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ، ئۇنىنى ئىنتايىن پەس چىقىر-
راتتى. خوجىمۇ ئىشق دەردىنىڭ زۇلۇم
كۆلپەتلىرىنى كۆرۈپ باققانىدى. شۇڭا ئۇ
مېھماننىڭ دەردلىك ئاھۇ زارىدىن كۆڭلى
بۇزۇلغان ھالدا ناھايىتى كۆپ ياش تۆكتى
ۋە مېھماننىڭ سۆزلىرىگە بېرىلىپ قۇلاق
سالدى. مېھمان گاھ ئۆز دىلبىرىنىڭ
ئەپسانىلىرىدىن سۆزلىسە، گاھ ئۆز قوشۇنى
ۋە تەختى-بەختىدىن سۆزلەيتتى. بۇ
سۆزلەردىن خوجا ھوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭ
ھال-ئەھۋالىنى پەملىدى. بۇ مېھماننىڭ
ئەسلىدە سەلتەنەت ئەۋجىدە پارلىغان
تولۇن ئاي ئىكەنلىكىنى، يەنى شاھ نەسلىدىن
ئىكەنلىكىنى، بىراق، ئىشق ئۇنى بىچارە
ھالەتكە چۈشۈرۈپ، غېرىبلىق ئىچىدە بىر
ئىتقۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى جەزىم-
لەشتۈردى. خوجا ئۇنىڭ ئىشىغا ئىلاج
قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— بۇنىڭ بىر يوشۇرۇن دەردى بار
ئىكەن، — دېدى خوجا مۇلازىملارغا، — بۇ
دەردنى ئۇنىڭدىن ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستى-
دا ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ
كىشى ئىشق يولىدا كامالەتكە يەتكەن
ئادەم ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆز دەردىنى ئېنىق
بايان قىلمايدۇ. ئۇنى شاراب ئىچىشكە
قىزىقتۇرۇپ، مەست قىلساق، ئاندىن ئۇنىڭ
سىرلىرىنى بىلەلىشىمىز مۇمكىن.

سۇبھى كاپۇردەك ئاپئاق كىيىملىرىنى
زېمىنغا ياپتى. قۇياش نۇر سەللىسىنى كى-
يىپ ئورنىدىن تۇردى. خوجا مېھمانخانىغا
كەلدى ۋە مېھماننىمۇ تەكلىپ قىلىپ بىللە
ئولتۇردى. ئۇلار چۈشكىچە يەپ-ئىچكەچ
سۆھبەت قۇرۇشتى. قۇياش ئېگىلگەن،
ھاۋامۇ مۆتىدىل ھالغا كېلىپ قالغان مەز-
گىلدە، خوجا مەجلىس ئىچىگە شارابنى
پەيدا قىلدى. نەي ۋە راۋابلارنىڭ نەغمە-
ناۋاسى ياڭراپ بەزمە قىزىشقا باشلىدى.
بەزمە ئەھلىنىڭ تاقىتى تاق بولدى. خوجا
بىر قولىغا ئىدىش، يەنە بىر قولىغا پىيالىنى
ئېلىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ
ئولتۇردى. ئۇ بىر پىيالىنى ئۆزى ئىچى-
ۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر پىيالىنى
لىقلاپ، مېھمانغا تۇتتى. مېھمان خوجىدىن
كۆپ مىننەتدار بولغاچقا، ياق دېيەلمەي
ئۇنى ئېلىپ ئىچتى. بەزمە ئەھلى باركاللا
ئېيتىشتى. خوجا ساقىيلىق قىلىپ سورۇننى
بىر ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قەدەھ
بىلەن ئىدىشنى يەنە باشقا ساقىيلار قولىغا
ئېلىپ ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. قەدەھلەر
شۇ تەرىقىدە ئۈزۈلدۈرمەي بىرقانچە نۆۋەت
ئايلانغاندىن كېيىن، بەزمە ئەھلىنىڭ باش-
لىرىغا مەي تەسىر قىلىپ، مەست بولۇشتى.
سازەندىلەر ناخشا-مۇزىكىلارنى تەرەپ-
تەرەپتىن ياڭراتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ
«ئىچە، ئىچ!» دېگەن سادالىرى پەلەككە
يەتتى. كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا مەيدىن
قول تارتىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ سېلىشقان
ھالدا ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.
خوجا بۇ غەلۋە-غوغالاردىن ئۆزىنى تار-
تىپ، شاھزادە بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە
مەجلىس تۈزدى. شاھزادە خوجىدىن خىجىل
بولۇپ تارتىنغانسېرى، خوجىمۇ كىچىك
پېئىللىق بىلەن چاكارلارچە يەر ئۆپۈپ
تۇردى. ئاخىر مەي ئارىدىن ئەقىل پەر-
دىسىنى ئېلىۋەتتى. شاھزادىنىڭ دىيار ۋە
مەملىكىتى بىلەن كۆڭۈلدىكى ئارزۇ-ئار-
مانلىرى ئىختىيارسىز ھالدا يادىغا يەتتى.
ئۇ گۈل رەڭ ياشلار بىلەن كۆزلىرىنى توش-
قۇزغان ھالدا ئۆز ئاھۋالىنى سۆزلەشكە

باشلىدى. خوجا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئارىلاپ - ئارىلاپ مەي سۇنۇشنى داۋام ئەتتى ۋە يۈزلىگەن مۇلايىملىق سېھىرلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن سۆز ئېلىشنىمۇ داۋام قىلدى. خوجا شاھزادىنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئالىي نەسەب-زاتىنى، غۇربەتچىلىكتە ئەسىر بولغانلىقلىرىنى، ئەسلىدە بولسا ئۇنىڭ بۈيۈك بىر ھەشەمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، جۈرئەتخان بولسا ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شاھزادە ئۆزىنىڭ چۈشىدە ئاشىق بولغان مەشۇقىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇ مەشۇق مۇشۇ ھەلەب شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە بۇ جەبرۇ - جاپالار شۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنىمۇ مەلۇم قىلدى. خوجا ئۇ مەشۇقىنىڭ نام-نىشانىنى سورىغانىدى، ئۇ ناتىۋانىمۇ بىلگىنىچە بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خوجا ئەخىنىڭ جىسمىغا ئوت، كۆڭلىگە ئىزتىراپلىق چۈشتى. چۈنكى ئۇنىڭ بايانىدىكى بەلگە - نىشانىلەر دەل خوجا ئەخىنىڭ ئايالىنىڭ بەلگە ۋە نىشانىلىرى ئىدى. بۇ بىچارە مېھمانىنى كۆيدۈرگىنى خوجىنىڭ تۈنلىرىنى يورۇتقۇچى ئاشۇ چىرىقى ئىدى. دەريا كۆڭۈللۈك خوجا ئەخى: «بۇ شاھزادە قانداق بولۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق ۋە شەيدا بولۇپ قالدۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ ناھايىتى كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن مۇنداق پىكىرگە كەلدى: «شاھزادىگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ بۇ سىرلارنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىدىم. ئىشق يولىدا مۇنداقمۇ سادىق ئاجايىپ ئاشىق بولىدىكەن. ئۇ بار - يوقىنى تاشلاپ، غېرىب بولۇپتۇ. جاھانغا كۆز قىرىنى سالماي، ئىشق ئىچىدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى بېشىغا ئېلىپ يۈرۈپتۇ. مۇنداق دىشۋارچىلىقنى ھېچكىم تارتمىغان بولغىيتتى. بۇ ھەمجىراندا ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى شەكسىز. ئەمدى مەن ئۇنىڭ بالاسىغا قالدىم. ئۇنىڭ دەردىگە داۋا قىلىشىمغا توغرا كەلدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام، نامەردلىك بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزەي. ماڭىمۇ ئايال كىشى تېپىلار.»

— ئەي مۇساپىر، — دېدى خوجا ئاخىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — غەم يېمىگىن، سېنىڭ جېنىڭغا ئاپەت بولغان بۇ غېمىڭگە ئىلاج قىلىش ماڭا ناھايىتى ئاسان. تەلپىڭ مېنىڭ بىلەن ھاسىل بولغۇسىدۇر. تەڭرىم خالىسا مۇرادىڭغا يەتكۈزگەيمەن. لېكىن مەن نېمە دېسەم شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭ كېرەك.

ئۇ بىچارە ئاشىق شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، دەرھال خوجىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى:

— سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپ رەت قىلىشقا مېنىڭ ھەددىم بارمۇ؟ ئەگەر مېنىڭ دەردىمگە دەرمان قىلساڭ، ھەرقانداق پەرمانىڭ بولسا، ئۇنى جان - دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن، — دېدى ئۇ خوجا ئەخىگە.

شۇ يوسۇندا سۆزلەر قىلىشقاندىن كېيىن خوجا بىلەن شاھزادە ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەلقىسسە، تۈن ئورنىنى سۇبھى ئىگىلىدى. تاڭ قۇشلىرى سايراشقا باشلىدى. جاھانىنى ئىللىتقۇچى قۇياش ئۇپۇقتا جىلۋىلەندى. خوجا ئەخى بىلەن پەررۇخ جامال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شاھزادە خوجىغا:

— ۋەدەڭنى ئۇنۇتمىغىن، — دېگەن سۆزۈڭدىن يانمىغىن. مەن نېمە دېسەڭ

سېنىڭ پەرمانىڭدا بولاي، — دېدى.

خوجا شاھزادىنى ھاممامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇردى. ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھىجران كىرلىرىنى تازىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا خىلمۇخىل ئېسىل تونلارنى كىيگۈزۈپ، قارا پالازدىن ئۇنىڭ تېنىنى ئازاد قىلدى. پەررۇخ جامال شاھانە لىباسلار بىلەن جابدۇندى. شاھانە ياسالغان ئاتنى مىندى. خوجا ئۇنى ھەيۋەت، ھەشەمەت بىلەن باشلاپ كېلىپ ئالتۇندا بېزەلگەن قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن خوجا ئۇ گۈزەل نازىنىننىڭ ھۇجرىسىغا باردى. ئۇ پەرى خوجىنى كۆرۈش بىلەنلا سالام بەردى. خوجا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، خوجا ئۇ ھۆرگە ھېكمەتلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە ھېچكىم تەدبىر قىلالمايدۇ، — دېدى خوجا ئۇ نازىنىنغا، — خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشى قوشۇلغان. ۋىسال ئىچىدە شادىمان بولغانىدۇق. تەڭرىگە تەشەككۇرلەر بىلدۇرۇپ، غەم - قايغۇدىن ئازاد ھالدا ياشاپ كەلگەنىدۇق. ئەمدى ئايرىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بۇنى تەڭرى پېشانەمگە پۈتۈپتۇ. تارتماسقا مەندە چارە يوقتۇر. ھازىرغىچە سەن مېنىڭ سىرداشىم، رەپىقەم، شەپقەتچىم ۋە مېھرىبان جۈپتۈم بولۇپ كەلگەنىدىڭ. سەن ھەممە جەھەتتىن مېنى خۇشال قىلدىڭ، بەلكى ئۇلۇغ تەڭرىمۇ سېنىڭدىن خۇشال بولغاي.

خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەل بۇنىڭ نېمە گەپلىكىنى بىلەلمەي، ھەيرانلىق ئىچىدە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. خوجا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنى تالاق قىلدى. بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇ سەنەم پەرياد كۆتۈردى:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ مېنى نېمە كۆرۈپ بۇنداق ئاھانەتلەرنى قىلىسەن؟ نېمىشقا مېنى قىيامەتلىك دەردەلەمگە قالدۇرىسەن؟!

خوجا ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ، كۆپ مېھرىبانلىقلارنى كۆرسەتتى؛ ھەددۇ - ھېسابسىز پۇل - مال ۋە جاۋاھىراتلارنى بەردى.

— بۇ مال - مۈلۈكلەرنى ئالغىن، — دېدى خوجا ئۇنىڭغا، — سېنى بىر كىشى بىلەن نىكاھلاپ قويىمەن. ئۇ كىشى بولسا سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايىدۇر. جاھاندا ئۇنىڭدەك بۈيۈك پادىشاھ يوق.

خوجا شاھزادىنىڭ خۇي - مىجەزى ۋە ھۆسنى جامالىنىمۇ بىر ھازاغىچە ماختاپ، تەرىپلىدى. يەنە بىرتەرەپتىن ئۇ گۈلچېھرىنى قىلىچ بىلەنمۇ قورقۇتۇپ جىمىقتۇردى. ئايال تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشتىن ئۆزگە چارە - ئامال تاپالمىدى. خوجا ئەخى ئۇ يەردىن چىقىپ بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلىدى. خەزىنىلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ، مال - مۈلۈكلىرىنى چىقاردى ۋە ئۇنى شاھانە مۇراسىملارغا ئىشلەتتى. خوجا تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن ئۇ سەرۋى بىلەن بۇ گۈلنى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر ئەھلى سالاھ كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا شۇ زاماننىڭ رەسمىيىتى بويىچە نىكاھ ئوقۇتتى. خوجا ئاندىن كېيىن يول تەييارلىقلىرىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئىككىيلەنگە يولدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پەرەڭ ۋە رۇم چاكارلىرىدىن يۈزنى

تەيينلىدى. نۇرغۇن قېچىر ۋە تۆگىلەرگە ئەتلەس قاتارلىق گەزماللارنى يۈكلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەتلىك يوپۇقلارنى ياپتى. يەنە نۇرغۇنلىغان ئات ئۆي ۋە چىبدىر - بارگاھلارنى بىساتلىرى بىلەن تەييارلاپ، ئۇلارنى ھەيۋەت بىلەن يولغا سالدى. خوجىمۇ بىرنەچچە مەنزىلگىچە ھەمراھ بولۇپ بىرگە باردى. ئۇ قان - ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا بۇ ئىككىيلەنگە بەخت تىلىدى. «تەگرىم سىنى ئۆز يۇرتۇڭغا ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ، تاجۇ تەختىڭگە ئىگە قىلغاي» دەپ دۇئا قىلدى. خوجا ئەخى ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن شاھزادىدىن ئېلىپ قالغان قارا پالازنى كىيىپ، ياش تۆككەن پېتى قايتىپ كەتتى. پەررۇخ جامال بىلەن ئۇ گۈزەلمۇ يىغلا - قاخشا ئۆز يولىغا ماڭدى.

شاھزادە خوجا ئەخىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۇ پەرىۋەش بىلەن بىللە بولغۇسى كەلدى. ۋىسال ئۆيىگە كىرىشكە تەشنا بولدى. ئۇ ھىجران ئوتلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. پەررۇخ جامال ئۇ پەرىنىڭ چىرايىغا قارىغاندى، ئۇنىڭ قانلىق ياشلارنى تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ يۈزلىرىنى ئۆز تىرناقلىرى بىلەن زەخىملەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ نەسترىن گۈلدەك يۈزلەرى گوياكى لالىزارغا ئوخشاش قىپقىزىل بويالغاندى. ئۇ گۈلگە بۇ دەرىجىدە ئازار يەتكەنلىكىنى كۆرگەن شاھزادە خۇددى ناتىۋان بۇلبۇلدەك بىئارام بولدى.

— ھەي ئاي يۈزلۈك پەرى،— دېدى شاھزادە ئۇنىڭغا،— بۇنداق بەخت كىمگە نېسىپ بولۇپ باققان؟ نىكاھ قىلىنغاندىن كېيىن سەن خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى، بىراق سېنىڭ چېھرەڭدىن ئاجايىپ غەم - غۇسسە ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇنىڭغا بەكمۇ ئەجەبلىنىپ قالدىم. سەن ماڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگىن.

ئۇ پەرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ھەي شاھزادە، كىشى نىكاھ بىلەن خۇشال بولامدۇ ياكى تالاق بىلەنمۇ؟— دېدى.

— ھەي پەرىۋەش، بۇ سۆزۈڭنى تەپسىلىي بايان قىلغىن. سەن ئېيتقان بۇ «تالاق»نىڭ مەنىسىنى، يەنى ۋىسال ئىچىدىكى بۇ پىراقنىڭ بائىسىنى ئېنىق ئېيتقىن. مەن ئاڭلاپ باقاي،— دېدى شاھزادە.

ئۇ ئاي يۈزلۈك سەرۋى كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن ھالدا بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شاھزادە پەررۇخ جامال بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، شۇنداق قايغۇ - ھەسرەتكە پاتتىكى، ھالاك بولۇشقا ئاز قالدى. خوجا ئەخىنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران قالدى. شاھزادىمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى تولۇق بايان قىلدى.

— ئەي مۇبارەك خىسلەتكە ئىگە پەرى،— دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا،— سېنىڭ ھۆسنى - جامالىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگىنىدەك، ئىشقىڭدا مەن تارتقان دەرد - ئەلەملەرنىمۇ ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان. مەن گەرچە دەردىمگە داۋا تاپالمىغان بولساممۇ، لېكىن ساڭا ھەرگىز يامان كۆزدە قارىمايمەن. خوجا ئەخى نۇرغۇن مال - دۇنيانى بېرىپ، بىزنى نىكاھلاپ قويۇپتىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نىكاھىنى بىكار

قىپتۇ. ئۇنىڭدا شۇ قەدەر رەھىم - شەپقەت
بولىغان يەردە، بىزدىمۇ ئازراق ئالىيجاناب-
لىق ۋە ئىنساپ دېگەندىن نىشانە بار.
خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلى-
رى ئەتىجىسىدە مەندىكى نەپسى يامانلىق
پۈتۈنلەي يوقالدى. سەن ئەمدى ماڭا
ئىككىلا ئالەمدە سىڭىل بولۇپ قالدىڭ.
شۇڭا خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام يۇرد-
ۋەرگىن.

شاھزادە خۇشال - خۇرام ھالدا ئۇ
ئاي يۈزلۈكنىڭ يېنىدىن قوپتى. ئۇ گۈزەل-
مۇ شادىمان بولغان ھالدا پەرروخ جامالغا
سىڭىل بولۇشنى قوبۇل قىلدى. بىراق كى-
شىلەر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى باشقىچە گۇمان
قىلىشاتتى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈ-
رۈپ، ئاخىر ھىندى مەملىكىتىگە يېتىش-
تى. بىراق جۇرئەتخان بۇ دۇنيا بىلەن
خوشلاشقانىدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا:
«ئوغلۇم پەرروخ جامال تەخت ۋارىسىم
بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. شەھەر
خەلقى شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىنى
ئاڭلاپ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى.
ئۇلار ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكرى - سانالار ئېيت-
تىپ، شېرىن جانلىرىنى شاھزادە ئۈچۈن
پىدا قىلىشتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
كۆزلىرى شاھزادىنىڭ جامالى بىلەن نۇر-
لاندى. شاھزادە ئاتىسىنىڭ تەختىدە
ئورۇنلاشتى.

شاھ پەرروخ جامال ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ
مالال بولماسلىقى، ئۇ سىڭلىسىغا بولغان
ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۆپ
ئىزدەندى. ئۇ نازىنىنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى
قەسىر - ھۇجرىلىرى، باغ ۋە راۋاق گۈمە-
بەزلىرىنىڭ ھەممىسى شاھنىڭ ئېنىق يادىدا
ئىدى. شاھ بۇ يەردىمۇ ئاشۇ قەسىر
ۋە باغلارنى قۇرۇشنى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ
گۈزەل ۋە نەپىس ئىشلەشنى پىلانلىدى.
يۈزلىگەن ھۈنەرۋەن ئۇستازلار ئىشقا چۈ-
شۈپ، ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىش، بۇ
ئارقىلىق ئاشۇ لايىھىدىكى باغنى ۋە قەسىر
ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈرۈلدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە پەرروخ
جامالنىڭ بۇيرۇقى تولۇق ئورۇندالدى. قە-
سىر - ئىمارەتلەر ۋە باغ - راۋاقلار پۈتۈن
زىب - زىنىنەتلەر بىلەن تەييار بولدى. بۇ-
نى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى گوياكى ھەلەب
شەھىرى ھىندىستان تەرەپكە كېلىپ قاپتۇ
دەپ گۇمان قىلاتتى. ئۇ ئاي يۈزلۈك سە-
نەم بۇ ئىمارەتلەر تەرەپكە باشلاپ كېلىندى-
دى. ئۇ كۆرۈپ، ھەلەب شەھىرىدىكى ئۆز
قەسرى ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدى.
ئۇ شاھنىڭ سىڭلىسى قاتارىدا ھۆرمەتكە
ئىگە بولدى. كۈمۈش بەدەنلىك كېنىزەك-
لەردىن يۈزى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ئۇنىڭ
نازۇ - نېمەتلىرى ۋە كېرەكلىك جاھازلىرى
شۇ قەدەر كۆپ تەييار قىلىندىكى، ئەقىل
ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالماس ئىدى.
شاھ پەرروخ جامال ھىندىستاندا ئەنە شۇ
ئىشلار بىلەن بولدى.

ئەمدى ھەلەب شەھىرىدە خوجا ئەخى-
نىڭ قانداق ھادىسىلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى
كۆرۈپ باقايلى:

خوجا ئەخى ئۇ گۈل يۈزلۈك بىلەن
پەرروخ جامالدىن ئايرىلىپ، كۆڭلى يېرىم
بولغان ھالدا ياندى. ئۇنىڭ تەلەي ئاس-
مىنىدىن ئىككى بەخت يۇلتۇزى ئۇچۇپ
كەتتى - دە، ئىقبالىغا زىيان يەتتى. ئۇنىڭ
لىباسلىرىغا ئاپەت ئوتلىرى تۇتاشتى، ھەم-
مە سودىدا ئۇدا زىيان تارتتى. ئۇ قانچە
پىكىر قىلسىمۇ ئۆزىنى ئوڭشالمىدى.

خوجىنىڭ بارلىق ئەھۋالىغا زىلزىلىگە چۈشتى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى شەھەر سۇلتانىغا: «خوجا ئەخى بۇ مەملىكەتنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر مەملىكەت پادىشاھىغا نۇرغۇن مال-دۇنيانى بېرىپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتتى.» دەپ مەلۇم قىلىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ھەلەب سۇلتانى خوجىنى قاماققا ئېلىش ۋە بارلىق مال-مۈلكىنى خەزىنىگە ئېلىشقا ئەمىر قىلدى. ئاقىۋەتتە ئۇلار خوجا ئەخىنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى. خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىنداندىن قېچىپ كەتتى. ئۇ خالايىقنىڭ تونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۆز سۈپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. ئۆزى يالىڭاچ بولۇپ گۈلخان ئەتراپىدا ئورۇن ئالدى. ئۇ گويا ساراڭ ئادەملەردەك كۆل ئۈستىدە ياتتى. ئۈستىگە بولسا پەررۇخ جامالدىن قالغان ئاشۇ كونا قارا پالازنى يېپىنىۋالغانىدى.

ئەلقىسسە، خوجا ئەخى ئۆز ۋەتىنىدە ياخشىراق بىر پاناھ جاي تاپالمىدى. ئاخىرى ئۇ شاھ پەررۇخ جامالنىڭ مەملىكىتىگە قاراپ سەپەر قىلدى. نەچچە ۋاقىت تاغۇدەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە سەرانديپ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. يول جاپاسىدىن ھەر نەپەستە بىر ئاپەتكە يولۇقۇپ، ئۇنىڭ ھېچ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى يول ياقىسىغا جايلاشقان بىر ئەسكى تاملىقنىڭ ئىچىگە كىردىيۇ، لېكىن ئاھ ئۇتلىرى پەلەك سېپىلىدىن ھالقىپ كەتتى. يول جاپاسىغا مۇپتىلا بولغان خوجا ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەردە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەلقىسسە، شاھ پەررۇخ جامال غۇربەتچىلىكنىڭ رەنجۇ ئەمەللىرىنى تارتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجىنىڭ ياخشى ئىشلىرى ۋە ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر ئالىي مېھمانخانا ياساتتى. بۇ يەردىن غېرىب-غۇرۇۋالار كەم بولمايتتى. شاھ خۇددى خوجا ئەخىگە ئوخشاش پات-پات شەھەر ئەتراپىنى ئايلىناتتى. خوجا ئەخى شەھەر سىرتىدىكى خارابە ئىچىدە يېتىپ قالغان كۈنى شاھ پەررۇخ جامال سەيلە قىلىپ چىقىپ، ئۇ يەرگە كېلىپ قالدى. شاھنىڭ تۇساتتىن ئۇ بۇزۇق ۋەيرانىدە ياتقان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شاھ بۇ دەردكە دۇچار بولغۇچىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يېپىنغان پالىزىنى تونۇدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر غېرىب بىچارە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. شاھ ئۇنىڭغا:

— ھەي بەختسىز بىچارە، ئورنىڭدىن تۇرغىن، — دېدى.

خوجىمۇ ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈش بىلەنلا تونۇشتى. شاھ بىر ئاھ تارتىپ ئېتىدىن چۈشتى. خوجىمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇلار بىر-بىرىنى قۇچقانلىرىچە يىغا-زارە قىلىشتى، بىر سائەتچە قۇچاقلىشىپ ياش تۆكۈشتى. شاھنىڭ قوشۇن ۋە سىپاھلىرى ئىلگىرى يۈز بېرىپ باقمىغان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۇ ئىككىسى تەڭرىگە شۈكۈر-سانالار ئېيتىشتى. ئاندىن شاھ خوجىنى قەسرىگە تەكلىپ قىلدى. ئالدى بىلەن شاھ خوجا ئەخىنى ھاممامغا باشلىدى. خوجا ئەخمۇ دەرھال ھاممامغا چۈشۈپ، بەدىنىنى سەپەر توزانلىرىدىن پاكىزلىدى. ئۇ خۇشال-خۇرام ھالدا ھاممامدىن چىقىپ ئاجايىپ تون سەرۇپايلارنى كىيدى. شاھ چىرايلىق كىينىگەن نۇرغۇن چاكارلارنى خوجا ئەخىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا قويدى. ئۇلارنىڭ ئىززەت-ئىكراملىرىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى

ھەيران قالاتتى. مۇلازىملار خوجىنى باش-
لاپ شاھ قېشىغا كىردى. شاھمۇ مېھماندار-
چىلىق بەزمىلىرىنى تۈزۈپ، نەچچە كۈنگە-
چە خوجىنىڭ ھەممە مۇراد-مەقسەتلىرىنى
ھاسىل قىلدى. خوجا چەكسىز شادلاندى.
ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھىجران ئوتلىرى پە-
سەيدى. پەررۇخ جامال شاھانە بەزمە ئۇيۇش-
تۇرۇپ، ئۆزى تەخت ئۈستىدە ئورۇنلاشتى.
بارلىق خالايىقنى بۇ يەرگە ھازىر قىلدى.
خوجىغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن زىياپەت
مەيدانىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئان-
دىن كېيىن بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى ئورۇن
ئالدى. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنى، غۇربەتچىلىك دەۋ-
رىدە خوجىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى،
ئەنى ئۇنىڭ مەردلىك داستانىنى تولۇق
بايان قىلدى. بارلىق سۆھبەت ئەھلى بۇ
ئاجايىپ قىسسىنى ئاڭلاپ، شاھنىڭ ۋە خو-
جا ئەخنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيدى.

— گەرچە مەن بىر پادىشاھ بولسام-
مۇ، — دېدى شاھ قىسسىنى ئاخىرلاشتۇر-
غاندىن كېيىن، — خوجىنىڭ قىلغان ياخشى-
لىقلىرىنى ياندۇرۇشقا ئاجىزمەن. مېنىڭ
تۇغقانلىرىمدىن پاكلىق پەردىسى ئىچىدە
ساقلىنىۋاتقان بىر قېرىندىشىم بار. ئەمدى
شۇ سىڭلىمنى نىكاھلاپ، خوجىغا جۈپ قىلىپ
بېرىمەن. چۈنكى بۇ خوجا ئۆزىنىڭ جۈپ-
تىنى تالاق قىلىپ، ماڭا نىكاھلاپ بەر-
گەنىدى. مەن بۇ بەختۇ دۆلەت ۋە تاجۇ
سەلتەنەتنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ خوجىنىڭ
مەرھەمەتلىرى تۈپەيلىدىن ئېرىشتىم.

شاھ سۆزىنى ئاخىر شۇ يەرگە تۈگ-
دى. ھەممە خالايىق شاھنىڭ بۇ پىلانىغا
باركاللا ئېيتىشتى. شاھ سۆزلەپ ئۆتكەن
بۇ ۋەقەلەرنى ھەتتاكى كۆپنى كۆرگەن بۇ
قېرى جاھانمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

شاھ پەررۇخ جامال خوجا ئەخنى
شۇنداق پەرۋىش قىلدىكى، ئۇنى ھەممە
ئەرسىدىن بىھاجەت قىلدى. ئۆزىنىڭ بار-
يوقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. مەملىكەتنىڭ
ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى ئۇنىڭغا بەردى.
شاھ خوجا ئەخنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى
ھەمىشە ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئۇنىڭغا
قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ
تۇراتتى. بۇ ئىككىسى گوياكى مۇسا ئەلەي-
ھىسسالام بىلەن ھارۇندەك يېقىن بولۇپ
كېتىشتى. شاھ پەررۇخ جامال خوجا ئەخنى
مال-دۇنيا بىلەن گوياكى قارۇندەك باي
قىلىۋەتتى. شاھ نىكاھ خۇتبىلىرىنى ئوقۇتۇپ،
سىڭلىسىنى خوجىغا چېتىپ قويدى. ئاندىن
خوجىنى ئاي يۈزلۈك پىنھان بولغان جايغا
باشلىدى. خوجا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى
ھەلەب شەھىرىدە قېپقالغان دەرۋازا ۋە
قەسىر، راۋاقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.
ئۇ ئەتراپنى سەيلە-تاماشا قىلغان ھالدا
ئۇ ئاي يۈزلۈك ئورۇنلاشقان ھۇجرىغا يې-
تىپ كەلدى. خوجا ئۇ ھۇجرىغا ئاياغ قو-
يۇش بىلەنلا ئۇنى باشلاپ ئاپارغان مۇلا-
زىملارنىڭ ھەممىسى يىراق كېتىشتى. ھىج-
ران دەشتىدە ئاۋارە بولغان بۇ ئىككى بى-
چارە بىر-بىرىنى كۆرۈش بىلەنلا شۇنداق
ھەيران قالدىكى، ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا
پەرياد چېكىشتى ۋە ھەر ئىككىلىسى يىقىلىپ
ھوشىدىن كەتتى.ئۇلار بىر پەستىن كېيىن
يەنە ھوشىغا كېلىپ، يىغا-زارە قىلىشتى-
دە، يەنە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ خىل
ھالەت بىرقانچە قېتىم داۋام قىلدى.
ھىجران ئىزتىراپلىرى سەل پەسەيگەندىن
كېيىن خوجا ھاياجان ئىچىدە ئۇ نازىنىن-
دىن سورىدى:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ ماڭا ھەيرانلىق ئۈستىگە ھەيرانلىق يۈزلەندى. سەن ئەھۋالىڭنى بايان قىلىپ مېنىڭ بۇ گاڭگىرىغان ھالىتىمگە چارە قىلغىن. ھەممە ۋەقەنى تولۇق سۆزلەپ بەرگىن.

ئۇ گۈل يۈزلۈكمۇ ياقۇتتەك ئېغىزلىرىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، سۆز شېكەرلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇ خوجىدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ بېشىدىن ئۆتكەن جىمى سەرگۈزەشتىلەرنى تولۇق بايان قىلدى. شاھنىڭ ساپ كۆڭلىنى، پاك، مەردانىلىقىنى ۋە قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. خوجا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يەنە ھوشىدىن كەتتى، نەچچە كۈنگىچە شۇ تەرىقىدە گاھى ھوشى بىلەن، گاھى ھوشسىز ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەقىل-ئىدراكى بارا-بارا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى بىلەن دائىملىق سىرداش بولدى. گوياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەلەب شەھىرىدىكى ئۆيىدە ئارام ئالغاندەك شاد-خۇراملىق ھېس قىلدى. خوجا گەرچە شاھنىڭ يېنىدا بولغان چاغلىرىدا ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۆيىگە كەلگەن ھامان سەپەردە كىيگەن ھېلىقى قارا پالازنى كىيەتتى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ قارا پالاز ئارقىلىق بۇ ئەتىۋارلىق لىباسلارغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئەگەر ئاشۇ قارا پالازنى ئۇنتۇپ تاشلىۋەتسە، ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتقان بولاتتى. ئۇ قارا پالازنى كىيىپ، سەجدە ئۈچۈن قامەتلىرىنى ئەگدى. بۇ ئارقىلىق ۋىسال سۇبھىسىگە ئېرىشتى. كۆڭلىگە غايىب ئالەمدىن نۇر پەيدا بولدى. خوجا قارا پالاز ئىچىدە گوياكى زۇلمەت ئىچىدە ئابىھاياتقا ئېرىشكەن خىزىردەك نىجاتلىق تاپتى. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن پادىشاھمۇ قارا پالاز كىيىشنى ئادەت قىلدى. شاھنىڭ قارا كىيىمىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان خالايىقلارنىڭ ھەممىسى قارا پالاز كىيىشكە باشلىدى. چۈنكى قارا رەڭ خالايىق ئۈچۈن قارا تاجىدۇر. بۇ خىل رەڭ ئىچىدە بولغان كىشى ناھايىتى مۇبارەك كىشىدۇر.

ئۇ مۇساپىر شۇ سۆزلەردىن كېيىن ھېكايىسىنى توگەتتى. شاھ بەھرام بۇ ئەپساندىن خۇشال بولۇپ:

— ھەي ھېكمەت ئىگىسى، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، قەيەرلىك ۋە كىمنىڭ ئەۋلادىسەن؟ — دېدى.

— مېنىڭ ۋەتىنىم ھىندىستاندۇر، — دېدى ئەپسانىچى مۇساپىر جاۋابەن، — خوجا ئەخنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىمەن. بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتىم شاھ ئالىيلىرىغا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

شاھ بەھرام ئۇ مۇساپىرنىڭ جىمى ھاجەتلىرىنى راۋا قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز يېنىدا خاس ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. مۇساپىرنىڭ ھېكايىسى بىلەن شاھ بەھرام تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

**شاھ بەھرامنىڭ يەكشەنبە كۈنى قۇياش كەبى سېرىق لىباسلارنى كىيىپ، ئالتۇنسىمان قەسىر ئىچىدىن ئورۇن ئالغانلىقى، ئۇ يەردە سېرىق كىيىنگەن ھۆر بىلەن ئىشرەت بەزمىسى تۈزۈپ، ساپ-سېرىق جاملاردا مەي ئىچكەنلىكى، ياق، بەلكى ئۇنىڭغا قۇياشنىڭ سېرىق گۈلى ئېچىلغاندىن تاكى ئاپتاپ سارغىيىپ، كۈن پاتقانغا قەدەر بولغان ۋاقىت بىر يىلدەك بىلىنگەنلىكى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ

مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ هۆكـۈمـ
رانـى هەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىـشـىـر
مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، يەكشەنبە كۈنى جاهاننى
ئىللىتقۇچى قۇياش تۇغ ـ ئەلەمنى چىقارـ
دى. بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئالتـۇن
رەڭ لىـباسـلارنى كـيـدى. جاهـان
تىللا رەڭ تونلارنى كيىپ، گۈل يۈزلۈك
سەنەمدەك ياساندى. شاھ بەھراممۇ شەرق
قۇياشىدەك پۈتۈنلەي ئالتۇن ئىچىگە غەرق
بولدى، باشتىن ـ ئاياغ ئالتۇندا ئىشلەنگەن
كىيىملەر بىلەن جابدۇندى. ئۇ قۇياشتەك
ساپـسېرىـق ئالتۇنلارنى هـەر تـەرەپـكە
چاچقان هالدا كېلىپ، ئالتۇنسىمان سېرىق
قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردە نەپىس
سېرىق شايىلارنى كىيگـەن رۇم گـۈزـىلى
گوياكى سېرىق ئالتۇن ئىچىگە چۆمۈلگەن
قۇياشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گوياكى
ئوت ئىچىگە ئوت سالغاندەك، ئالتۇن جامغا
زەپەرەڭ شارابنى قۇيدى. ئۇلار شۇنـداق
مەيخورلۇق قىلىشتىكى، ئۇ مەينىڭ شولىلىـ
رىدىن گويا قەسىر ئىچىگە ئوت تۇتاشقانـ
دەك بولدى. ئۇ ئوتتىن كۈننىڭ سېرىـق
تونلىرى ئىسلىشىپ تۈتۈن رەڭگىگە كىرىپ
قالدى. ئالتۇن تاۋلىنىـپ قارايـغـانـدەك
بولدى. شاھ بەھرام ئۇ شولىلار ئىچـدە
بەئەينى سەمەندەردەك، ياق، بەلكى نۇرـ
لۇق قۇياشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار سېرىـق
مەينى تاكى ئاپتاپ سارغىيىپ، كۈن پاتـ
قىچە ئىچىشتى. كـەچ كىرگـەنـدە ئۇ رۇم
گۈزىلى خۇددى قۇياشتەك هۇجرا پـەردىـ
سى ئىچىگە كىرمەكنى ئىختـيار قىلـدى.
شاھ بەھراممۇ ئۇخلاش ئۈچـۈن ئالـتـۇن
كارىۋات ئۈستىدە ياتتى. بىراق ئۇيـقۇسى
كەلمىدى. شاھ ئاخىر مۇلازىملارغا:

— بۇ قەسىر ئالدىدىكى يولدىن بىـ
رەر مۇساپىر ئۆتۈپ قالسا يەنە كەلـتـۈـ
رۈڭلار. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئەپسانـە
سۆزلەپ بەرسۇن، ـــ دەپ بـۇيرۇق قىلدى.

بىرنـەچچە كىشى چىققانىدى. ئۇـ
لارغا بىر يولۇچـى ئۇچـرىـدى. ئۇ ئادەم
ئىنتايىن چەبدەس ۋە تەڭداشسىز سـاياـ
هەتچى ئىدى. خادىملار بۇيرۇققا بىنائەن
يولۇچىنى دەرهال شاھ قېشىغا ئېـ
لىپ كەلدى. ئو مۇساپىر شاهـقا دىـلـنى
سۆيۈندۈرىدىغان دۇئالارنى ئادا قىلغانـدىن
كېيىن، ئۆز هېكمەتلىرىنى ئەپسانە يىپلىـ
رىغا تىزىپ، ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي سۆزـ
لەشكە باشلىدى.

## ئىككىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن هېكايىسى

جەمشىد زامانىدا رۇم ئېلىدە ئاجاـ
يىپ ئۇستا بىر زەرگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ
هۈنىرى خالايىققا قۇياشتـەك روشـەن ۋە
ئايان ئىدى. ئۇ شۇنداق تەڭداشسىز ئۇستا
هۈنەرۋەن ئىدىكى، كىشىگە بۇ پىرقىراـ
ۋاتقان پەلەك ئۇنىڭغا كورەك، تاڭ شامىـ
لى ئۇنىڭغا يەل بولغاندەك، قۇياش ئۇنىڭ
ئالدىدا تاۋلىنىۋاتقان ئالتۇن توقاچـتەك
تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ زەرگەر رۇم پادىشاهىـ
نىڭ ئالدىدىمۇ يۇقىرى ئورۇن ۋە مەرتـىـ
ۋىگە ئىگە بولغاچقا، شۇنىڭغا مـۇناسـىـپ
ئىش بۇيرۇلاتتى. ئۇ شەهەر ئىچىدە كۆزى
مال تونۇيدىغان قابىلىيەت ئىگىسى ئىدى.
شاهنىڭ خەزىنىدارىمۇ شۇ كىشـى ئىـدى.
قانچىلىغان كانلاردىن ۋۇجۇدقـا كـەلـگەن
ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ هەمـمـىسى ئۇنىڭ

ئالدىغا يىغىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇرغۇنلىغان ھۈنەرلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھۈنىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى زەيىد زەھھاپ ئىدى. ئۇ گاھى ھەندەسە (ئالگىبىرا) پېنىگە ئۇستاز بولسا، گاھى ھۆكۈما (تېۋىپ) لارغا رەھبەرلىك قىلاتتى. بەزىدە ئالتۇن كانلىرىنى تېپىشقا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بەزىدە ئالتۇن تاۋلاشقا تۇتۇش قىلاتتى. كېچە-كۈندۈز ئارام ئالمايتتى. شاھنىڭ ۋەزىرلىك خىزمىتىنىمۇ بېجىرەتتى. ئۇ ھەر بىر ھۈنەردە باشتىن-ئاخىرغىچە نۇقسانسىز ۋە تەڭداشسىز كىشى ئىدى. پايتەختنىڭ ھەكىمى ھەم داناسىمۇ شۇ كىشى ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بىرلا بىپەرۋالىق ئەيىبى بار ئىدى. ھەمىشە ئەيش-ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى، شاھنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزىنىڭ مالىيىسىدەك خەرج-خىراجەت قىلاتتى. ئۇ ئامانەتكە دىيانەتسىزلىك قىلىدىغان ئاشۇ خىل قىلمىشلىرى ئارقىلىق دائىم شاھنىڭ خەزىنىلىرىگە خىيانەت قىلاتتى. لېكىن شاھ ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مۇلايىم ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ھۈنەر ۋە ماھارەتلىرىگە ھېمىشە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ماختاپ تۇراتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېيتالمايتتى. ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارا قىلغان تەقدىردىمۇ شاھ ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايتتى، ئەگەر ئېتىبار قىلغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇ زەرگەر شاھقا دەرھال بىرەر ھۈنەر ياكى ماھارىتىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالاتتى. شاھ ئۇنىڭسىز بىردەم سەۋر-تاقەت قىلالمايتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ئۇ كىشى شاھقا مۇنداق ئەقىل ئۆگەتتى:

— ئەي جاھاننىڭ شاھى، تەختىڭ ماكانىڭدۇر. سەلتەنەتتە دەۋرىمىزنىڭ يېگانىسىسەن. شۇڭا ساڭا بىر تەختىراۋان بولۇشى كېرەك. باشقا شاھلارنىڭ تەختى ياغاچتا ياسالغان. بىراق سېنىڭدەك بەختى پارلاق پادىشاھنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئۆز لايىقىدا ئالتۇن تەخت بولۇشى كېرەك. خالايىق ئۇ تەختتىن كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇشسۇن. ھازىر نەچچە خەزىنە ھېسابسىز ئالتۇنلار بىلەن توشۇپ كەتتى. يەنە كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. بۇ ئالتۇنلارنىڭ خەزىنىدە بىكار تۇرۇۋەرگىنىدىن كۆرە بۇ ئىشنى قىلغان پايدىلىق. چۈنكى بۇ ئىش بىلەن شاھنىڭ زىب-زىننەتلىرى تېخىمۇ جۇلالىنىپ، شان-شەۋكىتى ئاشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تەخت شاھنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە كۆرۈنۈپ تۇرغان تەييار مال بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىگەن بۇ رەڭدار ھېكمەتلىرى شاھقا بەكمۇ خۇش يېقىپ كەتتى:

— ھەي ھەممە ھۈنەرلەردە يېگانە ۋەزىرىم، بۇنداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش خىيالىڭغا كەلگەن بولسا، بېرىپ ئاشۇ خاسىيەتلىك ئىشقا ئۆزۈڭ باش بولغىن، — دېدى پادىشاھ ئۇنىڭغا.

زەرگەر ئۇ تەختىراۋاننى تەييار قىلىش ئۈچۈن 2 مىڭ پاتمان ئالتۇن تەلەپ قىلدى. شاھ:

— ئۇ كۆڭۈللۈك ئىشنى پۈتكۈزۈشكە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسۇن، ئالتۇن ئېلىپ كېتىلسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۇ پەيلاسوپ ئۇستاز بارلىق

ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىگە يوشۇ-
رۇندى ۋە كېچە - كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىپ، تەختنى پۈتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.
بىر يىل جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە
ئۇنىڭ ھەممە جاھازلىرى پۈتتى. سەككىز
باسقۇچلۇق شۇنداق ئالىي بىر تەخت
تەييار بولدىكى، ئۇنى تولۇق سۈپەتلەش
مۇمكىن ئەمەس. شاھ ئورۇنلاشقان بۇ
تەختنىڭ چۆگرىسىدە سەككىز مەنزىل بار
ئىدى. ئۇنىڭ تۆتى ئېگىز، تۆتى پەس
ئىدى. پەستىكى تۆت مەنزىلدە شېكەر
سۆزلۈك تۆت تۇتى سايراش - سۆزلەشكە
مەشغۇل ئىدى. ئېگىزدىكى تۆت مەنزىلگە
تۆت توز ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، بۇ توزلار
شاھنىڭ بېشىغا گوياكى ھۇمايۇن قۇشتەك
سايە سېلىپ تۇراتتى. تەختىراۋاننىڭ
ئەتراپىنى گۆھەر، ياقۇتلار بىلەن زىننەت-
لىگەنىدى. ئۇنىڭ سەككىز پەشتىقى شۇن-
داق خاسىيەتكە ئىگە ئىدىكى، شاھ ئۇنىڭ
ھەر بىر پەشتىقىغا قەدەم باسسا، ئۇ پەشتاق
يەنە بىر پەشتاققا تەڭ بولۇپ تۇراتتى.
قەدىمىنى كۆتۈرگەندە بولسا، يەنە ئەسلى
ھالىتىگە قايتاتتى. سەككىز پەشتاق تۈ-
گىگەندە ئاندىن پادىشاھ ئۇنىڭ ئۈستىدە
ئورۇنلىشاتتى. پادىشاھ خۇشال ھالدا تەخت-
تە ئولتۇرۇشى بىلەنلا تۆت تۇتى يېقىم-
لىق ئاۋازلار بىلەن سايراپ، ھەممىسى
تەڭلا: «ئەي تەڭرىم، شاھ بۇ تەخت ئۈس-
تىدە ھەمىشە بەرقارار بولۇپ، مۇرادىغا
يەتكەي.» دېگەن مەدھىيىنى ياڭرىتاتتى.
يۇقىرىدىكى تۆت توزمۇ قاناتلىرىنى ھۇما-
يۇندەك ئېچىپ شاھنىڭ ئۈستىگە سايە
سېلىشقا باشلايتتى. ئۇ تەختنىڭ سەككىز
پۈتى ئورنىغا سەككىز تۈۋرۈك بېكىتىلىپ،
ئۇنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن غالتەك ئورنى-
تىلغانىدى. شاھ تەخت ئۈستىگە چىقىپ
بولغاندىن كېيىن، قەيەرنى سەيلە قىلغۇ-
سى كەلسە، ئازراق ئىشارەت قىلىپ قويسى-
لا، تەختىراۋان شۇ تەرەپكە يۈگۈرگەن
پېتى راۋان بولاتتى. ئىككىلا ئالەمدە بۇن-
داق تەختنى ھېچ خەلق ۋە ھېچ بىر
ئۇستا كۆرۈپ باقمىغانىدى. تەختىراۋان
پۈتۈپ، زىننەتلىنىپ بولغاندىن كېيىن،
پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پا-
دىشاھ ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ كۆردى ۋە ناھا-
يىتى خۇشال بولۇپ بارىكاللا ئېيتتى.
ھېسابسىز ئىنئام ۋە تارتۇقلارنى بېرىپ،
زەرگەر ئۇستىنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ
ئۆستۈردى. ئۇنى ئۆز يېنىدىكى قەدىرلىك
كىشى قىلىپ بېكىتتى.

ئەلقىسسە، زەرگەر زەيد زەھھابنىڭ
بىرقانچە كەسپداشلىرى بار ئىدى. ئۇلارمۇ
بۇ كەسىپتە خۇددى زەيد زەھھابتەك
چېچەن ۋە چەبدەس ئىدى. ئۇلار بۇ تەخ-
تىراۋاننىڭ ساپ ئالتۇن بىلەن ياسالماس-
تىن، بەلكى كۈمۈشنىڭ سىرتىنى ئالتۇندا
قاپلاش ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى سېزىۋال-
دى. ئۇلار ئويلاپ يەتتىكى، زەيد زەھ-
ھاب بۇ تەخت ئۈچۈن ئالتۇن ئورنىغا
كۈمۈش ئىشلىتىپ، ئالتۇننى ئۆزى ئېلىپ
قاپتۇ. تەختنىڭ سىرتىغا ئازراق ئالتۇن
بىلەن ھەل بېرىپ زىننەتلەپتۇ - دە، تەخ-
تىراۋاننى مۇشۇ خىل شەكىلدە ياساپ
چىقىپتۇ. ئەمدى بۇنى بۇزۇپ كۆرۈپ بې-
قىش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پادىشاھ
بۇ ئەھۋالنى ئۆزى بىلگىنى تۈزۈك. زەيد-
نىڭ كەسپداشلىرى يۇقىرىقىدەك خى-
ياللار بىلەن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېچىپ
تاشلاشقا بەل باغلىدى. لېكىن ئۇلار زە-
يد زەھھابتىن ۋەھىمە قىلاتتى. چۈنكى

شاھ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئاخىرى ئۇلار بۇ ئىشنى پاش قىلىشنىڭ ئوبدان بىر چارىسىنى تېپىپ چىقتى: ئۇلار شېردىن سۆزلۈك ئىككى تۇتىنى تېپىپ، ھەر كۈنىسى بۇ تۇتىلارنىڭ بىرىگە «بۇ تەخت ئەسلى ئالتۇن ئەمەس، سىرتىلا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان» دېگەن سۆزنى؛ يەنە بىرىگە «بۇ تېشى پالپال، ئىچى غالغال مەھسۇلات» دېگەن سۆزنى ئۆگەتتى. تۇتىلار بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئۆگىنىپ، راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى ۋە بارا - بارا زەيىدنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان بۇ ئىككى ھېكمەتنى ئۆزلۈكىدىنلا تەكرارلايدىغان، كىمنى كۆرسە دەيدىغان ھالغا كەلدى. ئاندىن ئۇلار تەختىراۋاننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشى بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئايىغىغا ئالتۇنلارنى چېچىپ، ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار تەختىراۋان مۇھاپىزەتچىسىگە:

— شاھ ئالدىدا بۇ سىرنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن بۇ ئىككى تۇتىنى تەختىراۋان ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگىن دېدى.

مۇھاپىزەتچى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، تەختىراۋانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇتىدىن ئىككىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ ئىككى تۇتىنى مەخپىي ھالدا ئورۇنلاشتۇردى.

تاڭ ئاتتى. پادىشاھ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ھېلىقى ئىككى تۇتى يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇلار توختىماستىن: «بۇ تەخت ئەسلى ئالتۇن ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت سىرتىلا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان»، «بۇ تېشى پالپال، ئىچى غالغال مەھسۇلات» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغىلى تۇردى. شاھ بۇ ئىشتىن ھەيرانۇ ھەس قالدى. زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ۋەقەدىن قاتتىق تەئەججۇپلەندى. شاھ كۆڭلىدە: «بۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ زەيىد زەھھاب بىلەن ئازراق ئىشى بار بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ ئادەم زەيىددىن قورقۇپ، قوشنىڭ تىلى ئارقىلىق زەيىدنىڭ ئەيىبىنى بىزگە يەتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. گەرچە ئۇ كىشى زەيىددىن قورقسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاش بىزگە ناھايىتى ئاسانغۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شاھ شۇندىن كېيىن تەختىراۋاننىڭ بىر پۇتىنى ئېكەكدىدى. راستىنلا بۇ ئىشنىڭ ساختا ئىكەنلىكى تولۇق ئاشكارا بولدى. زەيىدنىڭ مۇنداق خىيانەتكارلىقىنى بىلگەن شاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىلتىپات رىشتىلىرى ئۈزۈلدى. نەتىجىدە زەيىدنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ئوردا خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، زەيىدنى زىندانغا تاشلىدى. گۇناھكار مەھبۇسلارنىڭ قېچىپ كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ زىنداننىڭ تۈڭلۈكى تار، تۈۋىنى كەڭ قىلىپ ياسالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچى گوياكى ھىجران كېچىسىدەك قاراڭغۇ ئىدى. شاھ زەيىد زەرگەرنى ئاشۇ زۇلمەت ئىچىگە بەند قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا كۈندە ئىككى نان، بىر ئۇرۇقتا سۇ بېرىش بەلگىلەندى. زەيد ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق كۈنگە قالدى. ئۇ زىنداندىمۇ ھەمىشە بىر ئېكەك بىلەن بىر خەنجەرنى يېنىدىن ئايرىمىدى. ئېكەكنى خەنجىرىنىڭ غىلىپىغا يوشۇرۇپ، خەنجىرىنى بولسا، كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە مەخپىي ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «گەرچە مەن بۇ يەردە ئېغىر غول -

زەنجىرلەرگە ۋە بۇنداق ئېغىر پالاكەتكە دۇچار بولغان بولساممۇ، لېكىن بۇنىڭ چارىسىنى قىلىشتىن ھەرگىزمۇ قول ئۈزمەيمەن» دەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىگە بېرىلگەن نان بىلەن سۇنى بىر چەتتە قويۇپ، خەنجىرى بىلەن يەرنى كولاشقا باشلايتتى. ئۇ يەردىن چىققان توپىغا ئۈرۈقتىكى سۇنى تۆكۈپ پالچىق ئېتىپ، پەلەمپەي ياسايتتى. ئىكەك بىلەن ئايىغىدىكى زەنجىرلەرنى كېسىپ، نان بىلەن جېنىنى ساقلايتتى. ئۇ ھەر كۈنى سۇ ئۇچۇن قاڭغىر قاقشاپ، ئىنتىزارلىق بىلەن نالە-پىغانلار قىلاتتى. بىراق سۇ كەلگەن ھامان ئۇنى ئىچمەستىن يەنە پالچىق ئېتىپ پەلەمپەي ياسايتتى. پەلەمپەيلەر بارغانسېرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. پەلەمپەيلەر شۇ يوسۇندا ئاستا-ئاستا ئېگىزلەپ، نەچچە ئاي ئۆتكەندە تۈڭلۈككە يەتتى. زەيد زەھھاب پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، تۈڭلۈكنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان ئېغىر تاشنى ئالماستەك پۇختا خەنجىرىنىڭ ئۇچى بىلەن چوقۇپ، بىر تەرىپىدىن لەقەمدەپ تۆشۈك ئاچتى. ئاندىن ئاشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، زىنداندىن قاچتى. ئۇ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر دەممۇ توختىماستىن پەرەڭ مەملىكىتى تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى سېزىپ شاھقا مەلۇم قىلدى. شاھ ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ زىنداندىن قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق خاپا بولدى. زەيد ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن تىنىماي يۈرۈش قىلدى. ئۇ يول بويى ھەر قەدەمدە مىڭلىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلدى. نۇرغۇن رىيازەتلەر چەككەندىن كېيىن ئاخىر پەرەڭ مەملىكىتىگە يەتتى. ئۇ يەردە ماكانلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ قورقۇنچىسى تۈگىدى، قۇستەنتەنىيە شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ تىرىكچىلىك قىلدى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر بۇتخانا بار ئىدى، ئۇنى كىشىلەر «دەيرى كۇھەن» (كونا بۇتخانا) دەپ ئاتىشاتتى. زەيد زەھھاب ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ ئالىي ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىردى. بۇ بۇتخانىنىڭ چەك-چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تۆرىدە بىر ئازادە ئۆي بار ئىدى. ئۇنىڭ گۈمبەزلىرىنىڭ ئەتراپى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن، تاملىرى قاشتېشى بىلەن قوپۇرۇلغان، تېگىگىمۇ مەرمەر تاشلاردىن پاياندار ياتقۇزۇلغانىدى. گۈمبەزلىرى ھەرخىل جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇ ئۆينىڭ پەلەكتەك كەڭ ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ بېزەكلىرى ۋە زىب-زىننەتلىرى ھەددۇ ھېسابسىز ئىدى. ئىشىك باقارلار ئۇ دەرۋازىنى ئالتۇن قۇلۇپلار بىلەن مەھكەم تاقاپ قويۇشقانىدى. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ شەيخلىرى ئەتە-ئاخشاملىرى ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ خالايىقلار بىلەن ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، دەرھاللا خالايىقنى چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ قۇلۇپ سالاتتى.

ئۇ جاھان پەيلاسوپى زەيد زەھھاب بۇ ئالتۇن ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەركار (سىركول) دەك ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ تاۋاپ قىلغان بولۇپ، كۆڭلىدە: «بۇنداق ساپ ئالتۇنلار تۇرغان يەردە، مەن پادىشاھىمنىڭ ئالتۇنلىرىنى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي» دەپ ئويلىدى. زەيد ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى بۇتپەرەس قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇتخانا ئىشىكى

ئالـدـدا ياتـتى. ئۇ بۇتـپـەرەسـلەرنىڭ رەسم ـ قائىدىـلىرـىنى ئاز ۋاقىت ئىچـىدە ئۆگىنىۋالدى ـ دە، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بارغانسېرى ئىبادەتـلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا ئىدى. زەيد زەھھاب گويا بىر تەقۋادار مۇسـۇلمانـنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىگە قۇللۇق بەجا كەلتۇرگىنىگە ئوخشاش ھەربىر بۇتقا شۇ قەدەر ئىخـلاس قىلاتتى. بۇ ھىيـلە ـ مىكـرلەر ئالـدـدا ئالدانغان بۇددىسـت خەلقلەر ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالـدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆز ئىخـتىيـارى بىلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقـلىرـىغا بويـسۇنغان ھالدا ئىبادەت قىلـدىغان بولدى. زەيد زەھھاب ئۆزىنىڭ بۇ قەدەر ئۇستاتـلىقى ۋە يۇقـىرى ئابـروييـى بىلەن دەيرى كـۇھەنـنىڭ بارلىق ھـوقۇقـلىرـىنى قولغا كىرگۈزدى. بۇتخانىنىڭ ئاچقۇچـىنىمۇ قولغا ئالدى. بۇددىستـلار ۋە بۇت ياسىغۇچـلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكـۈمـىگە بويـسۇناتتى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن ئۇ بۇتـلارنى بۇزۇش ئۈچۈن ئەسـبابلارنى تەييارلـدى. كېچـىسى كىشـلەر ئۇيـقۇغا بارغاندا ئۇ ھەر تەرەپـكە يۈگـۈرۈپ يۈرۈپ، بارىدىغان يوللارنى بىلىۋالاتتى.

ئەلقىسسە، دەريانىڭ قىرغىـقىدا بىر تاغ بار ئىدى. زەيد زەھـھاب تاغ ئىچـدىن بىر غارنى تاپتى. ئەسلـدە زەيد زەھھابنىڭ مۇسۇلمانلاردىـن ئىككى ئاغىـنىسى بار ئىدى. ئۇلار زەيىدنىڭ دۆلەتـمەن چاغلىرىدىمۇ خىزمـىتىنى قىلغان كىـشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچـار بولـغاندا بۇ ئىككىيلەن يەنە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بىلـلە كەلـدى. بىراق ئۇلار زەيىدنىڭ بۇتپەرەست بولۇپ كەتكەنلىكىدىن رەنجىپ، ئائىلاج ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنىدى. زەيد بىر كۈنى بۇ ئىككى ئاغىنىسىنى تېپىپ، كۆڭلىدىكى پىلانلىرىنى ئۇلارغا مەلۇم قىلدى. ئۇ ئىككىيلەنمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، زەيىدكە يارى غار (غاردىكى دوست) دەك ھەمراھ بولۇشنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىشتى. زەيىد ئۇلارنى غار ئىچىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ:

— زەرگەرلىك ئەسۋاپلىرىنى غار ئىچىگە ئەكىلىپ، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، دېدى.

ئۇلارمۇ تاپشۇرۇق بويىچە لازىملىق نەرسىلەرنى تەق قىلىپ تۇردى. زەيد زەھـھاب كۈندۈزى ئەلىنىڭ ئالـدىدا ئۆزىنى ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان تەقۋادار بىر بۇددىست قىلىپ كۆرسەتەتتى. خالايىقنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش بىلەنلا بۇتخانىدىن چىققاتتى ـ دە، ھېلىقى غارغا بېرىپ، ئاغىـنىلىرى بىلەن ئىشقا تۇتۇش قىلاتتى. ئۇلار تۆمۈردىن بۇتلارنى ياساش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ بۇتـلارنى دەيـرى كۇھەنـنىڭ ئالتۇن بۇتلىرىغا ئوخشىتىپ تەييارلايتتى. ئاندىن بۇ بۇتـلارنىڭ خالايىق كۆزلىرىگە ئالتۇنـدەك كۆرۈنۈشى ئۈچـۈن، ئازغىنە ئالتۇن بىلەن ئۇنىڭ سىرتىنى سىرلاپ، روكەش قىلىپ توغرىلايتتى. بۇتخانىدىكى جاۋاھىرلار ئورنىغا يەنە ھەر خىل شىشىلەرنى تەييار قىلىپ پەرەڭلەرنىڭ رەسـمىيىتى بويىـچە بۇتـخانـىنىڭ ھەر بىر تام ـ ئىشىكلىرىگە ئورنىتىپ چىقاتتى. بۇنىڭ ئەسلىدىكى جاۋاـھىرلار بىلەن بولغان پەرقىنى زادى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ بىناكار ئۇستا زەيد زەھھاب تەييار بولغان نەرسىلەرنى ئىككى ئاغىنىسىگە كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇنى ئەل كۆزىدىن يوشۇرـرۇن ھالدا بۇتخانىغا ئېلىپ كېلەتتى ـ دە،

بۇتخانىنىڭ ئىشكىنى پەم بىلەن ئېچىپ
كىرىپ، قايسى بۇتقا ئوخشىتىپ ياسىغان
بولسا، شۇ بۇتنىڭ ئورنىغا بۇ بۇتنى ئالماش-
تۇراتتى. ئىككى بۇرادىرى ئالتۇن بۇتنى
غارغا ئېلىپ كېتەتتى. تۆمۈردە ياساپ،
ئالتۇندا ھەل بېرىلگەن بۇتنى بۇتخانىغا
قوياتتى. ئاندىن ئاستاغىنە ئىشكنى تاقايتتى
بۇ مەخپىي ئىشنىڭ تۈگۈنلىرى پەقەت
بۇتخانا ئىچىدىكى سىر پېتىچىلا قالاتتى.
نەچچە ۋاقىتقىچە زەيدىنىڭ ئىشلىرى شۇ
يوسۇندا داۋام قىلدى. ھېچكىم بۇ ئىشنى
سېزەلمىدى. ئاخىر بۇتخانىدا بىرمۇ ئالتۇن
ۇت قالمىدى. ھەتتاكى بۇتخانىدىكى ئالتۇن
گەن، قەندىل ۋە تەشتەكلەرمۇ پۈتۈنلەي
تۆمۈر بىلەن ئالمىشىپ بولدى. زەيدزەھھاب
ھەممىنى پاك-پاكىزە يىغىشتۇرۇپ بولغان-
دىن كېيىن ۋەتەن تەرەپكە قاراپ سەپەرگە
چىقىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ قايتىش
نىيىتىنى ئاشكارىلىغانىدى، بۇددىستلار
تەڭلىكتە قالدى.

— ئەي بۇتپەرەسلەرنىڭ يولباشچىسى
ۋە زاھىدى، - دېدى ئۇلار چوقان سېلىشىپ، —
نېمە ئۈچۈن ھىجران مۇقاملىرىنى توۋلاي-
سەن، نېمىشقا تەڭرىلەردىن تېنىپ، نىيىتىڭ-
نى بۇزىسەن؟!

زەيد ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق
دېدى:

— بۇتلاردىن كۆڭلۈمنى ھەرگىز
ئۈزەلمەيمەن، ئۇنىڭدىن نەچچە مۇددەت
ئايرىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، لات مەنات
دېگەن بۇت ماڭا ئانامنىڭ ۋاپات بولغان-
لىقىدىن بىشارەت بەردى. مەن بۇتلارنىڭ
بۇيرۇقىغا بىنائەن سەپەرگە چىقىش قارارىغا
كەلدىم. ئانامنىڭ ھەددۇ ھېسابسىز مال-
مۈلكى بار بولسىمۇ، بىراق مەندىن باشقا
ۋارىسى يوق. شۇڭا ئەھۋالدىن ۋاقىپلانغان
ئىكەنمەن دەرھال يولغا چىقىشىم كېرەك.
مەن بېرىپ مال-مۈلكۈمنى قولغا ئېلىپ
بۇتخانىغا قايتىپ كېلىمەن. قولۇمغا كىرگەن
بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىپ نەزىر
قىلىمەن ۋە دەيرى كۇھەننىڭ خىراجەتلىرى
ئۈچۈن سەرپ ئېتىمەن. مېنىڭ غەرىزىم
مال-دۇنيا ۋە نازۇ نېمەتتە ئەمەس، ماڭا
مۇشۇ دەيرى كۇھەننىڭ نېمىتىلا كۇپايە.
گەرچە مەن بۇتلاردىن يىراقلىشىپ دائىم
بىئارام بولسامۇ، لېكىن نەگىلا بارسام
كۆڭلۈم يەنىلا بۇتخانا مېھرى بىلەن
سۆيۈنىدۇ.

زەيدنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇد-
دا مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ بۇقەدەر ئىخلاسمەن-
لىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى:

— بىز سېنىڭ بۇقەدەر پاك ئەقىدەڭگە
ھەقىقەتەن قايىل بولدۇق، دېدى ئۇلار
زەيدنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ، — بۇددىست-
لىقتىكى بۇ مۇستەھكەم ئىرادەڭگە ئاپىرىن
ئېيتماي تۇرالمايمىز. بىراق سېنىڭدىن ئاي-
رىلىپ قالساق بىز بۇددا مۇرىدلىرى ھىج-
ران ئازابى ئىچىدە قالىمىز. شۇڭا تېز
بېرىپ، سالامەت قايتىپ كەلگەيسەن.
سەن بۇددا ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى

قىلىپ، دەيرى كوھەن ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىبادەت بىلەن بولدۇك. ئەمدى يۇرتۇڭغا قايتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولسا، بىزنىڭ ئەلۋەتتە يول جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بېرىشىمىز شەرت.

زەيىد زەھھاب: «بۇنداق قىلماڭلار! بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق!» دەپ ناھايىتى كۆپ يالۋۇرۇپ نالە-زار قىلغان بولدى. بىراق ئۇلار تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىر ئۇنىمەستىن جىم تۇردى. بۇتخانا ئىچىدە بارلىق كاتتا ئەربابلار ۋە راھىب كالانلار بىر يەرگە جەم بولدى. ھەممىسى ئىززەت ۋە ئىكراملار بىلەن زەيىد زەھھابقا ئىخلاسمەنلىكلىرىنى كۆرسىتىشتى. ئۇلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ھەددۇ ھېسابسىز خەزىنە-دەپىنىلەرنى يىغدى ھەمدە ئۆز تەكلىپلىرىدە ھەددىدىن تاشقىرى چىڭ تۇرۇپ پۈتۈن خەزىنىلەرنى ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتتى. زەيىد ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ يىغىشتۇردى. ئۇ گەرچە شۇكۈنلا مېڭىشقا ئالدىرىسىمۇ، لېكىن يوللۇق جابدۇقلار ئۈچۈن توختىغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئاغىنىسى غار ئىچىدە ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى جەملەپ قاچىلارغا سېلىپ، تېڭىپ تەق قىلىپ تۇردى. ئۇلار زەيىد زەھھابنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، تاغ ئېتىكىدىكى ساھىلغا كەلدى. ئاندىن چوڭ بىر كېمىنى كىرا قىلدى، غار ئىچىگە يوشۇرغان بارلىق نەرسە-كېرەكلەرنى كېمىگە سالدى. ئاندىن ئۇلار زەيىد زەھھابقا يوللۇق تۇتۇلغان سوۋغىلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ ياقىسىغا يۆتكەپ كېلىپ، كۆپ چارە-ئاماللار بىلەن ئۇلارنىمۇ كېمىگە تولۇق قاچىلىدى. ئۇلار بۇ مال-مۈلۈكلەردىن كۆڭۈللىرى سۆيۈنگەن ھالدا بۇددىستەللەر بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. بۇددا ئىخلاسمەنلىرى پىراق ئوتلىرىدا كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئايرىلىش ئەلەملىرى ئازابلىماقتا ئىدى. زەيىدمۇ ھەمراھلىرى بىلەن ياش تۆككەن ھالدا كېمىگە كىردى. كېمە ماڭغاندىن كېيىن زەيىد ئۇزاتقىلى چىققان خالايىققا قاراپ:

— بىر پارچە خەت يېزىپ بۇتخانا ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدۇم، ئەگەر ئۇ مۇبارەك مەكتۇپنى تاپماقچى بولساڭلار، لات مەنات ناملىق بۇتنىڭ ئالدىغا قاراڭلار. ئۇنى چوقۇم تېپىپ ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ناھايىتى پايدىلىق خەت، ئۇنىڭدىن سىلەرگە ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت ۋە شاپائەت يېتىدۇ، — دېدى. زەيىد زەھھاب شۇ سۆزدىن كېيىن كېمىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. كېمە شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

بۇددىستلار ئىچىدىن بىرقانچە كىشى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، بۇتخانا ئىچىدىن خەتنى تاپتى. ئۇلار بۇ خەتنى جانلىرىغا تۇمار قىلماقچى بولۇپ، يىغا-زارە قىلىشقان ھالدا كۆزلىرىگە سۈرتۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىپ، باشتىن-ئاياغ ئوقۇشتى. ئۇ خەتتە يېزىلغان بۇ ئەپسانىدىن پۈتكۈل خاسۇ ئام داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار گويا مەستلىك ئۈستىگە بەڭ يېگەندەك بولدى. ئىنچىكە

تەكشۇرۇلگەنىدى، خەتتە يېزىلغانلىرىنىڭ
ھەممىسى راست بولۇپ چىقتى. بۇ ئىشتىن
بۇددىستلار ئارىسىدا گوياكى توپان . بالاسى
قوپقاندەك بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇ
ئەھۋالغا ئەقىللىرى ھەيران، ئىدراكلىرى
سەرگەردان بولدى.

زەيىد زەھھاب مەككارلىق ۋە ھىيلە
نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، دەريادا بىر-
قانچە كۈن يول يۈردى. ئۇنىڭ كېمىسى
ناھايىتى تېز يۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ
ئۇزۇنغا قالماي رۇم ساھىلىدىن چىقتى.

ئەلقىسسە، رۇم پادىشاھى بىر كېسەلگە
گىرىپتار بولدى. بۇ كېسەل ئۇنىڭ جىس-
مىغا ئىنتايىن ئېغىر ئازاب سېلىشقا باشلى-
دى. بۇ ئازاب ئىچىدە شاھنىڭ روھى چۈ-
شۈپ كەتتى. بارلىق تېۋىپ - ھۆكۈمالار
ئۆزلىرى بىلىدىغانلىكى ماھارەتلىرىنى ئىشقا
سېلىپ ئۇنى داۋالاشقا كىرىشتى. بىراق
داۋالىغانسېرى شاھنىڭ كېسىلى تېخىمۇ
ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ كېسەل شۇنداق
چىدىغۇسىز ئازابلارنى سالدىكى، شاھنىڭ
كۆڭلى ھاياتلىق ۋە ئۆمۈر دېگەنلەردىن
بىزار بولدى. ھېچكىم بۇ كېسەلگە ئارا تۇ-
رۇپ داۋالىيالمايۋاتاتتى. داۋا قىلىمەن
دېگەنلەرنىڭمۇ داۋاسى تەتۈرىگە مېڭىپ،
كېسەل ئۈستىگە كېسەل قوشاتتى - دە، ئۇلار
ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ داۋالاشلىرىدىن يۈز
مىڭ پۇشايمانلارنى قىلاتتى، بىراق پايدى-
سى بولمايتتى. پادىشاھ ئۆزىنى بۇ ناتى-
ۋانلىق ئىچىدە كۆرۈپ، زەيىد زەھھابتىن
ئىبارەت بۇ دانا ۋەزىرىنى ناھايىتى كۆپ
ئەسلەيتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ دانىشمەن زەيىد زەھ-
ھاب دەريادىن چىقىپ، كىشىلەرگە ئاجايىپ
ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ قىل-
غان ھەممە ئىشلىرى ئاجايىپ - غارايىپ
بولىسىمۇ، بۇ ئىشى تېخىمۇ غارايىپ ۋەقە
ئىدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرى-
نىڭ بىر قىسمىنى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ
بېرىپ، يوشۇرۇن ھالدا شەھەرگە كىردى.
ئىلگىرىكى ئىشكەلنى يەنە پۈتىغا سېلىپ،
مەخپىي ھالدا ھېلىقى زىندانغا كىرىپ ئو-
رۇنلاشتى. بۇ ئىشنى زىندان بېگى سېزىپ،
پادىشاھقا خەۋەر قىلدى. شاھ بۇ ۋەقەدىن
خەۋەر تېپىش بىلەنلا گوياكى ئۆلۈك جان
تاپقاندەك بولدى. شاھنىڭ تۇرۇشقا مادارى
قالمىغانلىقتىن:

— ئۇنى دەرھال قېشىمغا ئېلىپ كې-
لىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى ۋە ھېسابىسىز ئىل-
تىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ
تون - سەرۇپايلارنى ھەم ئۆزىنىڭ مىنىدى-
غان مەخسۇس ئېتىنى ئەۋەتتى. زەيىد
زەھھابقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن،
ئۇ شاھنىڭ قېشىغا بارماي بىر پارچە خەت
يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگە-
نىدى: «شاھ مەندىن غەزەپلىنىپ زىندانغا
سالدى. ئۇ يەردە كۆپ رەنجۇ - مۇشەققەت-
لەرنى تارتتىم. قىلغان گۇناھىم ۋە خىيا-
نىتىمنى دېسەم، بۇنىڭدىن ئون ھەسسە
زىيادە جاپا تارتساممۇ ھەق ئىدى. بىراق
ئەمدى مېنىڭ ئەرزىم شۇكى، پادىشاھ
پۈتكۈل رۇم دۆلىتىنىڭ باج - خەزىنىلىرىنى
زايا قىلىپ، يىلدا ئىككى قېتىم لەشكەر
تارتىپ، پەرەڭ ئەھلى بىلەن ئۇرۇش قىلات-
تى. بۇنىڭدىن مەقسىتى پەرەڭلەرنىڭ بۇت-
لىرىنى سىندۇرۇش ۋە بۇ ئىش بىلەن
ئۆز كۆڭلىنى تىندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.
بىراق ئۇ تەرەپكە كۆپ قېتىم لەشكەر
تارتىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى تېخىچە قى-
لالمىغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالتۇن بۇتلىرىنىڭ

ھەممىسنى ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى شاھىنىڭ خەزىنىسىگە قوشىمەن. شاھىنىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى چېچىپ، بارلىق مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىمىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئالدىدا بايان قىلىمەن. يەنە تەڭرى خاھلىسا، شاھىنىڭ ھەرقانداق كېسىلى بولسا داۋالاپ، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزىمەن. لېكىن پادىشاھى ئالەم مېنى چاقىقان دۈشمەنلىرىمىنىڭ ئاياغلىرىغا ئىشكەل سېلىپ، ھەممىسنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتسۇن. بۇ ئىش بىلەن مېنى خۇشال قىلىپ مۇرادىمغا يەتكۈزسۇن. مەن پادىشاھ تەرەپكە ماڭغاندا ئۇلار مېنىڭ ئورنۇمدا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرسۇن. مەن چىقىپ كېتىش بىلەن زىنداندىن ئىچىدىكى ئورنۇم بوش قالمسۇن. ئەگەر بۇ تەلىپىم ئورۇندالمىسا، مۇشۇ زىنداننىڭ تېگى مەڭگۇ مېنىڭ ئورنۇم بولۇپ قېلىۋەرسۇن.»

شاھقا بۇ تەلەپنامە يەتكۈزۈلدى. شاھمۇ زەيىد زەھابنىڭ دۈشمەنلىرىدىن كۆپ خىيانەت ۋە زىيان-زەخمەتلەرنى كۆرگەچكە ئۇلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ھەممىسنى زىندانغا تاشلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بىراق شاھىنىڭ جىسمى ئاغرىق بىلەن زەئىپلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ ئىشنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. خوجا زەيىدنىڭ تەلەپنامىسى بۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان باھانە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى بەند قىلىپ، زىندان تېگىگە سالدى. خوجا زەيىد ئۆزى ئولتۇرغان زىندانىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، تاشقىرىغا چىقتى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەللەر دەرھال ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ پادىشاھ ئەۋەتكەن رەڭگارەڭ تونلارنى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ، شاھ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشتى ۋە بوسۇغىنى سۆيۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى. زەيىد شاھىنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. پادىشاھمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ قول ئۇزاتتى. زەيىد بارچە قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، شاھنىڭ قوللىرىنى سۆيدى. شاھ ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. ئۇ شاھىنىڭ سۆزلىرىدىن كېسەلنىڭ تېگىگە يېتىپ، چارىسىنى تاپتى. تۆت-بەش كۈن داۋالىغاندى، شاھ شىپا تاپتى. شاھىنىڭ تېنىدە كېسەل قالمىغاندىن كېيىن، زەيىد زەھاب ئۆزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلىرىنى پادىشاھىنىڭ ئالدىغا تۆكتى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە قېتىپ قالدى. بۇنداق ئىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى. زەيىد زەھھاب بۇ ئاجايىپ ھېكايىنى تولۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەخپىي ئىشلىرىنى ئاشكارىلىدى. شاھىنىڭ كۆڭلى زەيىدنىڭ ھېكايىسىدىن ھەيران قالدى. زەيىد بارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن خەزىنىلىرىنى شاھىنىڭ خەزىنىدارىغا تاپشۇردى. شاھ زەيىد زەھھابقا شۇ قەدەر زور ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتىكى، ئۇنى شەرھلەش ئاسان ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن ئالتۇنلار خەلققە بۆلۈپ بېرىلدى. شاھىنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن خادىملار خوجا زەيىدنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملىرىنى ساپسېرىق ئالتۇنلار ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ تېگىگىمۇ زەرباپ تەتىللاردىن پايانداز ۋە بىساتلار سېلىندى. خالايىق ئۇنىڭ ئىززەت ئابروي تېپىپ، ئالتۇن

ئىچىگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئۇلار گوياكى زەپە يېگەن كىشىدەك شادلىنىپ كۈلۈشتى. نەچچە مەھەلدىن كېيىن شاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خوجا زەيىدنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ زىندانىدىن ئازاد قىلىندى. ئۇلار خوجا زەيىدكە نەزەر سالغىنىدا، خىجالەتچىلىكتىن ھەر بىرىنىڭ چىرايلىرى ئالتۇنىدەك سارغىيىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇلارنىڭ خىجالەت ئىچىدە سارغايغانلىقىنى كۆرگەن خالايىق باغرى قانغۇچە كۈلۈشتى. كەھرىۋانىڭ رەڭگى گۈزەل بولمىغان بولسا، ئۇ قانداقمۇ ساماننى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تارتالايتتى؟ خوجا زەيىدنىڭ ئالتۇنغا چۆمۈلگەنلىكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ چىرايىنىڭ سارغايغانلىقى ئىدى. شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇكى، ئىشق بىراۋنىڭ رەڭگىنى ساماندەك سارغايتسا، پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئاھۇ زارى ئەلنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەسىر قىلىدۇ. ئەگەر سۇبھى ۋاقتىنىڭ چېھرىسى زەپەدەك سارغايمىغان بولسا، بۇ ئاسمان گۈمبىزىمۇ كىشىلەرگە قۇياشنى كۆرسىتەلمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، ئۇ ئەپسانىۋاز ساياھەتچى ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. شاھ بەھرام بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇ مۇساپىردىن سورىدى:

— ئەي شېرىن سۆزلۈك كىشى، سەن بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بولدۇڭ. سۆزلىرىڭ بىزنى ئىنتايىن تەسىرلەندۇردى. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭنىمۇ بايان قىلىپ باقساڭ قانداق؟

— ئەي جاھان پادىشاھى، — دېدى ئۇ مۇساپىر جاۋابەن، — مېنىڭ ۋەتىنىم رۇم شەھىرىدۇر. ھۈنىرىم تىبابەت بىلەن ھېكمەتتۇر. ئۆزۈم ئاشۇ دانىشمەن ئالىم زەيىد زەھھابىنىڭ ئەۋلادى بولىمەن. بۇ ياققا كېلىشتىن مەقسىتىم ساڭا ئاددىي خىزمەتكار بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. خۇداغا شۈكرى، تەڭرىدىن تىلىگەن دۆلەتكە يېتىپ، ئارزۇيۇمنى تاپتىم.

شاھ بەھرام ئۇ ساياھەتچىنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ۋەزىرلىرىنىڭ بىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئەپسانىچى بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شاھ بەھرامنى شۇنداق قاتتىق بىر ئۇيقۇ تۇتتىكى، تاكى قۇياش چىقمىغۇچە كۆزلىرىنى ئاچمىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# شېئىرلار

## ئەمىنى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

مۇھەررىردىن: ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن تېپىلغان «باياز» ناملىق قول يازمىغا ئەمىنى تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭمۇ بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بىراق شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن بۇ شېئىرلار دىۋان تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن. لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ باش ـ ئاخىر قىسمىدىن خېلى كۆپ ۋاراقلار يوقالغان. نەتىجىدە شائىر ئەمىنىنىڭ «باياز» ئىچىدە پەقەت 11 پارچە غەزىلىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ 11 پارچە غەزەلدىن شائىرنىڭ پىكىر ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن، ئۆز شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزگەن بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ. مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىكى بەزى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ غەزەللەر XIII ئەسىرلەر ئۆپچۆرىسىدە قۇمۇلدا ئىجاد قىلىنغانلىقى مەلۇم. شائىر بىر غەزىلىدە قۇمۇلنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

دېمە قامۇل خەيلى، ئەمىن، شوخ، بىپەرھىز ئىكەن،
ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولبارسدىن بىباك ئىمىش.

(ھەي ئەمىن، سەن قۇمۇل خەلقىنى شوخ ھەم بىپەرۋا ئىكەن دەپ ئەيىبلىمە، چۈنكى ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولۋاستىنمۇ كەپسىزرەك بولارمىش.)

بۇ ئىككى مىسرادىن شائىر ئەمىنىنىڭ قۇمۇلغا ۋە قۇمۇل خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بىلىشكە بولىدۇ. بىز ھازىرچە ئەمىنىنىڭ مۇشۇ 11 غەزىلىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى ئۈستىدە جامائەتچىلىكنىڭ ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

* *

...................................................................

*...................................................................

نىگارىم بەزمىدە مۇترىبنى يىغمىش نە ھەقىقەتدۇر،
مېنىڭ رەشكىمگە بەزمىدىن ئىشىتكەن ئۈن ئېرۇر بائىس.
مېنىڭ ھەم يىغلاماغىم رەشكلەر ئىلتىپ ئەمەستۇر ئەيب،

* باش قىسمى يوقالغان.

رەقىبنى شىھنە قىلماقلىقغە بۇ مەھزۇن ئىرۇر بائىس.
ئەمەس تاڭ يار ئىشقىدا ئەل ئىچرە بولسام ئەفسانە،
مىنى دىۋانە ئەيلەرگە رەقىب مەفتۇن ئىرۇر بائىس.
ئىمىن گەۋھەر تىلەرسەن ئىشق بەھرىدىن تەۋەككۇل قىل،
ئاگا بەل باغلاماقلىقغە مەيى ئەفسۇن ئىرۇر بائىس.

* *

يار ئۇچۇن كەلتۇر رەقىبلەر باشىمە يۈز مىڭ ھەرەج،
قىلغانىڭدىن خاسىيەت مۇندا تولا يۈز قاتلا ھەج.
ياخشىراق غەمكىن بۇ دەۋران ئىچرە يۈرگەن يادىدا،
بۇ قەۋى ئۇممىد ئىرۇر «ئەسسەبر مىفتاھۇل - فەرەج».
تۇتماق ئەئلا راست يۈزنى قاشلارى ئوترۇسىدا،
مەقبۇل ئىرمەسدۇر نەماز يۈز كەئبەدىن گەر بولسا كەچ.
يارنىڭ ۋەسلى ئۇچۇن شىرىندۇرۇر جانۇ جەھان،
ۋەسل ئولاي دەرسەن ئەگەر ئاندىنمۇ كەچ، مۇندىنمۇ كەچ.
قاشىدا، ھالىمنى ئول دىلدارغە بارساڭ دىگىل،
كۈندۈزى مەشغۇل ھەرئان، غەملىك بولۇرمەن بولسا كەچ.
ئىشق ئىرۇر بوز قارچاغا لازىم ئاگا خۇشخۇيلۇق،
بىلمەگەنلەر قەدرىنى دۇنياپەرەست چۇن كەلھەمەج.
تۈرك ئىمىن ئەيلەدى ئەسباب ئالەمنى ھەمە،
ھەزرەتى ئىشانى كەشمىر داد ئامى جان دىگەچ.

* *

شۇكرى لىللاھ مىھرى دۇنيادىن خەيالىم پاك ئىمىش،
ئىشق سەھراسىدا جانىم بەرقدىن چالاك ئىمىش.
بولسا يۈزمىڭ خاجە زەر جەمھۇر ئەفلاتۇن ۋەقت،
ئىشق ئاتەشخانەسىدە تىغل بىئىدراك ئىمىش.
كۆيدۈرۈر جىسمىمنى ھەر سائەتدە يۈزمىڭ تىرگۈزۈپ،
ئارى - ئارى ئەھلى تۇللاب كويىدا خاشاك ئىمىش.
مەن ئىشتىپ ۋەسفىنى ئوگۇمدا ئىرمەس غەيبدىن،
ھۇ، دىگەن لەفزىنى دىدىم رەڭگى ئاتەشناك ئىمىش.
پادىشاھىم يادىدا يۈزمىڭ فەلەكنى سەير ئېتىپ،
تاپمادىم ئەفلاك ئەۋۋەل بۇ توقۇز ئەفلاك ئىمىش.
ئاينى كۆر ھەسرەت بىلە يىغلاپ يۈزىنى تىرماغان،
ئول سەبەبدىن ئۈزدى بار تىرناغلارىدا چاك ئىمىش.

ۋەھشىيۇ بىخانىمان ھەسرەتتە كەتتى باش بىرىپ،
ئەھلى تالىبلار باشى ئوينار پەرى فىتراك ئىمىش.
ھەجر دەشتىدە سەمۇم سوققان كىشىلەرگە دەۋا،
بەرگ ئۆچىنىڭ گەردى راھى قىل-مەسەل تەرياك ئىمىش.
دىمە قامۇل خەيلى ئىمىن شوخ بىپەرھىز ئىكەن،
ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولبارىسىدىن بىباك ئىمىش.

*　　*

خالىقا، قىلما مىنى بۇ دەرد ھىجراندىن خەلاس،
گەردەنىمنى ھەلقەئى دارى پەرىشاندىن خەلاس.
جانۇ تەن بولغاي مۇبادا ھەجر كەتسە دەردلىك،
جاننى ھىجراندىن خەلاس ئەتمە، ئانى جاندىن خەلاس.
ئاھ، دىسەم دۇدى شەرەر ئاھىم بىلە ھەمراھ چىقار،
كۆيمەيىن بولماس ھەمە ۋەھشى بۇ ئەفغاندىن خەلاس.
غەرق بولساڭ بەھرى غەمگە سۇبھىنىڭ ئالدىغە بار،
نوھ يەڭلىغ گەر تىلەرسەن مەۋج تۇفاندىن خەلاس.
مەيدە رەڭ بەرگىل مۇسەللاغە دىسە پىرى مۇغان،
تىز رەڭ بەزمىدە بولغىل بارى ئىسياندىن خەلاس.
نەڭگۇ نامۇس كۆپ جەفا قىلدى بولۇپ نەفسىم رەفىق،
ئەيلەگىل، يارەب، مىنى ئول نامۇسۇلماندىن خەلاس.
ئەي ئىمىن قەسرىڭنى قىل ئاباد گەۋھەرلەر بىلە،
ھۇكم ئىلە بولغۇنچە يۇسۇف ئۇشبۇ زىنداندىن خەلاس.

*　　*

ئەيلەسەڭ، ساقى، كەتۇر مەي مۇبتەلالىغدىن خەلاس،
بىر يولى قىلغىل مىنى بۇ خۇدنەمالىغدىن خەلاس.
شۇكرى لىللاھ ئەھلى تەقۋا بارچە مەندىن قاچتىلار،
مەست دەپ خۇش نەفەس بولدۇم ئاشنالىغدىن خەلاس.
خانقانى تەرك ئېتىپ مەيخانەگە كىردىم قاچىپ،
بولغالى مۇنداغ رىيايى پارسالىغدىن خەلاس.
تۇتماسا تا پىر ھەر تالىبغە مەي، ئول ئىچمەسە،
ئىختىيارىچە قاچان بولغاي فەنالىغدىن خەلاس.
ساقىيا، بولدۇم ئەسىر زالىم خۇمار جەللادىغە،
جۇرئەئى بىرلە مىنى قىل بى نەۋالىغدىن خەلاس.
يارەب، ئۇشبۇ ئىلتىفاتىڭ پادىشاھلىغدىن فۇزۇن،

قىلماغىل ھەرگىز گەدائى بۇ گەدالىغدىن خەلاس.
ئىمىنا، تۇفراق ئۇزۇڭنى ئەيلە، بولغىل دەھر ئارا،
ماۋۇ مەنلىك كىسرەتىدىن بەھەيالىغدىن خەلاس.

* *

ئۇمرۇم ئىسيان بىرلە ئۆتتى ناموسۇلمانلىغدا ھەيف،
كۇنۇ تۇن غەفلەت بىلە ئەفسوس نادانلىغدا ھەيف.
تولاراق ئۇمرۇم ھەۋايۇ نەفس ئىلە ئۆتكەچ خەراب،
بىخەبەر مەككار قالىپمەن يۇز پۇشايمانلىغدا ھەيف.
نەفس ئۇچۇن تارتىپ رىيازەت ھەر سارى قىلدىم سەفەر،
ئىلگەرى ئۆلتۇرمەدىم دۇشمەننى ئاسانلىغدا ھەيف.
قىلمادى كۆڭلۈم فەراموش ھەيفى دۇن لەززەتلەرىن،
ئەنكەبۇتدەك ئۇمر كەچتى خۇشمۇ ھەيرانلىغدا ھەيف.
ساقىيا، تۇتقىل قەدەھ كۆڭلۈم پەراكەندە قىلاي،
جەمئ ئۇمرۇم ئۆتمەگەي شايەد پەرىشانلىغدا ھەيف.
بىر كۇنى ھەسرەت بىلە يەتسە ماڭا نۇشى ئەجەل،
ئەزم جان پەژمان ئىبتەر تەندىن بۇ ھىرمانلىغدا ھەيف.
قىل نەۋائىدىن ئۇمىد ئىمداد ئىمـسنى ھەر مەھەل،
ئۇمرۇڭ ئۆتكەرمە بۇ ئالەم ئىچرە بوھتانلىـغدا ھەيف.

* *

بولسا مەقسەد ئەي نىگارىم ساڭا چەۋگان ئويناماق،
ماڭا ئارزۇ گوي ئىبتىپ باشىمنى ھەريان ئويناماق.
قىلغالى گۇلگۇن ھىنا ئورنىدا ئىلكىڭنى ئەگەر،
ئويناماق بولسا ساڭا قان، ماڭا ھەم قان ئويناماق.
گۇل ئۇزارىڭنى نىھان قىلدىڭ قىلىپ زۇلفۇڭنى چىن،
چىن ئىبلى يەڭلىغ دۇرۇرمۇ رەسم قالقان ئويناماق.
سۇردى مەيل ئىككى كۆزۇمگە مەردۇمى بولسۇن گۇداز،
گەر مۇرادىڭ بولسا مەندىن ساڭا پىنھان ئويناماق.
ئەيلەدىڭ بەرباد دىنىمنى ئويناي ـ ئويناي ئانچە كىم،
رەسم ئايىن بۇمۇدۇر، ئەي ناموسۇلمان ئويناماق.
ئوقلارىڭنىڭ ئانچە پەيكانى مىنىڭ كۆڭلۈمدەدۇر،
لازىم ئولسە ئاختارىپ ئال ئانچە پەيكان ئويـناماق.
نەچچە يالغان ۋەئدەئى ۋەسل ئەيلەدىڭ ئويناپ بولۇر،
مۇنچەمۇ ئىمىنگە، ئەي شوخ، ئەھد يالغان ئوينـاماق.

* *

مېنى ئىشقىڭدا گەر بولسە خەيالىڭ مۇبتەلا قىلماق،
مېنىڭ هەم ئارزۇم باردۇر نىگارىم جان فىدا قىلماق.
تىلەيدۇرمەن كېچە - كۈندۈز فىراق ئىلكىدە ئۆلمەكنى،
خەيالىڭ زىكر هەم بەسدۇر ماڭا شامۇ سەبا قىلماق.
كېزىپ ئالەمنى تاپماق ئاسان ئېرمەسدۇر سېنى، ئەي گۈل،
بەسى مۇشكىل تاپىپ مەقسۇدىن هەركىم ئىلتىجا قىلماق.
ماڭا ئەرز ئەيلەمەك ئەرزىمنى تۇرفە مۇشكىل ئېرمىشدۇر،
ساڭا هاجەتلەرىمنى بارچە ئاساندۇر رەۋا قىلماق.
مۇيەسسەر بولسا يادىڭدا سېنىڭ تۈنلەردە بولماغلىق،
سەهەرلەر ئاه چېكىپ ئىراق تەرزىدە نەۋا قىلماق.
كۆڭۈل بەرسە ساڭا هەركىم ئۇلۇسدىن كۆڭلىنى ئۆزگەي،
ئەگەر ئېرمەس ئىسە فىكرى جەهان ئىچرە زىيا قىلماق.
ئىمىنگە ساقىيا، كەلتۈر شەرابى كۆهنە مەرد ئەفكەن،
بولۇپدۇر ئارزۇ سەججادىسىنى بورىيا قىلماق.

* *

دېمەس بىر قايدا دىۋانە مېنى ئول گۈلئۈزارىم يوق،
بۇ بائىسدىن فىراقىدا ئىشىم جۇز ئاهۇ زارىم يوق.
بولۇپمەن هەجرىدە بىچارە، رەڭگىمدۇر خەزان يەڭلىغ،
سارىغ قايداق بولۇرمەن سەبزە يەڭلىغ نەۋ بەهارىم يوق.
چېكىپ فەرياد يۈرۈرمەن كوهى فۇرقەت ئىچرە فەرهاددەك،
يۈرەكىم داغىدىن ئۆزگە جەهاندە لالەزارىم يوق.
نەچە ئاهۇ فىغان چەكتىم مۇرادىم بولمادى هاسىل،
نىگارىمسىز نەچۈك ئەيلەي مېنىڭ سەبرۇ قەرارىم يوق.
مېنىڭ يارىمچە يۈزمىڭ يارىكشى تاپغان بىلە بولماس،
بىهەمدۇللاه مېنىڭ يارىمدىن ئۆزگە هېچ يارىم يوق.
بىرەۋ كەلتۈرسە يارىمدىن ماڭا گەر خۇش خەبەر، بەرمەي
سۆيۈنچى دەپ ئاڭا جانىمنى مەن هەرگىز تۇرارىم يوق.
ماڭا سىنغان سەفال جەمشىد جامىدىن بەسى خۇبدۇر،
ئالىپ ئىلكىمگە نۇش ئەتسەم قۇيۇپ مەي نەڭگۇ ئارىم يوق.
خۇمارى مەن ئەگەر ساقى تەرەهھۇم ئەيلەسەڭ مەي تۇت،
ماڭا سىنغان سەفال ئىچەي بولسۇن...خۇمارىم يوق.
ئىلاها، بۇ قۇلۇڭ ئىمىنى بار ئەتكەن خۇدايىم سەن،
ئەدەمدىن كەلتۈرۈپ ئۆزگە مېنىڭ پەرۋەردىگارىم يوق.

* *

ماڭا ھەم بىر غۇنچەئى خۇشبۇي نەۋرۇزى كېرەك،
ساڭا ھەم جان بەرگەلى مەندەك سىيەھ رۇزى كېرەك.
ئارزۇ ئەيلەپ سېنى سەد پارە بولدى كۆكرەكىم،
ئانى پەيۋەند ئەيلەمەككە ياخشى دىلدوزى كېرەك.
بولدى دەردىم بىھېساب ئەمدى ئىلاجىم يوق مېنىڭ،
يىغلاماقدىن ئۆزگە ھېچ ئاھ جىگەر سوزى كېرەك.
ئىستەرەم مەي بىرلە ئىشرەتخانە ساقى بولغۇدەك،
ئافتابدەك بىر پەرىۋەش مەجلىس ئەفرۇزى كېرەك.
مەندىن ئۆزگە قايدادۇر بۇ ھەيرەتى ئالەمدە ئەيش،
كىمكى ئىستەر ئەيش ئاڭا ئاھ جىگەر سوزى كېرەك.
يوقتۇرۇر فۇرقان ئىچىدە بىر ھۇرۇفى دەرسى ئىشق،
دەرس ئىشق ئۆرگەتكەلى پىرى دىل ئەفرۇزى كېرەك.
ئەي شەھىنشاھىم سېنىڭ ئىشكىڭدە ئىمىندەككىنە،
سايراماققە بۇلبۇل ئورنىدا قىلادۇزى كېرەك.

* *

دىلبەرا، ئاي يۈزدە خالىڭ راھەتى جانىم مېنىڭ،
ئاي يۈزۈڭ ئون تۆرت كۈنلۈك ماھى تابانىم مېنىڭ.
سەرۋ قەددىڭ جانىم ئىچرە چۈن ئەلىف زىينەتىدۇرۇر،
قاشلارىڭدۇر كۆڭلۈم ئىچرە مەددى ئىمانىم مېنىڭ.
ئارەز ئۆزرە خەتتۇ خالۇ زۇلف ئىككى كۆزلەرىڭ،
كىشۋەرى كۆڭلۈم ئارا ھاكىمۇ سۇلتانىم مېنىڭ.
ئەبر ئىچىدە رەئد ئەمەس فەريادۇ ئەفغان ئەيلەگەن،
شۇئلەئى ئاھىم شەرارى دۇدى ئەفغانىم مېنىڭ.
قىينادى ئول يار كويىدا سەراسەر تىنمايىن،
قويمادى يا تىنغالى يا چىقمادى جانىم مېنىڭ.
خىزر يەڭلىغ سەبز خەتتىڭدىن تاپار جان تازە جان،
ئافتاب لەئلىڭ بولۇپدۇر ئاب ھەيۋانىم مېنىڭ.
ئوت تۇتاشتى كۆڭلۈم ئىچرە نەچچە يىلدۇر جانىمە،
بىر قىيا ھەم باقمادى ئول شوخ جانانىم مېنىڭ.
①........................................

① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان.

# ئەبدۇرەھمان جامى غەزەللىرىدىن

بۇ سۇپەت يۈز ئالدىدا سۆز ئاچما گۇلدىن، گۇل نېچۈن؟
نالەئى زارىمنى تىڭشا، قىسسەئى بۇلبۇل نېچۈن؟
غۇنچە ئېردىڭ، كۆز-كۆز ئەتمەي گۇل جامالىڭنى ھامان،
بىلمىدىم ئاشۇپتەدۇر، ئاشۇپتىلىق سۇنبۇل نېچۈن؟
بارلىقىم نەقدىنى ئالغان، قىممىتى بىر بۇسەدۇر،
كېچىكەر لەئلىڭ، ئەجەب سەۋدا، يائول، يابول نېچۈن؟
چېھرە ھەم زۇلپىڭنى كۆرگەچ، ھەرقۇسۇردىن بولدى مات،
سورمىدى دەۋران سىرىن، يا قولنى تۇتقان قول نېچۈن؟
لۇتپ ئىلە قىلدىڭ نەزەر ھەر بىر دىلئەفكارنى كۆرۈپ،
بىزنى گويا كۆرمىدىڭ، ئۆلتۈرگىلى پۈتكۈل، نېچۈن؟
نەيلەيىن ھىجران بالاسى ئۆتتى ھەر مېئياردىن،
سەبرۇ تاقەت يولى يولدۇر، ئۆزگە ئازمۇ يول نېچۈن؟
يەتتى پەيغام، تەق تۇرۇپسەن جامىنى ئۆلتۈرگىلى،
كەل، تىغ ئۇرغىن، بۇ تەھەممۇل بائىسى، ئەي گۈل، نېچۈن؟

*         *

كىم خەۋەر بەرگەي غېرىپلار ھالىدىن ئول يارغا،
بىرقىيا باقماسمىكەن، بىرنەچچە تەن ناچارغا.
ھىجرۇ پۇرقەت دېغىدىن ئازۇردە قەلبىم، بارمىكىن،
ۋەسلىدىن مەلھەم بېسىپ، چەك قويسا بۇ ئازارغا.
قان يېشىمدىن ياڭىقىم ئەلگە قىزىلدەك كۆرۈنۈر،
نە يۇسۇندا رەخمەت ئېيتاي كۆزۈمە-قانخارغا.
پۇرقىتىمدىن قان يېشىم تۆكتۈم، مۇرادىم، قېنىغا،
پاتسۇن ئۇ كۆزكىم مۇناسىپ بولمىدى دىدارغا.
يېڭى يىلدا ساڭا باقتىم، دېدى، بولتۇر ماڭا، ئاي،
باقتى، بولتۇر ئەندى مەھكۇم خاكقا ياكى دارغا.

ئىزدىمەم تەڭ قىلغىلى ئۆزۈمگە ئۇ ئىشىك ئىتىن،
چىدىيالماس دۆلىتى ھەرگىز بۇ نۇمۇس ـ ئارغا.
ھىجرۇ پۇرقەت چۈشكۈندە كۆردى جامىنى تېۋىپ،
دېدى: ئۆلمەكتىن بۆلەك يوق چارە بۇ بىمارغا.

* *

ساڭا تار قەلبىم قەپەستۇر، بەلكى بەش بەتتەر ئېرۇر،
كەلكى، تۇر كۆز ئالدىدا ئۇ دىلكۇشا مەنزەر ئېرۇر.
زەپىران چېھرەمدە كۆرگىن قانلى خەتلەر ياشتىن،
ئىشق ئېلى ئەھۋالدىن بۇ بىر ۋاراق دەپتەر ئېرۇر.
ھىجرۇ پۇرقەت دەردىدىن ھەر تۈن يانارمەن، كۈندۈزى،
ئەل ئىشەنمەس، مەنمۇ شۇ، يا ئۆزگە بىر پەيكەر ئېرۇر.
باغۇ سەھرا ئىچرە سەنسىز جانىمە داغلار پۈتۈن،
لاخشا ئوتتۇر ھەر گۇلۇ ھەر لالە چوغ — ئەخگەر ئېرۇر.
ئەي يارانلار، كۆيدى جان، قاي چاغقىچە پىنھان تۇتاي،
دوزاخ ئىچرە دىل بېھىشى ئىشقىغە ياۋەر ئېرۇر.
ماڭا جەننەت نە كېرەك، گەر ئىتلىرىنىڭ كويىدىن،
تەگسە بەس شەربەت سۈيى، ھەر كاسىسى كەۋسەر ئېرۇر.
لېۋىگە جامى يېتەر دەپ لەئلى مەيگۇندىن، ئاخىر،
رەشك ئىلە جامى كۆزى قانغا تولۇق ساغەر ئېرۇر.

* *

نە سەپەرنى كۆزلەبان چابۇكسەۋار جانان چىقۇر،
ئىزمۇ ـ ئىز سەپ تارتىشىپ جان يۈكلىگەن كارۋان چىقۇر.
خۇشلىششقا قالمىدى ھېچ كىمدە تاقەت، ئەرز قىلىڭ،
رەھمى قىپ پىنھانە چىقسۇن، چىققىنى يالغان چىقۇر.
گەر دىلىم ھالىغا ياش تۆكسەم، بالا سېلى تاشار،
چۈنكى گىريان كۆزلىرىمدىن قەترە ـ قەترەقان چىقۇر.
كەچتى جان مىسكىن تېنىمدىن يادى بىرلە، نەيلەيىن،
خۇش ئېرۇر چىققاندا مېھمان يانمۇ يان مېزبان چىقۇر.
بىر كۈنى ئۆلسەم ئەگەر خالۇ خەتىڭنىڭ شەۋقىدىن،
تۇپرىقىمدىن مايسا چىقماس، لالە گۈل رەيھان چىقۇر.
بارلىقىڭ، جامى، پىغاندۇر، تىل مىسالى قوڭغۇراق،
قوڭغۇراقنى چالغىنىڭدا نالەۋۇ ئەپغان چىقۇر.

* *

قەترە ـ قەترە قانۇ ياشلار كۆزى گىريانىمدادۇر،
نە جاراھەتتىن تامارىكىم يىلتىزى قانىمدادۇر.
ئۆزگىلەر قەتلى ئۇچۇن كەلگەندە جانان چاپارى،
دىمە جانان چاپارى، باسقان ئىزى جانىمدادۇر.
گەردىلىمنىڭ سىرىدىن پەردە ئېلىنسا غۇنچەدەك،
شۇ گۇلۇمنىڭ ئىشقىدىن چاكلار گىرىبانىمدادۇر.
كېچە چۇش كۆردۇم، لېۋىن چىشلەر ئىكەنمەن، تاھەنۇز،
چىشلىرىم نەقشى لېۋىمدە، زەخمى دەندانىمدادۇر.
يولىغا خاك بولغۇم، ئەي باد، توزىتىپ يەتكۈز مېنى،
نەگىكىم سەرۋى راۋانىم دېسە پەرمانىمدادۇر.
تۇنلىرى تەسۋى سىرىمايدۇ پەلەكنىڭ لەشكىرى،
چۇنكى كەيۋاننىڭ ھۇشى پەريادۇ ئەپغانىمدادۇر.
سەن جىگەرنى پىشۇرۇپ، دىل قانىدىن كەلتۇر شاراپ،
جامى، ئۇ قانخورۇ بەدمەست تۇندە ئايۋانىمدادۇر.

* *

ئۇزدى قىلدەك بەل خىيالى رىشتەئى تەدبىرنى،
كاشكى بىرمويي بەرسە سىلكىپ زۇلفىنى ـ زەنجىرىنى.
لەئلى شىرىن بۇنچىلىك قوشقانىمكىن ۋالىدەسى،
نە شىرىن جان شىرنىسى بىرلە سۇتىن ـ ئىكسىرىنى.
سىزدى سۇرەت ئولتۇرۇپ بۇتخانىدا نەققاشى چىن،
ئارەزىڭنى كۆردىيۇ يىرتتى ھەمە تەسۋىرنى.
پاتتى تىرىڭ كۆكسۇمە، نىمجان تۇتارمەن يول ئارا،
ئېھتىمال ئاخىر كېلەرسەن ئىزدەبان بۇ تىرنى.
شادۇ مەسرۇرسەن ۋىسال بەزمىدە يارانلار بىلەن،
يەككىمەن غەمخانىدا، غەمدىن كۇتۇپ تەئزىرىنى.
ئىستىدىم، ئەرز ئەيلىمەي ساڭا ۋاپايىم قۇسرىنى،
قايسى تىل بىرلە ۋەلې ئېيتاي بۇ ئەيب ـ تەقسىرنى.
جامى، دەرگاھىڭدا بىر قۇلدەك قېرىدى ئاقىبەت،
نەۋقىرانلار شاھى، سىيلا بۇ غۇلامنى ـ پىرنى.

* *

يورۇق كۇن ھەم قاراتۇندەك ئۆتەر، ئەي، ماھ، پىراقىڭدىن،
كۆيۇپ جانىم، چېكەرمەن ئاھ، چېكەرمەن ئاھ پىراقىڭدىن.

بىلەر ئالەمدە بارلار: گاھ بارار دەرياغا كۆز ياشىم،
بۇزۇپ تۈننى، بارار كۆكلەرگە ئاھىم گاھ پىراقىڭدىن.
يېتىشسەمدىم ۋىسالىڭغا ئەجەل يەتمەي تۇرۇپ جانغا،
يېتەر، مەيلى، ئامانلىق خاھ، يامانلىق خاھ پىراقىڭدىن!
پىراق دەشتىدە سەرسانمەن، ۋىسال چاقمىقى كەل، چاقنا!
چېكىن، ھىجران، چېكىن بىرئان چىقاي بۇ چاھ — پىراقىڭدىن!
كېلىپ يار بولدىلار ئەغيار - ۋىسالدا مۇنچە ۋەھشەت بار!
دېگەيمەن: لەۋھەشەللاھ - ئاپىرىن، ۋاھ - ۋاھ پىراقىڭدىن!
قانائەتتە بۇ جامى تاغ ئىدى، بەربات قىلىپ، دەۋران،
ساماندەك پارچىلاپ ئاتتىڭ، يوقاتتىم راھ پىراقىڭدىن!

* *

يىغلىماي، نە ھەم قىلاي، دوست خارۇ بىمار بولسا دىل،
دىل گىرىپتارلىقىغا، نە ئەيلەي گىرىپتار بولسا دىل؟!
كەل - دە مۇنكىر، باش قويۇپ كۆكسۈمگە، دىل زارىنى ئىشت،
بەلكى ئىنكارىڭ قويارسەن، ئىنتىزار، زار بولسا دىل؟!
ئەي نىگار، دىللارغا مەنزىلدۇر كويۇڭ، گەر ئۆتسەكىم،
ئېيت، قەدەم قويسۇن قەيەرگە - يەردە بىسيار بولسا دىل؟!
مۇددىتى ھىجران ئۇزارمىش — ئۆمر ئۇزۇن، تاقەت قېنى،
نەقىلايكى، بۇ مۇسىبەتلەرگە ھەم يار بولسا دىل؟!
قىسسەئى ئۇششاق ئوقۇركەن، ئاڭلىدىم شۇ ھەسسىنى:
ئەيلىگەي دىلدار ۋاپا، نەچچە ۋاپادار بولسا دىل.
يەتمىسەم ۋەسلىڭگە گەر، دەردىڭ تەلەپ ئەتكۈم مۇدام
مەتلۇب ئەرمەس، دەردىنى ئۆزگە، گەر تەلەپكار بولسا دىل.
ئوتتى ئۆمرۈم، ئۆتمىدى غەملەر، كەل ئەي جامى، بۇگۈن،
تاش يۈرەكلەر زۇلمىنى ئېيتاي ساڭا، غەمخار بولسا دىل.

* *

مەن ھەقىر بىر بەندىمەن، سەنچۇ، شاھسەن مۇھتەشەم،
گەر ئۆلۈرمەن غەم چېكىپ، ساڭا ئەي زالىم، نەغەم؟
ناز تەمەننالە يۈرۈپ، ئۆتمە كۆڭلۈم رەنجىتىپ،
تەڭرى ھەققى، مەن تامان ئەيلە رەنجىدە قەدەم!
باشقا سالساڭ نە بالا، ئەي نىگار باش ئۈستىگە،
ئات — ئوقۇڭ چاچسۇن سىتەم، خەنجىرىڭ ئاچسۇن يارام!
ئىشق ئېلىن ئازدۇردى ھىجرىڭ يېتەكلەپ چۆل تەرەپ،
بارچە يوقلۇقتا يېتىپ، بولدى ئىشق ئەھلى ئەدەم.
ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئوقى يەشتى كۆكسۈم نەچچە رەت،

مەر تۆشۈكتىن ئېتىلۇر دىل ئوتۇم ـ ئوتلۇق ئەلەم.
شور پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئەجەلدۇرسەن ئۆزۈڭ،
قەتلىمىز ئىغى جاپايىڭ بىلە بولغاي چۈن رەقەم.
ئۆمر ئۆتەر ـ سۈنغان ساپالدا دۇنيا سۇ تۇتار،
بىزگە يوق، جامى، خىزىر سۈيى، يوقتۇر جامى جەم.

* *

نە قۇتكىم بۇ، يېقىن كۆنلەر مۇقەررەر ۋەسلى يارىم بار،
پىگار جانىمغە مەلھەم ئۇ ئۈمىد بەخش، شوخ نىگارىم بار.
بۈگۈن شەھرىم مېنىڭ بىرلە، يېگانە شەھرىيارىم ھەم،
مېنىڭ بۇ ئېتىقاد شەھرىم، ئىمانىم، شەھرىيارىم بار.
دىلىم قانى بىلەن مىڭ رەت تولۇپ ـ تاشقانتى بۇ باغرىم،
بۈگۈن باغرىمدا بىر مەقسەد، بۇ باغرىمدا باھارىم بار.
كېلىپ ئەيشىم باھارى، شەۋقۇ ـ شادلىقلار كېلىپ قايتا،
خۇشاللىقتىن كۆزۈم نەملىك، سۆيۈنچىدىن كۆزدە ياشىم بار.
بۇ كۈن شامدەك ھاياتىم بار، يېنىش، زۇلمەت نېسۋەمدۇر،
بۇ تۈن دۇنياسىدىن بەھرىم شۇدۇر — تۈندە قارارىم بار.
ئازابۇ ئىشق بىلەن ياشلىق ئۆتۈپ كەتمىش قېرىپمەن، لېك،
ھامان ئاشىقمەنۇ ھەر كۈن ئەلەملىك، غەملى كارىم بار.
بۇ مەيدىن كەچ، بۇ كۆنلەردىن كەچ، ئەي جامى، دېمەڭ زىنھار،
قولۇمدىن كەلمىگەي بۇ ئىش، ئاخىر، نە ئىختىيارىم بار؟!

* *

قەستى جانىدۇر تىلىپ كۆكسۈمنى مەن دىۋانىنى،
ئوغرى تەشكەي ئولجا دەپ، دىۋارىنى ھەر خانىنى.
خالى ئىشقى تۇخمىنى ئەكمە دىلىڭغا، ئەي رەقىپ،
قىلما بۇندىن ئارتۇق ئىسراپ، تاشقا ئېكىپ دانىنى.
تۇر، دېگىن، مەششاتە، ئاندا قالمىدى مۇشكىن چېچىڭ
بولدى ھەر چاچ تالىسىغا بەند كۆڭۈل جانانىنى.
مەن بۇراپ كويۇڭغا يۈز، كۆكسۈمنى ئويدۇم تاتىلاپ،
سەن تامان يولىنى ئاچسامدىم دەبان ۋەيرانىنى.
ئاقىبەت سەندىن يەنە بىگانە بولدۇم، نەقىلاي،
دوستتىن ئالدىڭدا ئابرويى بەلەن بىگانىنى.

ئىشق ۋاپادارلىق تەقەززا ئەيلىگەي بۇ سىر ئەمەس،
يوقسە شام، ياقتى نېچۈن ئۆزى كەبى پەرۋانىنى؟!
جامى ئۆزدىن كەتتى، ئول زىبادىن، ئەي دوست، سۆزلىمە،
ئۇخلىدى تىڭشىغۇچى، سەنمۇ تۇگەت ئەپسانىنى.

* *

سازچى، بۇ كەچ جور قىلىپ نالەمگە يىغلات چەڭگىنى،
ئۆزگە ئاتەشلەر بىلە ياق قايغۇلۇق ئاهەڭگىنى.
ئەيلىدىم كۆپ ناللەر ئول تاش يۈرەكنىڭ هىجرىدىن،
نالە-زار، ئاهىم چىقىپ ياردى يۈرەكتىن سەڭگىنى.
ئايرىلالماي دىلرابادىن يا بارالماي، كۆز يېشىم
ئاقتى دەريالار كەبى زەبت ئەتتى هەر پەرسەڭگىنى.
پاش بولۇر ئاخىر سىرىم، ئەلدىن نىچۈك پىنهان تۇتاي،
زەپىران يۈزلەرگە تامغان ئەرغىۋانى رەڭگىنى.
ئاغرىسا نازۇك بېلىك ئاشىقلىرىڭ ئۇرغاي پىغان:
«باغلىما بۇنداق سىقىپ يار، ئول مىيانى تەڭگىنى!»
جانۇ دىل غەمزەڭ ئوقى دەپ تاشلىغاي، رەهم ئەيلىگىن،
بىر ئوق ئات جانىمغەۋۇ توختات تامامەن جەڭگىنى.
جامىيا، بەختۇ سائادەت ئىستىگىن ئىشق شاهىدىن،
كەچكىن ئابرويۇ شەرەپتىن، تەلۋىدەك چال زەڭگىنى.

* *

قەدىڭ رەشكىدە، ئەي سەرۋى سۇمەنبەر،
بولۇپتۇر كۆڭلى يۈز پارە سەنەۋبەر.
بېهىش بېغىدا بولسا بىر گۈزەل قەد،
ئەشۇ جانانە سەنسەن يارى دىلبەر.
گۈزەللىك نەۋ نىهالىسەن دېگەيمىز،
تۆكۈپ كۆز ياش، قۇچاققا ئالىمىز زەر.
مېنى ئۆلتۈردىڭۇ تەكبىر دېمەيسەن،
بۇ خىل تاش دىلسەن،ئەي «ئاللاهۇ ئەكبەر».
ئۇ لەۋدىن ئەيلىگەي دانا كىنايە،
شارابى سەلسەبىلۇ هەۋزى كەۋسەر.
چىراغ پەرۋانىسىن كەتكىلى قويماس،
يېقىپ بەزمىدە ئۆلتۈرگەي مۇقەررەر.
سېنىڭ يادىڭ بىلە شاد ئىبردى جامى،
كۆرۈپ خۇشلۇقى ئاشتى دىلدا، دىلبەر.

* *

غەم كۈنجىدە ئولتۇردۇم، شاد ئەيلىدى خىيالىڭ،
خۇش ۋاقىت ئۇلكى، كۆرسە هەرسائەتى جامالىڭ.
بۇ بەسكى، ياقسەن جان، هىجران غېمىدە هەر ئان،
مەن كىم ئىدىمكى بولسام شايىستەئى ۋىسالىڭ؟!
باشىمدا خەنجەر ئويناپ، ئالدىڭ جېنىمنى قىيناپ،

قولۇڭدا بولسا جانىم، تەن ـ بولسا پايماللىك!
يەتمەي لېۋىڭگە، ئەي يار، لەۋ تەشنە بولمىقىم بار،
بەرمەس سۈيىنى زىنھار، ئول چەشمەئى زىلاللىك.
ھىجرانۇ ماتىمىڭدىن، يۈز ھەسرەتۇ غېمىڭدىن،
ۋەسلىڭگە يەتكىنىم ساز، گەركەلسە ھەم ماللالىك.
ئۈر خەنجىرىڭنى ھەرئان، كۆكسۈمنى ئەيلىگىن قان،
جېنىم پىداۋۇ قېنىم بولسۇن سېنىڭ ھاللالىك.
جامى، نېچۈك تۇراي جىم، ئېچىلدى سۆزگە تىلسىم،
زەۋقى غەزەل بېغىشلار ئول سەيدى بىمىساللىك.

* *

قاي ئول مەنزىلكى، جانانىم ئۇ ياندا،
تېنىم بۇندا، ۋەلې جانىم ئۇ ياندا.
يىراقتۇرمەن، بىھەمدۇللاھكى، بىر رەت،
دىلى بىسەبرۇ سامانىم ئۇ ياندا.
ماڭا ئۆيى تەرەپكە يوقتۇر ئىمكان،
خۇش ئول، ئاۋازۇ ئەپغانىم ئۇ ياندا،
مۇسۇلمانلىق قىدىرماڭ ئول دىياردا،
كى شەۋقى نامۇسۇلمانىم ئۇياندا.
نە ھاجەت ماھى تابان ئول ماكاندا،
كى خۇرشىدى دۇرەخشانىم ئۇياندا.
دىلىمنى تىغ ئىلە چاك ئەتكەي ئۇ ئاي،
باھانە ئولكى، پەيكانىم ئۇ ياندا.
پەقەت جامى، لېۋىڭنى ئاچما زىنھار،
مېنىڭ مەھبۇبى گەپدانىم ئۇ ياندا.

* *

سىيمىن بەدىنىم، جانغا غەنىم، لالە ئۇزارىم،
بىر باق، يۈرىكىمدىن يۇيىلار دەردۇ غۇبارىم.
بىر خەستە ۋۇجۇد قالدى كويۇڭغا يېتىشەلمەي،
تۈن ـ كۈن ساڭىلا تەلپۈنىدۇ بۇ دىلى زارىم.
مامۇق بەدىنىڭ ئاغرىسا، ۋەللاھكى نېتۇرمەن،
بېلىڭنى سىقىپ باغلىما، ئەي، كۆزى خۇمارىم.
قانداقچە ئۇ كوچاڭدىن ئۆتەلەيمەن، ئۇ جايدىن،
گەرتاك شامىلى ئۆتمىكى مۈشكۈل ئېسە يارىم.
خوش ئولكى، شاراپ سىپقارىبان مەست يىقىلساڭ،
سۆيسەم يوشۇرۇن مەن قول ـ ئاياغىڭنى نىگارىم.
شاھ قەسرىگە كىم يول بېرىدۇ خار گەداغە،
جاەى، ساڭا يەتمەي كېتىدۇ سەبرۇ قارارىم.

«شەرق» يۇلتۇزى ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن ئېلىندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەلىم سالىخ

# نادانلىق- ياۋۇزلۇق

ئىبراھىم ھەققۇلوۋ

## بىلىم — ئېتىقاد نۇرى

ئەلىشىر نەۋائى — مەرىپەتپەرۋەر شائىر. نەۋائى ئىجادىيىتىدە مەرىپەت تەرغىباتى، خۇراپاتقا بەرھەم بەرگۈچى كۈچ سۈپىتىدە، ئىلىمنى ئۇلۇغلاش يۆنىلىشىنى بويلاپ داۋام قىلىدۇ. نەۋائى ياراتقان ئىلغار قەھرىمانلار — ياشلىقىدىن باشلاپلا ئىلىمگە چاڭقاق، ھۈنەرگە ئامراق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئايرىملىرى دۇنياغا مەشھۇر ئەللامىلار قولىدا تەربىيە ئالغان. شۇ بۈيۈك زاتلاردىن پەن سىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىنسانىي كامالەت يولىنى ئاچقان. بىز پەرھات ھەققىدە گەپ ئاچساق دەررۇ تۆۋەندىكى قۇرلار يادىمىزغا چۈشىدۇ:

جاھاندا قالمادى ئول يەتمەگەن ئىلىم،
بىلىپ، تەھقىقىنى كەسب ئەتمەگەن ئىلىم.

مەجنۇن دەشتۇ چۆللەرگە چىقىپ كەتكەن جۇنۇن يىگىت بولغىنى بىلەن، ئۇ ئالەمدە بار بولغان ئىلىمنىڭ ھەممىسىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر يىگىت:

تاپىپ ئىلمى خىرەدغە پەيۋەند،
ھەم ئالىم ئىدىيۇ ھەم خىرەدمەند.

شىرىننىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دىلئارام، دىلئارا، دىلئاسا، گۈلەندام... غا ئوخشاش خىزمەتكارلىرىمۇ ئالىمە، شائىرە، پەيلاسوپ، تارىخچى، سەنئەتكار قىزلار. دانا ۋە بىلىمدان ئوغۇل قىزلىرىنىڭ سېپى كەڭ بولمىغان ۋەتەن — يېرىم تەلەي ۋەتەن. بۇنداق يۇرتتا ھېچنېمىدە تولۇقلۇق بولمايدۇ، چالا ساۋات يۇرتتا شىجائەت نېمەجان، ئۈممىدنىڭ قانىتى سۇنۇق بولىدۇ، كىشىلەر ئىككى قانداقتۇر چېگرىلاردىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. ھەقىقەتنىڭ يېرىمى ئېيتىلىپ، يېرىمى بوغۇزدا توختاپ قالىدۇ. نەۋائى «ئىلىمدە بىر ئادەم ساھىبقىران بولغۇچە ئوتتۇز يىللىق بىر دەۋر ئۆتىدۇ» دېگەنىدى. «يەھۇدىيچە دېسەڭ يەھۇدىيچە»، «يونانى دېسەڭ يونانى» سۆزلىشىدىغان، «ھىندىيچە سوئال بەرسەڭ، ھىندىيچە جاۋاب بېرەلەيدىغان» سۆزلىرى مەنە، ھېكمەتكە تولغان بىلىم

ئەھلىلىرىنى تەرىپلەش ئۇلۇغ بوۋىمىز شائىر نەۋائىي ئۈچۈن قانچىلىك ئىپتىخارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. قاراڭ، نەۋائىينىڭ بەش ئەسىر مۇقەددەم يازغان قۇرلىرىدا بىزنىڭ بۈگۈنكى ئارزۇلىرىمىز ئەكس ئېتىپ تۇرمامدۇ؟

نەۋائىي بىر رۇبائىيسىدا: «ھەركىمسەكى يوق ئىلىم ئاڭا ئەخمەق دە ئۇنى» دەيدۇ. ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەرقانداق ئەخمەقلىق ۋە پەسلىك پەقەت ئىلىم ئارقىلىقلا سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىدىغانلىقىدىن شائىر قىلچىمۇ شۈبھىلەنمىگەن. شۇڭا ئۇ ئىلىمنى «ئىككى جاھان شاھلىقىدىن» ئارتۇق بىلىپ، ئىلىم پەيزىنى پادىشاھلىق كۈچىدىنمۇ ھاياتبەخش قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارىغان. نەۋائىينىڭ مۇنداق مەشھۇر بىر بېيىتى بار:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلىمەك بولماس ئەدا ئانىڭ ھەققىن يۈز گەنج ئىلە.

گەپ ھەق يولىدا ھەرپ ئۆگەتكەن مۇئەللىمگە ھۆرمەت، ھېچقانداق بايلىق بىلەن ئۇنىڭغا قايتۇرغىلى بولمايدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇسى توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ. «ھەق يولىدا» ھەرپ ئۆگەنگەن كىشى ۋاقتى كېلىپ ئالىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، دەيلى. خوش، ئۇ ھەقىقەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەك؟ ئۇ قايسى ھەقىقەتلەر ئۈچۈن ئۆمرىنى بېغىشلىشى كېرەك؟ بۇ سوئالغا پەقەت نەۋائىينىڭ «ئىلىم ئۆگەنمەك — ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر» دېگەن پىكرى بويىچە تەرىپلەنگەن ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرىلا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئېتىقادتا يېڭىلمەس، ئىشەنچتە مۇستەھكەم بولغان ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار ياشاپ تۇرمىغىنىدا بۇ دۇنيا ئاللىقاچان ياۋايىلىق سەھنىسىگە ئايلانغان بولار ئىدى. شەرقتە قەدىمدىن باشلاپلا ئالىي پىكىرلىك جەسۇر ئەللامىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ تۇرغىنى ئۈچۈن خەلقىمىز ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئورنى ئەزەلدىن يۇكسەك بولۇپ كەلگەن. بۇ ھەقتە كۆپ گەپ قىلىپ ئولتۇرماي، ئەلشىر نەۋائىينىڭ بىرلا بېيىتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

بىرەۋكى قىلسا ئالىملەرگە تەئزىم،
قىلۇر گوياكى پەيغەمبەرگە تەئزىم.

نەۋائىي «پەيغەمبەرگە» دېگىنىدە قۇرۇق ماختاش ۋە تار مەنپەئەتلەرگە ئەسلا ئالدانمايدىغان، ئەلگە، ۋەتەنگە خىيانەت قىلىشنى ئۆلۈم بىلىدىغان ئالىيجاناب سىيمانى كۆزدە تۇتقان. دۇنيانى مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق ئىدراك قىلغان ئادەم باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلۇغلار: «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى — ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېيىشكەن. ھەقىقىي ئالىمدىن قانچىلىك كۆپ ئىلمىي مىراس قالمىسۇن، لېكىن ئۇ بەرىبىر ناھايىتى چوڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. ئوتتا كۆيدۈرۈلۈۋاتقان ئالىمنىڭ: «ھەممىسى ئۆزۈم بىلەن بىللە!» دېگەن پىكرىدە باشقا مەنامۇ بار. بۇنى نەۋائىي بىر ھېكايەت ئارقىلىق

شەرھـلەپ بەرگەن. ئۇ ھېكايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: زامانىسىنىڭ چوڭ ئالىمى پەخرىددىن رازى ئۇزاق يول يۈرۈپ خارەزىمگە كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەت خارەزىمشاھ ئالىمغا ھېچقانداق پەرۋا قىلمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھ بىلەن ئالىم كوتۇلمىگەندە مۇنچىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا خارەزىمشاھ قىيامەت ئىشلىرى توغرىسىدا رازىيىغا سوئاللار بېرىدۇ. «ئەي، قىيامەت كۈننى بىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم، — دەيدۇ ئالىم ئۇنىڭغا، — سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇناسىپ جاي مۇشۇ مۇنچىدۇر. قىيامەتتىمۇ شاھ ۋە گاداي، ھەممىسى بىرخىل ئەھۋالدا — يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار — ھېچكىم ھېچنەرسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ ھېچنېمىنى! تاج - تەخت، خەزىنە دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم - ھۈنەر ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە».

ئادەمگە ئۇنىڭ مەنسىپى ۋە بايلىقىغا قاراپ باھا بېرىش ۋە مۇئامىلە قىلىش ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ يارىماس ئادەتتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقى نەرسىلەرغۇ؟ مەيلى، ئادەم كەمبەغەل ياشىسۇن، دەۋران سۈرۈپ ئۆتۈشكە قادىر بولمىسۇن، مۇھىمى ئۇنىڭ قەلبى قانداق، ئېڭى قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە، ئۆمرىنى نېمىلەرگە بېغىشلىغان، مانا مۇشۇلارغا قاراپ ئۇ كىشىگە باھا بېرىش مۇمكىنغۇ؟ ئىلىمنىڭ ئىنسان تەقدىرىگە مەسئۇللۇقى خۇددى شۇ نۇقسانلاردىن باشلىنىدۇ. «ئىلىم — ئۆزنى بىلمەكتۇر، سەن ئۆزۈڭنى بىلمەيسەن، بۇ قانداق بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولدى؟» دەيدۇ ئۇلۇغ تۈرك شائىرى يۇنۇس ئەمرە. ئىلىم ئەينى ۋاقىتتا ئۆزگىنىمۇ بىلىشتۇر. ئالىملىق — ئالەم ۋە ئادەمنى تونۇش بولۇپ، ئىلىم — ھەقىقەتتىن يورەككە قويۇلغان نۇر. ئىلىم — ھايات ۋە جەمئىيەت چىگىشلىرىنى توغرا يېشىش شىجائىتى. ئىلىم — دىلدىكى، جۇرئەتتىكى يالقۇن. ئەقىل ئۆز تەبىئىتىگە كۆرە كۆنۈكۈشچان ۋە ئېگىلىشچاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەقەت ئىلىم تەسىرىدە جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ھۇجۇمكار ئەقىلگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە بىر سوئال قويايلى: يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ئالىم ئىمام رازىيىي نېمىشقا مۇھەممەت خارەزىمشاھنىڭ سارىيىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بارمىدى؟ ئىمام رازىيىدا كەم تېپىلىدىغان ئاجايىپ پەزىلەت بار: بۇ — ئۇنىڭ ئىلمىي شەۋكىتىنىڭ ئىگىلىكى، بۇ شەۋكەتنىڭ ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانىنى باشقۇرغانلىقى.

نەۋائىي ئەركىن ئىنسان دېگەندە بىلىملىك، دانا كىشىلەرنى كۆزدە تۇتقان. دانا كىشى دېگىنىمىز كىم؟ ھەقنى تونۇغۇچى، بىلىم ۋە مەرىپەت چوڭقۇرلۇقى بىلەن دەريا سۈپەت ئادەم، ئىلىم ئادىمى ئۈچۈن مۇھىمى لاپ ئۇرماسلىق، تەمە ۋە مەنپەئەت كەينىدىن چاپماسلىقتۇر. ئىلىم تەپەككۇرنى يېڭىلايدۇ. ئادەملەر ئېڭىنى كونا چۈشەنچە، قالاق قاراشلاردىن خالاس قىلىدۇ. ئىلىم ئارقىلىق ئەسىرلەر قىياپىتى ئۆزگەرگەن، دەۋر ۋە زامانلار پەزىلەتتە ئىلگىرىلىگەن. بىلىم — چۈشىنىش زەھمىتى، ئىزدىنىش يولىدۇر. شۇ مەنىدە نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرى تېخى كونىرىمىغان: «بىلىمگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم، ئار بىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم. ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ، دانا بولۇر، قەترە - قەترە

يىغىلىپ دەريا بولۇر» ئاز-ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇشمۇ مۇمكىن. ئىلىمنىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئالىي مەلۇماتلىق ئالىم بولۇشمۇ مۇمكىن. ئاندىن كېيىنچۇ؟ سەئىدى شىرازى مۇنداق يازىدۇ:

هەرچەند ئوقۇپسەن — بىلىمدانسەن،
ئەگەر ئەمەل قىلمادىڭ، نادانسەن.
ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەك —
يا ئالىم يا دانا ئەمەستۇر بىشەك.

نەۋائىمۇ بۇنداق بىلىمدىن نەپ كەلمەسلىكىنى قەيت قىلىپلا قالماستىن، سەئىدى پىكرىنى ياقلاپ «ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم — ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشايدۇ» دەيدۇ.

توختام سۇنىڭ ئاقمىغىنىغا ئوخشاش، خۇي-پەيلى تۆۋەن بولغان ئەرزىمەس ئالىملاردىنمۇ ئەل-يۇرتقا ھېچقانداق نەپ تەگمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە مەنمەنلىك، خۇشامەتكويلۇق، ئەمەلپەرەسلىك ھەۋەسلىرى سىڭگەن بولىدۇ. ئىلىم ئەڭ ئاۋۋال مەنىۋى ھۇزۇرلىنىشتۇر. ئۇلار مانا مۇشۇ ھۇزۇردىن مەھرۇم. شۇڭا ئۇلار يامانىنى ياخشىغا، ھارامنى ھالالغا چىقىرىشتەك دىيانەتسىزلىكلەردىنمۇ ھەزەر قىلمايدۇ. نەۋائى بۇنداقلارنى پاسىق ئالىملار، دەپ ئاتىغان. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى ئەيىبنامە سۆزلىرىنى ئاشۇنداق پاسىق ئالىملارغا قارىتىلغان دېيىش مۇمكىن:

قايسى جاھىلغە نەدامەت بولغاي، ئول ئالىمچە كىم،
ھەرنە بىلدى قىلمادى، ھەرنېكى قىلدى بىلمەدى.

دېمەك، بىلگىنىنى قىلمىغان، قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئالىم جاھىللارنىڭ جاھىلىدۇر. ئۇنىڭغا ياغدۇرۇلىدىغان لەنەت ھەرقانداق جاھىلغا ئېيتىلغان نەپرەتتاشلىرىدىنمۇ ئارتۇق بولىدۇ. ئالىملىق — ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتچانلىقتۇر. ئالىمنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ۋىجدانەن بېجىرمەسلىككە ھەققى يوق. كىمكى ئىلىمنى ئەمەلگە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلسا، ئۆزىنىمۇ، خەلقنىمۇ يولدىن ئازدۇرىدۇ. ئىلىم ئەھلىنىڭ ئەمەل ۋە ئابروي ئۈچۈن پەسكەشلىككە قەدەم قويۇشى — ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنىڭ يارقىن ئىسپاتىدۇر. بۇنداق ئالىمنى نەۋائى «ئۆلۈمتۈك» ئىت بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، ئۇنى «نىجاسەتنى يېپەك لىباس بىلەن ياپقان» ئادەم قىياپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. «ئالىم ئەگەر ئۆز يولىغا ئەمەل قىلسا، — دەيدۇ نەۋائى، — ئىلىمگە قاراپ ئىش تۇتسا، دۇنيانىڭ ھارام ماللىرىغا كۆز سالمىسا، بۇنداق ئادەمنى شەرەپ گۆھىرىنىڭ كانى دەپ بىل.» بۇنداق گۆھەر كانىدىن ئىنسان ئەقلى بېيىيدۇ. «جاھالەت — ئۆلۈمدۇر، بىلىم — تىرىكلىك». دېگەن گەپ بار. ئالىم شۇ تىرىكلىكنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا جاھالەت

يېڭىلىدۇ. شۇ چاغدىلا قالاقلىق ۋە جاھالەتنىڭ ئوغىلىق سۈتىنى ئىچىپ ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنىڭ سانى كۈنسايىن ئازىيىدۇ.

ئىلىم — پىكىر مەدەنىيىتى، ئىلىم — ياخشىلىقتىن ئوزۇقلىنىش، ئىزگۈلۈككە ئىشەنچ، يامانلىققا باش ئەگمەسلىكتۇر. بىزنىڭ ئىلمىمىز ھەر ۋاقىت ھايات بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدا بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ تەپەككۇر گۈلشىنىمىزدە يېڭىدىن يېڭى چېچەكلەر ئېچىلىدۇ.

## ۋاپاسىزدا ھايا يوق

«ھەيرەتۇل-ئەبرار» دېگەن ھېكايەتلەردىن بىرىدە تۆۋەندىكى ۋەقە ھېكايە قىلىنىدۇ: ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھىندى ئىقلىمىنى فەتھى ئېتىشكە كىرىشكەندە، ھىندىستاندا قاتتىق جەڭ بولدى. ئۇنىڭغا غەلىبە چىراي ئاچتى. شۇ جەڭدە كۆپ قانلار تۆكۈلدى. قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ باشلىرى كېسىلدى. ئاخىرى ئۆلۈم نۆۋىتى ئىككى بىچارە ئاشىق-مەشۇققە كەلدى. لېكىن سۆيۈشكەنلەر بىر-بىرىگە شۇنچىلىك ۋاپا كۆرسىتىشتىكى، ئاقىۋەتتە ئۇلارنى قەتل قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئىلاجى بولمىدى. نېمىشقا دەمسىز؟ «ئەگەر مەقسىتىڭ باش كېسىش بولسا، — دەپتۇ يىگىت جاللاتقا، — ئۇنى قوي، مېنى ئۆلتۈر!» قىلىچ كۆتۈرە-كۆتۈرۈلمەي «ياق، ئۇنى ئەمەس، مېنى ئۆلتۈر!» دەپ يالۋۇرۇپتۇ قىز. جاللات ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تۇتۇنسا، ئىككىنچىسى: «ئالدىن مېنى ئۆلتۈر، ئۇ ھېچبولمىسا مەن ئۆلگىچە تىرىك تۇرسۇن!» دەپ ئەجەل تەلەپ قىلارمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى شۇنداق تۈگەپتۇكى، بىر-بىرى ئۈچۈن جېنىدىن كېچەلىگەن بۇ ئىككى يارنىڭ ۋاپادارلىقى تۈپەيلىدىن جاھانگىر باشقىلارنىڭمۇ گۇناھىدىن كېچىپتۇ. دېمەك، ۋاپادارلىق — خالاسكارلىق، ۋاپادارلىق — ئۆلۈمدىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچ. ۋاپا ئەھلى، ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئەل-يۇرتىنىڭمۇ ئاسايىشلىقىغا پاسىباندۇر. تۆمۈر قانخورلۇق ۋە جاللاتلىقتا ئەيىبلىنىدۇ. لېكىن شۇنداق ئادەممۇ، ۋاپا ۋە ساداقەت كۆكسىگە تىغ سانجىمىغان. بىر جاللاتمۇ «جاھان چىمەنى ۋاپا گۈلى بولمىسا زىننەتسىز. كىشىلىك گۈلى ۋاپا پۇراقلىرىدىن مەھرۇم بولسا، ھېچ ھىد-بۇسىز» بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ۋاپانى «ئىنسانىيەت تاجىغا زىننەت»، «ئېسىل ئۈنچە» ئورنىدا كۆرگەن. نەۋائى ھېكايىتىدە بۇ ۋەقە ئادىللىق ۋە خالىسلىق بىلەن تەكىتلەنگەن. بۇ ھېكايەت داستانىنىڭ ۋاپا ھەققىدىكى سەھىپىلىرىدىن كېيىن بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مانا مۇنداق قۇرلار بار:

ھەر كىشىگە قىلدى بىراۋ بىر ۋەفا،
مەخلەسى يوقتۇر كۆرۈبان مىڭ جەفا.

يەنى كىشى بىرىسىگە بىرەر ۋاپا — ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مىڭ جاپا كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. دۇنيادا شۇنداق تۇيغۇلار باركى، ئۇلار ھەرقانچە

قەدىرسىزلەنمىسۇن، زەررىچىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. شۇ تۇيغۇلارنىڭ بىرى ۋاپادۇر. نەۋائى
ئاشۇ ھەقىقەتكە تايىنىپ ۋاپانىڭ ماھىيىتىنى دەلىللەر تىلى بىلەن ئېچىشقا كىرىشىدۇ ۋە
كەينى - كەينىدىن ھاياتىي قىياسلارنى كەلتۈرىدۇ. مانا، دەرەخ. ئۇنىڭ شاخلىرى غىچ مېۋە.
شۇ مېۋە تۇپەيلىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا تاش ئېتىشىدۇ. تاشلارنىڭ ئاز ياكى كۆپلۈكى
مېۋىنىڭ مىقدارىغا باغلىق. بۇ ھادىسىنى ھەركىم، ھەرخىل چۈشىنىپ، تۈرلۈك خۇلاسىلەرگە
كېلىشى مۇمكىن. نەۋائى نۇقتىئىنەزەرىدە بولسا شۇ ئاددىي ۋەقە بىلەن «بىر ۋاپا» كۆر-
سىتىپ «مىڭ جاپا»غا دۇچار بولۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ئوخشاشلىق بار. شائىر مۇنىداق
دەيدۇ:

نېچە سەمەر ساچماغ بولسا شاخ ئىشى،
كۆپرەك ئاتار تاش ئانى تەرگەن كىشى.

دەرھەقىقەت، مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى قانچىلىك كۆپ ھوسۇل بەرسە، تەرگۈچى ئۇنىڭغا
شۇنچە كۆپ تاش ئاتىدۇ. بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان دەلىل. كىتابخان ئۇنى ئۆزىچە
مۇلاھىزە قىلىدۇ ۋە دەرەخ شېخىغا تاش ئاتقۇچىلارنىڭ قىلمىشى (ۋاپاسىزلىق) بىلەن،
ھېچقانداق مىننەتسىز مېۋە بەرگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ساخاۋىتى (ۋاپا تىمسالى) ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بەكمۇ چوڭقۇرلۇقىنى، ئىنسان تەبىئىتىدە ۋاپا قىسمەت تۇيغۇ-
سىغا ئايلىنىشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ. تۆۋەندىكى بېيىتتا ئەمدى باشقا بىر قىياسى
دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

كان نېچە بەزلى گۆھەرى پاك ئېتەر،
ئالغۇچى كۆپرەك يۈرەكىن چاك ئېتەر.

كان دەيمىز، كانچى دەيمىز، ئەمما بىز ئويلاپ كۆردۇقمۇ، «گەۋھىرى پاك» بەرگىنىگە
قارىماستىن، نېمىشقا كانچى «كان» باغرىنى توختىماي چاك قىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىنساپسىزلىق-
مۇ ياكى بىر قانۇنىيەتمۇ؟ شامنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭغا يېقىن. ئۇ ئۆيىنى يورۇتقىنى يو-
رۇتقان. لېكىن ئۆي ئىگىسى ئۇچۇن ھەر قېتىم شامنىڭ بېشىنى ئۈزۈش بىر قائىدە:

شام يورۇتۇپ ئەۋ ئىچىۇ تاشىنى،
ئەۋ ئىگەسى كۆپرەك ئۈزۈپ باشىنى.

ئەگەر ئالاھىدە ئېلىپ قارالسا، «ھەر كىشىگە قىلدى بىراۋ بىر ۋەفا، مەخلەسى يوقتۇر
كۆرۈبان مىڭ جەفا» سۆزلىرى ئوقۇغۇچىدا قانداقتۇر ئېغىر ۋە قايغۇلۇق كەيپىيات تۇغ-
دۇرىدۇ. ئاندىن كېيىنكى بېيىتتا نېمىدۇر ئۆزگىرىدۇ. شۇ «نېمىدۇر» كىتابخاندا «جاپا»،
«ۋاپا» دىن ھېچقاچان غالىب كېلەلمەسلىكىگە ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ. ۋاپادار — گۆھەرلىك
كان، جاپاكەش — كانچى. ئەلۋەتتە تەمەخور ۋە ئاچكۆز كانچى ئەمەس، «كان» بولۇش

شەرەپ. شامدا نېمە گۇناھ؟ يورۇقلۇققا موھتاج ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ بېشىنى تىنىمسىز ئۈزۈپ تۇرسا. بۇ قىياسلارسىز نەۋائىنىڭ ۋاپاغا دائىر ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرى شولىسىز چىراغقا ئوخشاپ قېلىپ، كىتابخان قەلبىدە يارقىن تەسىرات قالدۇرالمىغان بولاتتى. نەۋائىنىڭ تەلقىنىدە ۋاپانىڭ ئالىي باسقۇچى ھاياتتا ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ يار تېپىشى ۋە ساداقەتلىك ياشىشىدۇر. ئەكسىچە:

ياركى ئايىنى ۋەفا يوق ئاڭا،
شام كەبىدۇركى، زىيا يوق ئاڭا.

ۋاپاسىزلار نۇرسىز شامغا ئوخشىسا، ۋاپادار يار ئىزنىڭ تەتۈرى، ئۇ — ئۈمىد ئاپتىپى. يەككە - يېگانە ئادەم بولسا ئاپتاپسىز بارلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دىل ئۆيىمۇ بىر ياققا قىيسايغان، گويا ئۇ بىرلا تۈۋرۈكلۈك لەمپە. ۋەھالەنكى، يالغۇز تۈۋرۈك ھېچقانداق ئۆينى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ئىنسانغا ئەگەر پەلەكتىن خار - زارلىق ۋە قىيىنچىلىق چۈشسە، بىر نەپەس «ئىزھارى دەرد» ئېيتىش ئۈچۈنمۇ بىر غەمخور كېرەك. «زامانە خەنجىرىدىن يارا» ولغان كۆڭۈل مەلھەممۇ سېنى چۈشىنىدىغان ياردۇر.

ھەرنە يېتەر دەھر مەلالى ئاڭا،
ئەيلەگەي ئۆز كۆڭلىنى خالى ئاڭا.

يارسىز ئادەم — دىلى مەجرۇھ ئادەم. بالا تىغلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھەمىشە تىلىنغان. «دەرد ئۇنى بىردەمدە ھالاك» قىلىشى مۇمكىن. نەۋائى ئاشۇ پىكىرلىرىدىن چوڭ بىر خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

بەس، كىشىگە ئۆمر خۇشى يار ئىمىش،
ئۆمر دېگەن يارى ۋەفادار ئىمىش.

بۇ سۆزلەر كۆڭۈلدە ناھايىتى بۇرۇن مۆھۈرلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ئىدراك قىلىنىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا يۈرەك ھاۋايى ۋە ئۆتكۈنچى ھېسلاردىن شۇنچە تېز تازىلىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئۆزگىنىڭمۇ تەقدىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. تەخمىنى ۋە چالا تەسەۋۋۇرلار تۈزىقىغا چۈشۈپ، ئۆمرىنى پۇشايمان شامالىرىغا ئۇچۇرماسلىق لازىم. ئەكس ھالدا يالغۇزلۇقتا مانا بۇنداق كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىدۇ:

ھەر كىشى ئالەمدە ئېرۇر يارسىز،
بىر سەدەفدۇر دۇررىئى شەھۋارسىز.

نەۋائى دەلىللىرىدە يەنە داۋام قىلىدۇ: «كىشى يالغۇز ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ ھۈنىرىمۇ بولمايدۇ. يالغۇز ئادەم ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ. ئاخىر بىر قولدىن چاۋاك چىققىنىنى كىم

كۆرگەن! بۇركۇتنىڭ بىر قانىتى سۇنسا، ھەرقانچە تېز ئۇچسىمۇ، بىردەملا ئۇچالايدۇ. تاش بىلەن چاقماق تاش بىر- بىرىگە ئۇرۇلمىسا، بىر- بىرىدىن يىراق تۇتۇلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە، يەنى يىراق ئىككىسىنىلا قاراڭغۇدا قالدۇرىدۇ.»

توغرا، نەۋائىي ئوقۇغۇچىغا بىر قانىتى سۇنغان بۇركۇت پەرۋازىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرمەكچى ئەمەس، شائىرنىڭ مەقسىتى: ھاياتىي قىياسلاردا ئالەمدە تەنھا ياشاش مۇشكۈللۈكىنى مەنتىقە جەھەتتىن دەلىللەشتۇر. لېكىن بۇ قۇرلاردا پىكىرلا ئەمەس، ماددىي- جىسمانىي مەنزىرە ۋە خاراكتېر بار. بۇنداق پارچىلارنىڭ غايىۋى- ئىستېتىك قىممىتى شۇندىكى، ئۇلار ئوقۇغۇچى تۇيغۇلىرىنى جانسىز كىتاب سەھىپىلىرىگە «مىخلاپ» قويمايدۇ، بەلكى ھايات، تۇرمۇش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە جەلىپ قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ تەرىپلىرىدە ۋاپا «يارىتىلىشى پاك» ھەم «شۇنداق سۆيۈملۈككى» ئۇنىڭ تازا كۆڭۈلدىن باشقا مەنزىلىمۇ، ئۆلپىتىمۇ يوق. ۋاپادارلىق — پاكىزلىك. ۋاپا — روھىي بېغۇبارلىق، دىلنىڭ ساپلىقى. لېكىن مۇنداق سۈپەتلىك ئادەم بەكمۇ ئاز. «بولسىمۇ ئۇنى تېپىش ئاسان ئەمەس»، دەيدۇ نەۋائىي. شائىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەپسۇسلىرىدىن بىرى مانا شۇنىڭدا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «كۆڭۈل ئىزدەپ» كۆڭلىنى تىكەنلەرگە تىلدۇرغانلىقى، كىمگە جان بېغىشلىغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ جەۋر- جاپاسىدىن يانمىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ:

ئالەم ئەھلى بىۋەفادۇرلار، ئالارنىڭ مەيلىدىن،
ئەي كۆڭۈل، بولساڭ، ۋەفا ئايىنىدىن ئاگاھ قايت.

نەۋائىي كۆپ شېئىرلىرىدا «ئالەم ئەھلى» نىڭ بىۋاپالىقتا كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭچە ۋاپالىق كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئالاھىدە تېزلىكتە ئۆتىدۇ. ئۇنى شائىر تاڭ شامىلىغا ئوخشىتىدۇ.

نەۋائىينىڭ «ۋاپا» تەقدىرىگە قاتتىق كۆيىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بار. بۇ «خۇددى ھاياغا ۋاپا باغلانغىنىدەك» ۋاپانىڭ ھاياغا دائىمىي چېتىشلىقىدۇر، «ھەر بىر كۆڭۈلگە ۋاپا ئورنىشار ئىكەن، — دەيدۇ شائىر، — ھايامۇ جايلىشىدۇ، ھاياسىزلىق نېمە؟ ھاياسىزلىق — نومۇسنى تەھقىرلەش، ئۇياتسىزلىقنى ئادەت قىلىشتەك يۈزسىزلىكتۇر. ھايا ئىنساننى ھايۋاندىن قانچە يىراقلاشتۇرسا، ھاياسىزلىق ئۇنى تىلسىز مەخلۇقلارغا شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھاياسىز ۋە بىۋاپا ئادەملەردە غۇرۇر ۋە پاراسەت بولمايدۇ. ئۇلار ھالال كىشىلەر قەلبىنى قان قىلىدۇ. نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە: «دەۋر بىۋاپالىرى جەۋرىدىن داد، زامان بىھايالىرى زۇلمىدىن پىغان ۋە پەرياد! دۇنيا تۆرەلگىنىدىن بۇيان ھېچكىم بۇ ئوتتا مەندەك ئۆرتەنمىگەن، بىۋاپالىق باشلانغىنىدىن بۇيان ھېچكىم بۇ يالقۇندا مەندەك كۆيمىگەن، زامان كىشىلىرى بىۋاپالىقدىن باغرىمدا تىكەن، دەۋر ئادەملىرى بىھايالىقدىن كۆكسۈمدە توگۈن.» دەپ ناۋا قىلىدۇ.

شۇنداق، بىۋاپالىق — جاپاكارلىق. ئۇ ئىنسان يۈرىكىنى ئەلەمگە تولدۇرىدۇ. ئۇ

ئادەمنى ئادەمدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مېھىر ۋە ئىشەنچنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. هاياسىزلىقچۇ؟ ئۇ — كامىللىق كۆشەندىسى. ئۇنىڭ زالىم ۋە يىرگىنچلىكلىكى شۇنىڭدا. نەۋائى ئېتىقادىدا ۋاپا يولى — بۇ، هايات ۋە ئادىمىيلىك يولى. ئۇ يولدىن ئادىشىش — ئىنسانىيلىقتىن ئادىشىش هېسابلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلۇغ شائىر «خەمسە» داستانلىرىدا ۋاپا ۋە ساداقەتتە ئۈلگە بولىدىغان ۋە شۇ پەزىلەتلىرى بىلەن زادى ئۆلمەيدىغان پەرهات ۋە مەجنۇن، لەيلى ۋە شىرىنگە ئوخشاش ئاجايىپ قەھرىمانلار ئوبرازلىرىنى ياراتقانىدى. هەقىقىي شائىرلار ۋاپا جارچىلىرىدۇر. ئۇلار ۋاپا بىلەن سىردىششنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دانىشمەن يۈسۈپ خاس هاجىپ:

ۋافا قىلسا كىمكى، تاپار ئۇ جەفا،
تىلەرمەن سوراقلاپ سېنى مەن ۋافا.
ۋافا، ماڭا ئېيتچۇ ساڭا كىم تويار،
بېرى كەل، سىر ئېيتاي، قىلىپ جان پىدا.

دەپ يازغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ ماۋزۇدىكى ئۆلمەس بېيىتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ستەكتىن تۇغۇلغان.

## نەپسنى يەڭمەك — مەردلىك ۋە شجائەت

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەرىپلىرىدىن قارىغاندا، هاياتلىق دۇنياسىدىكى جانلىق نەرسىلەر ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتكە ئىگە. بۇلاردىن بىرى — شەيتانىي، ئىككىنچىسى — هايۋانىي كېيىنكىسى — مەلەكانىي، يەنى ساپلىق ۋە پاكىزلىك سۈپىتى. ئىنسان شۇ ئۈچ سۈپەت ۋە قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكىدىن يارالغانمىش. كىمنىڭ ۋۇجۇدىدا هايۋانىي هېرىسلار غالىبلىق قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە تىلسىز مەخلۇقلارغا يېقىن بولىدۇ. شەيتانىي خىسلەتلەر كۈچلۈك بولسا ئىبلىستىن پەرقى بولمايدۇ. مەلەكانىيلىق ئۈچۈن قايغۇرسا ئادەم پاك تەبىئەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ گەپلەرگە تولۇق ئىشەنمەسلىكمۇ مۇمكىن. لېكىن باشقا بىر هەقىقەتتىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ: ئۇ بولسىمۇ نەپس تۈزىقىدىكى كىشىلەرنىڭ هايۋانغا ئايلانغانلىقى، ياكى يەردىكى شەيتاندەك كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ئالىم، سەنئەتكارلار نەپسنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان. نەپس — ئىنسان ئىچىدىكى ئاپەتلىك دۈشمەن. ئۇ ئادەمنى ئىچىدىن يىمىرىش ۋە پارچىلاشقا قادىر، نەپس غالىب كەلگەندە تىرىكچىلىك ۋە ئۆمۈر تەشۋىشى باش مەقسەتكە ئايلىنىپ، ئىزگۈ خىياللارنىڭ ئورنىنى مەنپەئەتپەرەسلىك مەيىللىرى ئىگىلەيدۇ. بۇ — ياشاشنىڭ ئەڭ پەس شەكلى. ئەمما قانچەدىن - قانچە كىشىلەر شۇنداق ياشىشقان ۋە ياشاۋاتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس هاجىپ يازىدۇ:

ئاۋام قايغۇسى بارچە قارىن ئۈچۈن،
ئادەم تەشۋىشى بارچە بوغزى ئۈچۈن.
تالاي خەلق ئۆلۈپ كەتتى نەپسىنى دەپ،
قارا يەر تېگىدە ياتۇرلار پۈتۈن.

ئىنسان قورساق قايغۇسىغا كۆمۈلۈپ، ئۆز نەپسىنى دەپ «قارا يەر تېگىگە» كۆمۈلۈش ئۈچۈن تۇغۇلامدۇ؟ ياق، بولمىسا نەۋائىي: قارىننىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقتىن كەچ، «نە ئۈچۈنكى ئەر ئوغلىغا قارىن دۈشمەندۇر»، دەپ يازماس ئىدى. لېكىن نەپس ئۇنى شۇ بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلىشى مۇقەررەرلىكى، دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىبنى سىنا رۇبائىلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

دۇنيا، مەنسەپ دېمە، ئۇچما جىلۋىگە،
دوستلاردىن ئاجراپ ھەم ياۋ بېشىنى يەنچ.

بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلۇۋاتقان ياۋ — نەپس. ئىبن سىنا ھەرنېمىدىن، ھەتتاكى دوستلۇقتىن كېچىپ بولسىمۇ شۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى يانجىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشتا نەپس ھۆكۈمرانلىقى يېمىرىلسە مەنسەپپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك، مال ۋە دۆلەتكە ھېرىسمەنلىك ئىللەتلىرى ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىشقا باشلايدۇ. ھاياتتا شۇنداق تۇراقسىز زاتلار باركى، ئۇلار ئۈچۈن دوستلۇق شۇنچىكى گەپ. ئۇلار دوستىنىڭ شەخسىيتىگە ئەمەس، دوستلۇق نىقابىدا ئۇنىڭ مەنسەپ ياكى بايلىقىغا باغلىنىدۇ. بۇمۇ نەپستىن تۇغۇلغان بىرخىل چاكىنىلىق. ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرى ئاشۇنداق ساختا دوستلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىك. ئەلۋەتتە، دوستلۇق مەنىۋى يېقىنلىقتىن باشقا ھېچنەرسىگە تايانمايدۇ - دە!

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قارىشىچە تۈركىي شېئىرىيەتتە نەپس ۋە نەپسانىي ھېسلارنى ئۆزىگە خاس ئىنچىكىلىكتە تەنقىد قىلغان شائىرلاردىن بىرى ئەھمەد يەسەۋىدۇر. يەسەۋىنىڭ پىكرىچە، نەپس «ياۋايى قۇشتەك قولغا قونماس» بىر نەرسە. ئەمما قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى قولغا كەلتۈرمەك كېرەك. بۇ قۇش ئۆزى خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋەرسە، كىشىنى كۈندىن - كۈنگە توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن پالاكەتلىكلەر قاينىمىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئاقىۋەتتە بولسا:

نەپس يولىغا كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئېزىپ، تېيىپ - تۇزۇپ گۇمراھ بولۇر.
ياتسا، تۇرسا شەيتان بىلە ھەمراھ بولۇر...

دېگەندەك بولىدۇ. شائىر نەپس بەندىلىرىگە قارىتا: «نەپسىڭنى يىغ، ئەي يارىماس ئىنسان» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. يەسەۋىدە يەنە مۇنداق مىسرامۇ بار:

نەپسىم ئۈچۈن يۈرەر ئەردىم ئىتتەك كېزىپ.

مانا، ئەپس ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ - ھە! ھەقىقەتەنمۇ ئەپس غەلىيانى
ئۇششاق - چۇششەك غەرەزلەر ئىنتىلىشىدە خۇددى ئىتقا ئوخشاش سوكۇلداش تەلۋىلىكى.
بۇنىڭ ئاقىۋىتى بولسا پەقەت پۇشايمان ۋە ئارمان. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەھمەد يە-
سەۋىنىڭ تۆۋەندىكى تۆتلىكى ئىبرەت ئاھاڭىدا ئېيتىلغان:

ۋادەرىغا ئارمان بىلەن ئۆمرۈم كەچتى،
ئەپسىم مېنى تۇغيان قىلدى، ھەددىن ئاشتى.
جانىم قۇشى پەرۋاز قىلسا، ۋەھىم قاچتى،
غافىل يۈرگەن ئۆمرىن يەلگە ساتار، دوستلار.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەپسكە بولغان مۇناسىۋىتى ئىبنى‌سىنا بىلەن ئەھمەد يەسەۋىنىڭكىدىن
ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئۇمۇ ئادەم ئۇچۇن ئۆز ئەپسىدىن دەھشەتلىكرەك رەقىب بولمايدى-
غانلىقىنى كۆپ ئورۇنلاردا تەكىتلەيدۇ. ئەپس قاراملىقى بىلەن دۈشمەننى بەند قىلىشنى
مەردانىلىق سانىمايدۇ. ئۇنىڭچە مەردلىك ۋە باتۇرلۇقنىڭ ھەقىقىي يولى مانا مۇنداق:

بولۇپ ئەفسىڭگە تابىع، بەند ئېتەرسەن تۇشسە دۈشمەننى،
ساڭا يوق ئەفستەك دۈشمەن قىلا ئالساڭ ئانى قىل بەند.

ئەپس شۇنداق بىر ئەرسىكى، ئەمە قىلىشتەك مۇشۇنداق ئاددىي بىر ئىشتىمۇ كىشىنى
چالغىتىشقا باشلايدۇ ۋە بارا- بارا كىشى يېمەك - ئىچمەك ھۈنەرۋىنى دەرىجىسىگە يې-
تىپ قالىدۇ. «ئەپس بالاسىغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ يېيىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق» دەيدۇ
نەۋائى. تاماق بالاسى بىلەن بىللە كېلىدىغان يەنە باشقا خىرىسلارمۇ بار، بۇلار: ئاچكۆزلۈك،
تەكەببۇرلۇق، خۇشامەتگۈيلۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك. نەۋائى مەنپەئەتپەرەسلىك ھەققىدە مۇنداق
دەپ يازىدۇ: «مەنپەئەتپەرەسلىك — ئەقىلنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ، شەيتاننىڭ بۇيرۇق-
لىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ چارچىمايدۇ. ئۆز نەزەرىدە ئۆزى دانا ۋە چېچەن. ئۇنىڭ ھەر
بىر بولمىغۇر ئىشى ئۆزىگە گۈزەل ۋە ئېسىل كۆرۈنىدۇ» مەنسەپ ۋە چوڭچىلىقنى ياقتۇ-
رۇش ئادىمىيلىك تەلەپلىرىگە كىرمەيدۇ. ئەمما شۇنىڭغا قارىماي ئىنسان مەرتىۋىسىگە ئىنى-
تىلىدۇ، كېرىلىدۇ خاندەمىر «مەكارىمۇل ئەخلاق» ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ خوجا شەھابىددىن
ئۇبەيدۇللاغا پۈتكەن مەكتۇپىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ خەتتە مەنسەپ مەستلىكى ۋە تە-
كەببۇرلۇق ئەپس قىلمىشلىرى شەرھىلەنگەن: «ھۆرمەتلىك بۇرادەر ۋە سۆيۈملۈك پەر-
زەندىكە! مۇشتاقلىق سالامىنىڭ ئاداسىدىن سوڭ مەلۇم قىلىمىزكى، ئىنسانىنىڭ مەرتىۋە ھەم
ئۇلۇغلۇقىنى سۆيۈشى ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر. مەنسەپنىڭ خاسىيىتى — غەپلەتنى ئارتتۇرى-
دۇ ... بۇنداق كىشىنىڭ — يەنى مەنسەپ ئادىمىنىڭ ھوشيار بولۇشى بەكمۇ قىيىن.
ئۇ بەزىدە ئەقىل كۆچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالسىمۇ، بىراق مەنسەپ مەستلىكى ئۇنى
ئۆز ھالىغا قويمايدۇ. ھەقىقەتەن شۇ مەستلىك چېغىدا تەقدىرنىڭ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى

رەھىمسىزلىكى ۋە تەقدىر ياراتقۇچىسىنىڭ ئادالەتلىك ھاكىم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە
كەلمەيدۇ... دېمەك، نەپسى پاك ۋە ئەقلى ساپ كىشى بۇ مەسىلىكلەردىن ئۆزىنى بىھوش
قىلماسلىقى، ئۆزىنى چوڭچىلىق ۋە بىلەرمەنلىككە سالماسلىقى، زۇلۇم كۆرگەن دەردمەنلەر-
نىڭ ھالىغا يېقىشى كېرەك» ئىنسانىنىڭ ئاندىن تۇغۇلۇشى — پاكلىق. لېكىن يىللار ئۆ-
تۇپ، ياش چوڭايغانسېرى ئىنسان كۆڭلىدىن پەس ھېس - تۇيغۇلار ئورۇن تالىشىدۇ.
مەسىلەن، پۇل، مەنسەپ ۋە مەئىشەت خىرىسلىرى. ئادەم ئۇلارنى تۇگىتىدىغان، ئۇلارنى
بەرھەم تاپتۇرىدىغان چارىلار ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك. بۇ بىرىنچى نۆۋەتتە، كىشىلەر
قېنىنى قىزدۇرغان نەپس ھاۋاسىدىن روھنى پاكلاشتۇر. نەپس ئەمرىگە باغلانغانلاردا ھېچ-
قاچان مەنىۋى ئاسايىشلىق بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تېشىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچىدىن
بىر ئازابلىق تىغ دائىمى سانجىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى تىرىك ھېسابلىشىدۇ، ئەپ-
سۇسكى، خىرىس ئۇلارنى ھالاك قىلغان بولىدۇ. خىرىستىن خاراب بولغانلار خەلق ھاياتى-
نىڭ روناقىغا قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەردۇر. نەۋائى بۇ پاجىئەنى ناھايىتى چوڭ-
قۇر دەرد بىلەن ئىدراك قىلىپ، ئەستىن چىقمايدىغان ھۆكۈمنى يېزىپ قالدۇرغان:

تا ھىرىسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەپسۇ ھەۋا قەسرى بەر ئۇفتاد ئولماس.
تا زۇلمۇ ستەم جانىغا بىداد ئولماس،
ئەل شاد ئولماس، مەملىكەت ئاباد ئولماس.

بۇ رۇبائىدا ئاچكۆزلۈك ۋە خىرىس قارىلىنىدۇ. نەپس ۋە كىبىر قەسىرلىرىنى ئۆلات-
ماسلىق پاش قىلىنىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇم ۋە ستەمكارلىقلىرىنى يېڭىش باش ۋەزىپە
قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇلار تۇگىتىلمىسە ھېچقانداق ۋاقىتتا ئەل شات، مەملىكەت ئاۋات بولالمايدى-
غانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

دېمەك، ئەل شادلىقى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىنى كۆزلىگۈچى ھەر بىر كىشى
«نەپسى ھاۋا قەسرى» نى ئۆلتىشنى ئۆزىدىن باشلىشى لازىم. ئۇ توقايدىكى شىرنى يې-
ڭىش شجائىتىگە ھەۋەس قىلماي ئەكسىچە «نەپسى ئىتنى»، «زەبۇن» قىلىشنى كۆڭلىگە
پۈكۈشى كېرەك. نەپس ئىتىنى مەغلۇپ قىلالىغان ئادەم ئىچىدىن كۆيۈپ ۋە پارچىلىنىپ
ياشىمايدۇ، ئۇ شەخس سۆيىتىدە ئۆز قىممىتى ۋە پۈتۈنلۈكىنى تاپىدۇ.

بىز نەۋائى شېئىرلىرىدىن روھنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى نەپس ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.
نەپستىن غالىب كەلگەن روھ — قۇدرەتلىك روھتۇر. بىز يۇقىرىدا «نەپسۇ ھەۋا قەسرى»
نى ئۆلتىشنى ھەركىم ئۆزىدىن باشلىشى، ئاندىن باشقىلاردىن تەلەپ قىلىشى كېرەكلىكى
ھەققىدە سۆزلىگەنىدۇق. خوش، بۇنىڭغا قۇدرەت يەتمىسىچۇ؟ ئاجىزلىق ئۈستۈن كەل-
سىچۇ؟ مەنىۋى قۇدرىتى تەڭداشسىز بۈيۈك شەخسلەر بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىككىلىنىپ تۇر-
ماستىن ئۆز پىكرىنى توپتوغرا ئېيتىشقان. بابۇر ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك شەخس، مانا
ئاڭلاڭ:

ئۆمر غەفلەت بىلەن ئۆتكۈرمىشمەن،
نەپس بۇيرۇقى بىلەن بارمىشمەن.

شائىر ئۆمرىنىڭ غەپلەت ۋە «نەپس بۇيرۇقى» بىلەن ئۆتكەن پەيتلىرىنى ئويلاپ «دەردۇ ئەلەم» گە تولىدۇ. «نەپس ئىلكىدە زەبۇن» ھالەتلىرىدىن دىلىغا ئۇيات ۋە ئارمان ھېسلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ.

بۇ نې ئۇمرۇ بۇ نې بەلالىغدۇر،
بۇ نې تەۋرۇ نې يۈز قەرالىغدۇر.

دەپ نادامەت چېكىدۇ. مانا شۇ ئۇچۇقلۇق ۋە پەۋقۇلئاددە توغرىلىقتا ئېرىشمىگەنىدە بابۇر «شەھۋەتۇ نەپس» نىڭ دۇشمەنلىكىنى تەن ئېلىپ، «دۆلەت ئۈچۈن كۆڭۈلنى زار ئەتمە، ئىززەت ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خار ئەتمە» دېمىگەن بولار ئىدى.

نەپسنىڭ كەسپىدۇر ھەۋايۇ ھەۋەس،
روھ ئەلىدەدۇر بۇلار يارىماس.

.ەيدۇ بابۇر. نېمىدېگەن دانا پىكىر! بۇ پىكىر نېمىشقىدۇر ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ «روھىم» شېئىرىدىكى «روھىم، سەن ۋۇجۇدنىڭ غېمىنى يېمە» دېگەن قۇرىنى ئەسلىتىدۇ. بەلكى بۇ ئادەمنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايۇ ھەۋەسلىرىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىشى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ مۇنەۋۋەر پىكىردۇر. بەلكى ئۇ يەسەۋى، نەۋائىي ۋە بابۇر... غا ئوخشاش ئۇلۇغلار شېئىرىيىتىگە بولغان مېھرۇ ئىخلاس شارائىتىدىن تۇغۇلغاندۇر. بولمىسا ئابدۇللا ئارىپوۋ:

نەپس بىلەن دۇنياغا دىل بەرگەن پاسىقلار، شۇبۇ كۈن،
يەسەۋى خاك پايىدىن ئەيلەپ ئېلىڭ تۇمارلار.

دەپ يازارمىدى؟ دېمەك، نەۋائىنىڭ ئومۇمىي ئىنسانىي غايىلىرىگە سادىق بولغان شائىرلار قەلبىدە يۈكسەك ۋە سولماس روھ ئۈچۈن ھاياتىي جاۋابكارلىق تۇيغۇلىرى ھەمىشە نۇرلىنىپ تۇرغان.

## نادانلىق — ياۋۇزلۇق

قەدىمكى يونان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە: دۇنيادا بىرلا ئىزگۈلۈك بار. بۇ — بىلىم، بىرلا ياۋۇزلۇق بار، بۇ — نادانلىق. دەرھەقىقەت، شۇنداق. دۇنيادا قانچىلىك ئىزگۈلۈك ۋە ئالىيجانابلىق بولسا بۇ ئالدى بىلەن بىلىم مېۋىسىدۇر. ھەممە جاھالەت، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ. جاھاندىكى ھەممە سەلتەنەت قاتىللىرى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا نادانلاردىن پايدىلىنىپ كەلگەن. «نادان دوستنى

دوست سانىغا كىرگۈزمە، شۇڭا ئەقىل شامىنى ئۇنىڭ بىھۇدە ئەپسانىسى بىلەن ئۆچۈرمە»دەيدۇ ئەلىشىر نەۋائى. راست، بۇنداقلارنى ئادەملەر قاتارىغا قوشماقنىڭ ئۆزى نادانلىق بەلگىسى. بىز ئادەتتە ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان، ساۋاتى بوشراق كىشىلەرنى نادانلار دېيىشكە مايىلمىز. بۇ توغرا ئەمەس. قەدىمكى كىتابلاردا: «پايدىلىق ئىلىم بىلەن مەشغۇل بول، پايدىسىز ئىلىمدىن ئۆزۈڭنى تارت»، — دېيىلگەن. خوش، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئەپلىك بىلىم نېمە؟ ئۆزلىرىنى ئاقىل ھېسابلاپ يۈرگەن بىلىمدانلارغا شۇ سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە دەرھال بىرخىل بىچارىلىق ئالامىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىسىز. بەلكى ئۇلار ئابدۇللا ئارىپوۋ ئېيتقاندەك: «ھەددىسىز ھېسابتىن» زادى ئاداشمايدىغان باشلىرىدا «ئەلجەبىر ئۇسۇلى ئويۇپ كەتكەن» كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلاردا ئاساسىي بىلىم يوق. بۇ ۋەتىنىنى سۆيۈش ئىلمى. ئەشەددىي نادانلار ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز بولۇپ، بۇنداقلاردىن ھەرقانداق رەزىللىكنى كۈتۈش مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق نادانلار ئۆز ۋاقتىدا ئىبنى سىنادەك بۈيۈك زاتلارنىڭ روھىنى ئېزىپ، ئۇلارنى ئازابلىغان. ئىبنى سىنا مۇنداق يازىدۇ:

ئۆزىنى دانا بىلگەن بۇ ئۈچ - تۆت نادان،
ئىشەك تەبىئىتىنى قىلۇر نامايان.
ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇل ئىشەك بول،
بولمىسا كاپىر دەپ قىلشار ئېلان.

نادانلىقنىڭ ئۆز ئىقلىمى بار. ئۇنىڭدا روھى خۇنۇك، ئەقلى مەجرۇھ، پەيلى بۇزۇقلار كۆپىيىدۇ. ھەممە دەۋرلەردە نادانىنىڭ راھىتى — دانانىڭ كۈلپىتى بولغان. پۇرقەت «ئەيشىنى نادان سۈرۈپ، كۈلپەتنى دانا تارتىدۇ» دەپ نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان - ھە؟ مەنمەنلىك — نادانلىقنىڭ بىر چوققىسى. بۇ چوققىغا چىققان ئادەم، زېمىننى ئۇنتۇيدۇ. شائىر توغرا ئېيتقان: «بۇ ھاياتتا دانا تۇپراق، نادانلارنىڭ كۆكسى يۈكسەك» ئەھمەد يەسەۋىنىڭ نادانلىق پاجىئەلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلاردىن بىرىدە ئوقۇيمىز:

دۇنيادارلار مالىن كۆرۈپ ھەۋا قىلۇر،
مەنمەنلىكدىن ئول دەۋايى خۇدا قىلۇر....

بۇنداقلاردىن قانداقمۇ بەزمەسلىك ۋە نەپرەتلەنمەسلىك مۇمكىن؟ يەسەۋى ھەسرىتى چەكسىز شائىر. ئۇ ئەل ئارىسىدا مېھرى - شەپقەت تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرىدۇ. ھاياسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىق كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نالە قىلىدۇ. يالغان پەتىۋالار بىلەن ئاممىنى ئالداۋاتقانلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئازابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەڭ كۆپ قىينىغان غۇسسە — نادانلىق. شائىر ئۈچۈن نادانىنىڭ بەشىرىسىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق ئازاب يوق ئۇ ھەتتاكى:

بىمار بولسا نادانلارنى ھالىن سورىماي،
نادانلاردىن يۈز مىڭ جەفا كۆردۈم مانا.

دېگەن پەرگىچە بارىدۇ. يەنە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

ئايا، دوستلار نادان بىرلە ئۇلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ، ئۆلدۇم مانا.
توغرى ئېيتسام ئەگرى يولغا بويۇن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىگە تويدۇم مانا.

«دۇئا قىلىڭ، نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي» دەپ يالۋۇرۇپ، قەلب ھەسرەتلىرىنى بۇنداق ئېنىق ئاچقان ئادەمنى سەممىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەش خاتا قىلغانلىق، ئەلۋەتتە! «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» تا مۇنداق قۇرلارنى ئوقۇيمىز: «نادان - ئېشەك، ھەتتا ئىشەكتىنمۇ بەتتەر. ئېشەكنى قاياققا ھەيدىسەڭ شۇ ياققا ماڭىدۇ، نېمىنى ئارتساڭ شۇنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىل - پاراسەت دەۋاسى يوق. بەرسەڭ توق، بەرمىسەڭ ئاچ، بۇ بىر بىچارىدۇر.....نادان ھەتتا يۇقىرىدىكى سۈپەتلەردىنمۇ خالى، زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم. ئۇنىڭ ئىشى تەكەببۇرلۇق، گىدىيىش، خىيالىدا يۈز خىل تەشۋىش ۋە ئەندىشە....» دېمەك، تەكەببۇرلۇق، گىدىيىش ۋە پاراسەتسىزلىك نادانىنى ئېشەكتىنمۇ پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

«نادانغا كېپىكىزنى ئېيتماڭ، ئۇ سۆز توشۇغۇچىدۇر»، — دەيدۇ نەۋائى. سۆز توشۇش ئەينى ۋاقىتتا ئىغۋاگەرلىك ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشتۇر.

قايسى ئەلدە مالامەت ۋە مالاللىق، سىقىلىش ۋە ھارغىنلىق غالىب كەلسە، ئۇ ئەلدە نادانلىق ئەۋجىگە چىققان بولىدۇ. قايسى يۇرتتا ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنسا، شۇ يۇرتتا غاپىللار يۇقىرى مەۋقەلەرنى ئىگىلەيدۇ. نەۋائى بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىلىرىدە كۆپىنچە نادانغا دانانى زىت قويۇپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇ گويا قاراڭغۇلۇققا قارشى يورۇقلۇق ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. شائىر نادانلارنى ئەيىبلەشتە خىلمۇخىل ئوبرازلىق ئىبارىلاردىن پايدىلىنىدۇ.

ئادەملەر بىلەن يېقىن ۋە سەممىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ياخشى پەزىلەت. ئەلگە سىڭەلمىگەن ئادەمدىن ئەلمۇ قاچىدۇ. بۇنداقلارنى نەۋائى يامانلارنىڭ يامىنى ھېسابلاپ قاتتىق سۆكىدۇ. ئادەم تەنە مالامەتلەرگە قالماسلىقنىلا ئويلاپ، كەلسە - كەلمەس تويلارغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ نادانلار گۇرۇھىدىن ھەزەر قىلىش لازىم. نەۋائىنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ ئاق - قارىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان كامىل زاتلار ئارىسىدىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ نامراتلىقىدىن قورۇنماسلىقىمىز كېرەك. بۇ يەردە مۇنداق سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: ھەممە ئاڭلىق ئادەم ناداندىن قېچىۋەرسە، ئۇلارغا قارشى كىم كۈرەشىدۇ؟ بۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى خەلقتە بىر قۇدرەتلىك كۈچ بار. بۇ — ئەدەبىيات. ئەدەبىيات سۆز ۋە پىكىرنى ئاسماندىن ئالمايدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىگە تايىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى قەلەم بىلەن جانلاندۇرىدۇ. دېمەك، بىز ھەركۈن، ھەرسائەت ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرۈپ، چەكلىمىلىك، كالتە پەملىك ۋە بىلىمسىزلىكىمىزنى تۈگىتىشىمىز لازىم. ئەنە شۇ چاغدا نادانلار بىلەن مۇرەسسەچىلەرنىڭ سانى كۈنسايىن ئازىيىپ بارىدۇ. بۇ پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بىر مىسال

كەلتۈرۈپ ئۆتەي. شەۋكەت رەخمانىنىڭ «سورۇن» دېگەن بىر شېئىرى بار. مەزمۇنى مۇنداق: «ئۆلپەتلەر يىغىلغان ئاجايىپ سورۇن». ھەممىنىڭ كەيپى چاغ. بىرسى ئۆزىنىڭ «يۈكسەك مەقسىتى» دىن سۆزلەيدۇ. يەنە بىرلىرى گاھ ئۆتمۈشكە، گاھ كېلەچەككە نەزەر ئاغدۇرىدۇ. بەزىلىرى گويا ئالەم تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ.

ئېغىزلىرىدا بۇلۇتتەك كۆپۈك،
يۈزلىرى ئاق، ئىچلىرى قارە.
قىزىقى، بۇ زاتلار قايدىدۇر،
كىملەرنىدۇر قىلار ئىدارە.

قارىڭكى، بۇ غەلىتە سورۇندا بىر ئادەم ئۆزىنى باشقىچە سەزمەكتە. بۇ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىي ئادەتلىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش. بۇ تونۇشسىزلىق ئارتقانسېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ، ئەقىل يەتمەيدىغان بىر ھادىسە — ئاجايىپ قىزىق مەنزىرە پەيدا بولىدۇ:

سورۇندىكى ئاياقلار ئاستا،
كىرەر تۇياق، چاپچىش شەكلىگە....

«بىردە ئېشەك»، «يەنە بەزىسىدە توڭغۇز تۇيىقى»، «بۆرە پەنجە ئۆسەر بىردە»، «باشقىسىدا تۈلكە ئايىقى». شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ يىرگىنىشلىك سورۇننى تەرك ئېتىدۇ. چۈنكى «ئادەمنىڭكى ئىدى ئۇنىڭ ئايىقى....» بۇ يالغۇز تەرك ئېتىشلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نەۋائىنىڭ «ئۆزۈڭگە ئەبلەخۇ نادانىنى ئەيلەمە ھەمراز» دېگەن سۆزلىرىگە ۋىجدانەن رىئايە قىلىشتۇر. شەۋكەتنىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئېشەك تۇيىقى، بۆرە پەنجىلىكلەر تۇرمۇشتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنى يوققۇ؟ بۇنداقلار ئەل ئىچىدە دائىم بولغان، بۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. بۇنى ھېسابقا ئالماسلىق ئومۇمنىڭ زىيىنىغا پىكىر قىلىش بىلەن باراۋەر. نەۋائى:

ناكەسۇ ناجىنس ئەۋلادىن كىشى بولسۇن دەبلى،
چەكمە مېھنەتكىم، لەتىف ئولماس كەسافەت ئالەمى.
كىم كۈچۈك بىرلە خۇتەككە نېچە قىلساڭ تەربىيەت.
ئىت بولۇر، داغى ئېشەك، بولماسلار ئەسلا ئادەمى.

دېگەندە پەلسەپۋى قىممىتىنى ھېچ يوقاتمايدىغان ئاجايىپ بىر پىكىردىن بېشارەت بەرمىگەنمۇ؟
ھايات كۈچلۈك ئادەملەرنى سۆيىدۇ. كۈچلۈكلەر بولسا جەمئىيەت ھاۋاسىنى نادانلارنىڭ بەدبۇي ھىدلىرىنىڭ بۇلغاپ يۇرۇشىگە پەرۋاسىز قارالمايدۇ. نادانىنىڭ بەختى بولسا، بەختسىزلىككە قىلىنغان سوكۇتتۇر. نەۋائى شېئىرلىرىدا شۇ بەختسىزلىكنىڭ شەرھلىرىنى يازغان. شائىرلىرىمىز بۇنىڭدىن ھەر قانچە ئۆرنەك ئالسىمۇ ئەرزىيدۇ.

## ھەسەت ـ زەھەرلىك ئويغاقلىق

يېرىم تۈن، يېقىن ـ يىراقلاردا چىراغلار ئۆچۈۋاتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە ياق تۈن سۈكۈناتىغا چۆكىدۇ. ھەممە ياق قارايغان، ئەتراپنى خىيالىي جىمجىتلىق قاپلىغان. كىشىلەرنى ئازابلاپ «كۈندۈزدىن چارچىغان ئويغاق مۇشەققەت» مۇ ئەمدى «تىنچ تومۇرلاردا» ئۇخلاپ ياتىدۇ. ھېرىپ ـ تېلىققان قۇشلارمۇ «پارقىراق تۇمشۇقلىرىنى پەيلىرى ئارىسىغا تىقىپ» بىر خىلدا مۈگدەيدۇ. كېچىلىك تۈشەكتە چۈشەكەۋاتقان ئادەملەرچۇ؟ ئۇلارمۇ ئويغاق ئەمەس، ـ «چۈشلەر قوينىدا» ئۇخلايدۇ. قىسقىسى بۇ گۈزەل چاغ، بۇ ساماۋى ھالەت قۇچىقىدا «چەكسىز كائىناتمۇ مۈگدەيدۇ». بۇ دىلنى ياشناتقۇچى تۈن مەنزىرىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسىڭىز، ھەتتا «كېچىلەرنىڭ مېھمىنى ـ شەبنەم» مۇ ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ.

ئۇخلار ھۆكۈمرانلار، ئەتىسى تىنچسىز،
ئۇخلار كېپىنەكلەر، ئۇخلار يولۋاسلار.
ئاشىقلار كۆڭلىدە ئۇخلار سېغىنىش،
ئۇخلار شىكايەتلەر، ئۇخلار ئەرز ـ دادلار.

ھەتتا دائىملىق تىنچسىزلىق ۋە بىئاراملىق ئىچىدە ياشايدىغان قاتىل ۋە زالىملارمۇ ئويقۇ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. لېكىن ئالەم دەم ئېلىپ، بىغەملىككە قەدەم قويغىنىدا «بىرلا تۇيغۇ» زادى ئۇخلالمايدۇ. چۈنكى «ئۇنىڭ تۈشىكىدە مىخ بار.» ئابدۇللا ئارىپوۋ «تۈن مەنزىرىلىرى» ناملىق شېئىرىدا ئاشۇ تۇيغۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ دەيدۇ:

ئۇنى قىيناپ ياتار تىنمىسىز سوراق،
پەقەت ئۇخلالمايدۇ بىرگىنە ھەسەت.

بۇ ـ زەھەرلىك ئويغاقلىق، نەۋائىي نادانىي ئىشەك، «بەلكى ئىشەكتىنمۇ بەتتەر» پاسقىنى ئەخلاقسىز، يالغانچىنى قەبىھ گۇناھكار، غەيۋەتخورنى ئەجەلسىز ئۆلىدىغان ناپاك، دەپ خاراكتېرلىگەن، ھەسەتخور كىم؟ ئۇ بېخىل، ئەشەددىي قارا كۆڭۈل، ئىچى تار بىر مەخلۇق. ھەسەتخور كۆپىنچە پاكىز، ئاددىي كىشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن دىلى كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كۆمۈرلىرىگە تولغان بولىدۇ. ئابدۇللا ئارىپوۋ ھەسەتخورنىڭ ئىچىدە «تونىلاپ كۆمۈر بار» دېگىنىدە زادىلا مۇبالىغە قىلمىغان. ئەمما ھەسەتنىڭ نەدىن ۋە قانداق تۇغۇلغانلىقى ئۇنىڭغا بىر سىر:

ئىدراكىم بارىچە ياشىدىم پەقەت،
پەم ئەتتىم دۇنيانى ئۆزۈمچە قات ـ قات.
يالغۇز بىر سىرغىلا ئەقلىم يەتمىدى،
نەدىن تۇغۇلىدۇ، بىلمىدىم ھەسەت.

ھەسەتنىڭ ئانىسى ـ كۈچسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق، ئېھتىياجلىق، شىر تۈلكىگە ھېچبىر ئىشتا ھەسەت قىلمايدۇ. تۈلكە بولسا شىرنىڭ زاۋاللىقىنى تىلىشى مۇمكىن. بۇ-

ھەسەت. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىستىبداتلىق ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرىدىن ئىستىبداتىسزلار كۆپىنـ
چە غەشلىنىپ بوغۇلىدۇ. دانانىڭ پىكرىدىن نادانىنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
دۇنيانىڭ قايسى جايىدا كامال تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلۇغ ئىستىبدات ئىگىلىرى ــ مەيـ
لى ئۇلار ئالىم، شائىر ياكى تېۋىپ بولسۇن ئوخشاشلا ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت ئوقلىـ
رىغا نىشان بولۇپ ئۆتكەن. ئىبنى‌سىنا «پەزىلەت ۋە كامالىتىم قانچىلىگەن زاتلارـ
نىڭ» ئارامىنى بۇزدى، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئىت بولۇپ ھاۋشىدى» دېگەن. بۇ ئىتلىقمۇ
ھەسەتنىڭ كارامىتى، بۇ ئىتلار ئىبنى‌سىنا قەلبى ئىشغال قىلغان غايىلەر، ئۇ كۆز تىكـ
كەن مەنزىرىلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمىگەن. ھەسەت ئۈچقۇر ئارغىماقنىڭ ئاياغلىرىغا مىخ
بولۇپ سانجىلىشى مۇمكىن. ھەسەتنىڭ كەسپى گۆركالىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلەرنىڭ
يوللىرىدا تىنىمسىز ئورەك كولايدۇ. ھەسەتخور زەھەرلىك يىلاندەك پەيت پايلايدۇ. خۇدـ
دى سايىدەك كىشى كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ. ھەسەت تەھدىتىدىن ھەمىشە ئاگاھ
بولۇپ ياشاش كېرەك. لېكىن ۋاقىت ۋە ئەقىل سەرپ قىلىپ ھەسەت بەندىلىرىگە قارشى
ئەتەي كۈرەش قىلىش لازىم ئەمەس. نەۋائى ئېيتقان: «ھەسەتخور ــ بىمار، بەلكى ھالاـ
كەتلىك كېسەلگە گىرىپتار». شائىر پارىسچە قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە، دۈشمىنىڭ ھەسەتخور
بولسا ياخشى، دەيدۇ. نېمىشقا؟ ئاڭلاڭ:

دۈشمەنىڭ ھەسەتچى بولغانى ياخشى،
بەد فېئلى ئۆزىگە بېرىدۇ ئازاب.
ئۆز فېئلى ئۆزىگە دوست ـ دۈشمەن بولسا،
قەستىدە جىسمى ـ جان بولادۇر خاراب.

ھەسەتخورنىڭ ئىچى ــ دوزاخ. ئۇ شورلۇق دوزاخ توغرىسىدىكى ۋەقە ۋە قىيناقلارنى
ھەر كۈن، ھەر سائەت باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى ۋە جېنىنى ئېتى نامەلۇم قانـ
داقتۇر قۇرت ـ قوڭغۇزلار پارچىلايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى بىلەن دۇنيانى كۆرۈشىگە
غەرەز تۇتۇنلىرى ئەسلا ئىمكان بەرمەيدۇ. نەۋائى بۇلارنىڭ بارچىسىنى ئۇلارغا ھەقلىق
جاپا سۈپىتىدە باھالايدۇ:

ھەر كىمكى ھوسۇد ئېرۇر سەزادۇر ھەسەدى،
ھەقدىن بولغان يامان قەزادۇر ھەسەدى.
ئۆز جانىغە يەتكۈنچە بەلادۇر ھەسەدى،
بەلكىم ئاڭا بىداۋادۇر ھەسەدى.

بۇ «داۋاسى يوق دەرد» كە مۇپتىلا بولماسلىقنىڭ چارىلىرى نېمە؟ تىنىمسىز ھالدا
روھىي يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش. يۈرەك كەڭلىكى، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئازابلىـ
نىپ تولغانماسلىق، پىسقى پاساتلاردىن يىرگىنىش، پاك مەقسەتلەر بىلەن ياشاش، ئۆز
ئىشىنى سۆيۈش، شەخسىي بەسلىششلەرگە پەرۋا قىلماسلىق ــ بۇلار ھەسەتكە قارشى ئۇـ
نۇملۇك چارىلەردۇر. ئەڭ ئاساسلىقى ئاق كۆڭۈل بولۇش. كۆڭۈل قارىلىقىغا يۈركىنىشكە
باشلىدىمۇ، دېمەك، بۇ ھەسەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دالالەت. ئۇ چاغدا ئادەمدىن ئىقبالـ
مۇ، ئامەتمۇ ۋە ئېتىبارمۇ قاچىدۇ. بۇ ھالدا سىزگە ھال ـ ئەھۋالىڭىزنى كۆرۈپ، كۆزدـ
تىپ يۈرگەن بىرەر ئاقىل زات بەلكى نەۋائىنىڭ مانا بۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ بېرەر:

هەر كىمكى ھەسەد خىسلەتىدۇر ۋاي ئاڭا،
ئىقبال ئىلەفەرق فەلەكساي ئاڭا.
ھىچ ئافەتىدىن بولماس پەرۋاي ئاڭا،
ھەم ئۆز ھەسەدى ئافەتىدىن ۋاي ئاڭا.

«ھەسەت ــ قەلب ئۇغىسى». يۇرىكى زەھەرلەنگەن كىشىنىڭ ئەھۋالى «ۋاي» بولۇشى شۈبھىسىز. ئۇ روھىي شادلىق دىگەننى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك-لەر بىلەن تولغان قۇتىدىن باشقا ھىچنەرسە ئەمەس. ھەسەتخور دۇنياغا ھوشيار ئەقىل ۋە سوزۇك ئىدراك بىلەن خالىس نەزەر تاشلالمايدۇ. ئۇ ئەيىبلەيدۇ، غەزەپلىنىدۇ، ئەمما زەررىچە خاتىرجەملىككە ئىرىشەلمەيدۇ.

ھەسەتنىڭ ئادەمنى ئىزدىن چىقىرىدىغان يەنە بىر ھەيبارلىقى بار. ئۇ بەزىدە زورۇ-قۇپ ئۆلگەن كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇ چاغدا ھەسەتخور تىرىكلەرنى يەنى ئۆزىگە ياق-مايدىغان پاك ۋە دىيانەتلىك زاتلارنى ھاقارەتلەۋاتقان بولىدۇ. ھەسەتخور ھىسابات ماشى-نىسىدەك كەمچىلىكلەرنى سانايدۇ، ئادەملەردىكى قۇسۇر ۋە نۇقسانلارنى ھىسابلايدۇ. لىكىن كىشىلەردىكى ياخشى ئىنسانىي سۈپەتلەرنى كۆرمەيدۇ. نەۋائى ئېيتقان: «ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەيىب ئاختۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەيىبسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەممە نەرسىگە يامان كۆز بىلەن قارىغۇچى كىشى ھەسەلنىمۇ زەھەر ئورنىدا كۆرىدۇ.» ھەسەتخور «ئاددىي تاشنى ياقۇت دەپ بىلىدۇ، سەدەپنىڭ ھەر قانداق سۇنۇقلىرىنى ئۈنچە ھىسابلايدۇ. بۇنداق ئادەم بىراۋنىڭ داستىخىنىدا بىر يۇمىلاق كاكچا كۆرسە ئۇنى ئاسمان سەھنىسىدىكى تولۇن ئاي، دەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ئالقىنىدا پەيدا بولغان قاداقنى كۆرسە، ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ئۈنچە، گۆھەرنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، دەيدۇ. تۆن قاراڭغۇلۇقى-نى تاڭ يورۇقى دەيدۇ. بىر ئادەم گۈل ھىدلىسا، ئۇنىڭ بەدىنىگە تىكەن سانجىلغاندەك بولىدۇ. ئەلگە شادلىق بولسا ئۇنىڭ دەردى كۆچىيىدۇ. ھالال بايلىقنىڭ ئاپىتى ئوغرى بولغىنىدەك ياخشىلار مۇشۇنداق ھەسەتخورلاردىن ئازار يەيدۇ.» خەلقىمىز «دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى قۇرت يەيدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىچارە ھەسەتخورلارنىڭ باغرى-نىمۇ قۇرت تىتىپ، ئۇلارنى ئازابلايدۇ. لىكىن ئۇلار شۇنداق ئىچىنىشلىق ھالىتىدىمۇ يۈكسەك پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ قەلبىگە نەشتەر سانجىشنى قەستلەيدۇ. مىرزا بىدىل بىر شېئىرىدا: «ھەممە ئىچى قارا ئادەملەرنىڭ ئادىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ھەسەت. ئۇلارنىڭ خۇنۇك نەزەرى پاكلار تۆھمىتىگە قارىتىلغان، سەن بۇنىڭدىن ھەيران قالما. ئاپئاق پاختىنى ئۆيۈڭنىڭ تەكچىسىگە قويغىن-دە، ئاستىدىن شام ياق. شامنىڭ تۈتۈنى يۈكسەكتىكى ئاشۇ پاختىغا قاراپ ئۆچىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ئۇنى قا-رايتىدۇ».

نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت! دىمەك ۋىجدانى پاك ئادەم ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت تۆھمەتلىرىگە يولۇقۇشى مۇمكىن. جاھالەت ــ ھەددىدىن ئاشقان نادانلىق. نېمىشقىدۇر جاھىل نادانغا قارىغاندا ۋەھشىيدۇر. ئۇنىڭ ئارامى ــ قوپاللىق، قەھرى ياۋۇزلۇق.

جاھالەتكە ھەسەت قوشۇلغاندا ئىنسانلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بۇنسى بەكمۇ دەھشەتلىك!

ئابدۇللا قاھار ھېكايىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق رىۋايەت كەلتۈرىدۇ: خىزىر سەھرادا بىر كورنى كۆرۈپ، رەھمى كېلىپتۇ ـ دە: «ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، تىلىكىڭنى تىلە» دەپتۇ. كور خۇدادىن كۆزىگە نۇر تىلەشنىڭ ئورنىغا «ئەي خىزىر، خۇدادىن تىلەپ بەرگىن، ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆزى كور بولسۇن ـ دە، مېنىڭ ئەلىمىم بېسىلسۇن»ــ دېگەن ئىكەن. جاھىل ھەسەتچى دەل شۇ كورنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ شۇنچىلىك يىرتقۇچ ۋە شۇنچىلىك شەپقەتسىز. بولمىسا ئۇ ئەل كۆزىدە نۇر كۆرۈپ كۆزى قاراڭغۇلاشقىنى يەتمىگەندەك جەۋرى سىتەم تىغى بىلەن ئەل كۆزىنى ئويۇپ ئېلىشقا ئىنتىلەرمىدى؟ ئەل كىم، سەن كىم؟ بۇ دەل نەۋائىينىڭ رۇبائىيسىدىكى «ھەسەتخور ئۆز كۆزىنى ئۆزى ئويىدۇ» دېگىنىنىڭ خۇددى ئۆزى ئەمەسمۇ؟

شۇنداق، ھەسەت ئەڭ يىرگىنىشچىلىك تۇيغۇ. دانالارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە نەپرەت ساتقۇنلۇق ۋە پىتنە ـ پاساتلار ھەسەت بايرىقى ئاستىدا ۋايىغا يېتىدىكەن. بەزىبىر ئەقلىلقلار ھەسەتخورلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇنلاپ غەيۋەتخور، چېقىمچى، ساتقىن ۋە پىتنە-پاساتچىلارنىڭ توپلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس.

قېچىردەك چايانلار، پىل ئوخشاش مويلار،
بەدىنىڭدىن سۈرەر قانىڭ، غەيۋەتچى.

غەيۋەتخور توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغانمىز، ئوقۇغانمىز، ئەمما غەيۋەتخورنىڭ «قېچىردەك چوڭلۇقتىكى چايانلار» نى ئۆز قېنى بىلەن سەمرىتىپ يۈرىدىغانلىقىنى ھېچقاچان خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنمىز، مەختۇمقۇلىنىڭ يۇقىرىقى تەسۋىرى غەيۋەت ئەھلىنىڭ ئېغىر جازالارغا مەھكۇملۇقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «قېچىردەك چايانلار» نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پاسىق ۋە غەيۋەتخورلار ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىپ ئۆزگىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى «كوچا ـ كويلاردا تارقىتىدىغان»، ھۆرمەتكە مۇتلەق مۇناسىپ بولمىغان ئازغۇنلاردۇر. نەۋائىي ئۇلارنى زادى ھۆرمەت قىلماسلىققا ئۈگىتىدۇ. تىلىمىزدا «راھەت» دېگەن سۆز بار. ئەپسۇسكى، بىرمۇنچە ئادەملەر بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنىنى بەكمۇ بىر ياقلىما، يۈزە چۈشىنىدۇ. «راھەت»ــ ئاساسەن ئىچكى پىكرى پاراغەت، كۆڭۈلنى پاكلاپ روھقا يۈكسەك ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تۇيغۇ ۋە ھالەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

نەۋائىينىڭ «ھەر كىمسە ھوسۇد بولسا، راھەتسىز ئولۇر»،سۆزلىرى پاسىق ۋە غەيۋەتخورلارغىمۇ تېگىشلىكتۇر. ھەسەت، پىتنە غەيۋەت ــ بۇلار «يامان خىسلەتلەر»نىڭ يامىنىدۇر. بۇلار ئىنسانىنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىچى بوش جەسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە بۇ جەسەت كىشىلەرنى پەقەت ئۇغا تارقىتىش بىلەنمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدىغان جىنايەتلىك يولغا باشلايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەسەتخور قاتىلدىنمۇ زەھەرلىكتۇر.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھەممەت پولات



# سەنەۋبەر

(بېشى ئالدىنقىساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەيساجان مۇسا

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر بىيشەنى سەير قىلىپ يۈرۈر ئېردى. ناگاھ كۆزىگە بىر ئادەمزاد كۆرۈندى، دەرەختلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئەمما بۇلار رۇدەپا ئىدى. سەنەۋبەر ئۇلارنىڭ قاشىغە باردى. ئېرسە ھەممە زارى قىلا باشلادىلار، ئايدىكى:

— ئەي يىگىت، بىزلەرنى بوينىڭغە كۆتەرىپ، دەرەختلەرنىڭ ئۈستىگە قويساڭ! بىزلەرنى ھالىمىز يوقتۇر، مېۋەلەردىن ئۈزۈپ يېگەلى، — دېدى. ئېرسە، سەنەۋبەر رەھم قىلىپ، بوينىغە كۆتەردى. ئېرسە، ئاياغىدىن چىرماشىپ، قوللارىن بەند قىلدى. سەنەبەر ھەرچەند ھىيلە قىلدى، بولمادى. سەنەۋبەرنىڭ ھالى قالمادى. سەنەۋبەر زار - زار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر بەلادىن قاچتىمۇ مىڭ بىر بەلاگە ئۇچرادىم،
ھەر زەمان يۈزمىڭ ئەلەم بىرلە جەفاگە ئۇچرادىم،
بىر نەفەس شاد ئولمادىم، يۈز ماجەراگە ئۇچرادىم،
قان تولۇپ ھەر لەھزە دەردى بىدەۋاگە ئۇچرادىم،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

مەن نەچۇك ئاۋارەئى - بىچارەدۇرمەن پىشىبان،
تالىئىم ئاشۇفتە ئەھۋالىم زەبۇن، بەختىم يامان،
لەختە - لەختە داغى ھەسرەتدىن يۈرەكىم بولدى قان،
ئۇن گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم ئاچىلمايىن بولدى خەزان،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

شۇم فەلەكنىڭ گەردىشى ھەرگىز مېنى شاد ئەتمەدى،
خەستە كۆڭلۈمنى بەلاۋۇ غەمدىن ئازاد ئەتمەدى،
ئايرۇ تۈشتۈم قەۋم - قەرىنداشىم مېنى ياد ئەتمەدى،
مەندەيىن ھېچكىمسەنى بۇ چەرخى ناشاد ئەتمەدى،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

كۆرسە ئەھۋالىمنى ھەر بىر مۇبتەلا يىغلار ماڭا،
داد ئېتىپ بىگانەئى ھەم ئاشنا يىغلار ماڭا،
ئاھۇ نالەم ئىشتىپ ھەر مۇبتەلا يىغلار ماڭا،
بىلسە ئەھۋالىمنى ھەر شاھۇ گەدا يىغـلار ماڭا،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ھېچ كىشى، ئەي دوستلار، مەندەك پەرىشان بولمىسۇن،
يار ھەجرىندە كۆيۈبان زار ـ گىريان بولمىسۇن،
ئۆرتەنىپ ئىشـق ئوتى بىرلە باغرى بەريان بولمىسۇن،
مەندەيىن بەختى قاراۋۇ خانەۋەيران بولمىسۇن،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

تۇشمىشەم بىر دەردغە ھەردەم بولۇر دەردىم بەتەر،
يارۇ دوستۇم ئالمادى ھالى خەرابىمدىن خەبەر،
نە ئۇچۇن قادىر خۇدايىم بىزگە قىلماسكىن نەزەر،
مىڭ بەلالەرگە گىرىفتار ئولمىشەم شامۇ سەھەر،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

بىر غەرىبىۇ بىكەسۇ ئاۋارەئى ھالىم خەراب،
غۇسسەئى دەردى ئەلەمدىن ئۆرتەنىپ باغرىم كەباب،
خەستەلەردەك تەلمۇرۇبان قالمىشەم دىيدەم پۇرئاب،
ئاھۇ نالەم بىئەدەد، ئېرمەس دۇئايىم مۇستەجاب،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

نەۋبەھار ئولدى، مېنىڭ ھەرگىز بەھارىم ئولمادى،
بىر نەفەس گۇل غۇنچەئى باغقە ئۇمىدىم بولمادى،
بۇ بەلا مۇڭلۇغ باشىمدىن بىر زەمان ئايرىلمادى،
نالىشىم ھەر دەرگەھىدە ھېچ ئىجابەت بولمادى،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ئەي خۇدايا ئەيلەگىل غەمدىن سەنەۋبەرنى رەھا،
ھېچ مۇسۇلمان بولمىسۇن مەندەك غەم ئىچرە مۇبتەلا،
لۇتف ئېتىپ يا خىزرى پەيغەمبەر، نەزەر قىلغىن ماڭا،
قالمىشەم دەيرى فەنا ئىچرە گىرىفتارى بەلا،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ئەلقىسسە، خۇدايىستائالادىن ئاۋاز كەلدىكى:

«رۇدەپانىڭ باشىنى ئۆرۈكنىڭ چىبجەسگە قويۇپ ئۆزگىل، ئاندىن سوڭ خەلاس بولۇرسەن».

سەنەۋبەر ئۆرۈكنىڭ چىبجەسگە رۇدەپانىڭ باشىنى قويۇپ ئۆزدى. سەنەۋبەر رۇدەپادىن قۇتۇلۇپ قولىغا قىلىچ ئالىپ «شۇبۇ كۈن بارىڭنى قىرارمەن» دەپ بىر سۆز ئايتقانى بۇ تۇرۇر:

يىغلاشا كۆر رۇدەپالار،
بولدى ئاخىر زەمان ساڭا.
سۇد ئەيلەمەس ئاھۇ ۋاھلار،
بۇگۈن تۈشەر قىرغىن ساڭا.

باشىڭ كېسەرمەن بۇ سائەت،
جانىڭغا سالىپ قىيامەت،
تەۋەللا قىلماق نە ھاجەت،
ئەندى بەرمەم ئەمان ساڭا.

ئەمدى باشىڭنى كېسەرمەن،
شىرىن جانىڭنى ئۈزەرمەن،
قانىڭنى سۇدەك ئىچەرمەن،
غەنىمەتدۇر بۇ جان ساڭا.

بارىڭنى ئاسارمەن دارە،
چېكەرمەن يۈزۈڭغە قارە،
باشىڭدىن كاللا مۇنارە،
كۆتەرۈرمەن نىشان ساڭا.

سەنەۋبەرجان، دوست ئۆلمىسۇن،
رەقىبلەر ھەرگىز كۈلمىسۇن،
ئىلاھىم ئۆزى ئەيلەسۇن،
جەھەننەمدە مەكان ساڭا.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر رۇدەپالارنى ئۆلتۈردى. ئەندى تېزرەكمۇندىن كەتمەسەم، بىر يولغا رەۋانە بولمىسام بولماس، دەپ سۆز ئايتقانى بۇ تۇرۇر:

ئۆمرۈم زايىئ، يۇلدۇز كەبى، يالبارىپ،
ئەندى مەسلەھەت ئەتمەسەم بولماس،
ۋەلى كۆڭلۈم تۇرماق بولماس بۇ جايدە،
قايغۇ - ھەسرەت بىلە كەتمەسەم بولماس.

مەجنۇن بولۇپ، بۇ چۆللەردە ئاھ ئۇرۇپ،
خەستەلەردەك چەھار تەرەپكە تەلمۈرۈپ
كۆزلەرىمنى قانلىق ياشغە تولدۇرۇپ،
زار ئەيلەپ يانە يۈرمىسەم بولماس.

مەن ئاشىقمەن پەرىلەرنىڭ شاھىغە،
جەھد ئەيلەپ يېتە بىلمەم يانىغە،
غەۋۋاس بولۇپ بۇ گەۋھەرنىڭ كانىغە،
ئۆزۈمنى ئۇممانغە ئاتماسام بولماس.

قەقنۇس كەبى ئىشىق ئوتىغە ئۆرتەنىپ،
بىسمىل بولۇپ ئۆز قانىمغە بويالىپ،
بۇ بىشەدىن كەلدىم باشىمنى ئالىپ،
يارنىڭ ۋىسالىغە يەتمەسەم بولماس.

سەنەۋبەر دەر فەلەك يۈزى شانىمنى،
ئۆتغە ياقتى گەۋھەرىمنى كانىمنى،
يار يولىندە بېرىپ شىرىن جانىمنى،
بىۋەفا دۇنيادىن ئۆتمەسەم بولماس.

ئەلقىسسە، بىرنەچچە نازۇ نېئمەتلەردىن يېغىپ ئالدى ۋە يەنە سال باغلاپ، دەرياغە كىرىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنلەر دەريادە سال سۈلادى. ھەرچەند جەھد قىلدى، چىقمادى. ئۇشۇلدەمدە دەرياغا بىر سۆز ئايتقانى:

ناگهاندىن تۇشتۇم ساڭا،
ئۇممان دەريا، ئەمان ـ ئەمان،
ئەرزىمنى دېمىشەم ساڭا،
ئۇممان دەريا ئەمان ـ ئەمان.

بەتەر بولدى دەردىم شۇ كۈن،
كۆزدە ياشىم بولدى گۈلگۈن،
مۇستەفانىڭ ھەققى ئۈچۈن،
ئۇممان دەريا، ئەمان ـ ئەمان.

مەن كېلەرەم يانە ـ يانە،
فەلەك بىلەن دۇنە ـ دۇنە،
ئەندى چىقماغىم گۇمانە،
ئۇممان دەريا، ئەمان ـ ئەمان.

كەچمىشەم ياخشى جەھاندىن،
شىرىن جانىم چىقار تەندىن.
مۇرۇۋۋەت ئىستەرەم سەندىن،
ئۇممان دەريا، ئەمان ـ ئەمان.

ئەلقىسسە، دەريانىڭ ئىچىندە ئاقىپ بارۇرئىدى. ناگاھ، دەريانىڭ ئورتاسىندا بىر ئۇلۇغ ياغاچ كۆرۈندى. ئەلقىسسە، بارىپ ئول ياغاچقە چىقتى، ئېرسە، سەنەۋبەر فەلەكنىڭ دەستىدىن شىكـۋە ئەيـلەپ بىر سۆز ئايتقانى:

زۇلمۇڭ بىلەن كۆزۈم ياشىن قان ئەيلەدىڭ،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.
ھەسرەت بىلەن ئۆتتۇم فانى دۇنيادىن،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.

جۇدالىق دەردىدىن گۈل كەبى سولدۇم،
مېھنەت ئەييامىدا كۆيدۇم، كۈل ئولدۇم،
قانلار يىغلاپ ئەمدى دەرياده زار ئولدۇم،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.

سەنەۋبەر دەركىمگە ئايتاي دەردىمنى،
غەم بادى ئاسماندىن چەكتى گەردىمنى،
ئەمدى ساڭا ئەرز ئەيلەدىم دادىمنى،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر خۇدايى تەئالاغە تەۋەككەل قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىدى. ناگاھ، ئاسماندىن بىر ئۇلۇغ قۇش پەيدا بولدى. سەنەۋبەر ئۇنى كۆرۈپ كاۋاكقا ياشۇرۇندى. ئېرسە، ئۇلۇغ قۇش كېلىپ ياغاچقا قوندى. سەنەۋبەر ئۆز كۆڭلىدە ئايدىكىم: «ئەگەر بۇ قۇشنىڭ ئاياقىغە ياپۇشسام، شايەد چىققايمەن» دەپ ئاھىستە كېلىپ، ئاياقىغە ياپۇشتى. ئېرسە، قۇش ھاۋاغا ئالىپ ئۇچتى. ئانداغ چىقدىكىم، سەنەۋبەرنىڭ قولاقىغە مەلائىكلارنىڭ تەسبىھى كېلۇر ئېردى. ئىشىتىپ، زار ـ زار يىغلاپ بىر سۆزئايتقانى:

سۇنئىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جەببار،
ھېچ بەندەنىڭ بەختىن قارا ئەيلەمە.
قۇدرەتىڭدىن مېنى قىلدىڭ پەرىشان،
رەھىم ئەيلە، قولۇم تۇت، ھەيران ئەيلەمە.

يىغلاماقتىن كۆزدە ياشىم قان ئولدى،
قارا باغرىم سۇ بولۇبان ئېزىلدى،
يۇسۇفى كەنئاندىن يەئقۇب ئايرىلدى،
مېنىڭدەك دىيدەسىن گىريان ئەيلەمە.

ئىبراھىم خەلىلنى ئايرىدى خىتاب،
ئوغلىن قۇربان ئەتتى ئوشۇل ماھىتاب،
ئىسمائىل دەردىدىن سىينەسى كەباب،
مەندەك باغرىنى بەريان ئەيلەمە.

بۇ يولدا ئۆتتۇپدۇر يۇسۇفى كەنئان،
زىلەيخا ھەجرىدە يىغلادى چەندان،

ئالەمنى ياراتقان قۇدرەتلىك رەھمان،
مەندەك ئاشىقى نالان ئەيلەمە.

بىستۇن تاغىنى كۆپ قازدى فەرھاد،
فەلەكنىڭ ئىلكىدىن ئول ئۆتتى ناشاد،
بارچەنى ياراتقان قازىيۇلھاجات،
ھېچكىمنى مەندەك ھەيران ئەيلەمە.

ئەھۋالىم بولۇپتۇر بەتەردىن - بەتەر،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر،
كى بۇيلە ئۆتتۇپتۇر شۇئەيب پەيغەمبەر،
مەندەك كۆزلەرىنى گىريان ئەيلەمە.

لەيلى - مەجنۇن دەرلەر ئاشىقى نالان،
بۇ فانى دۇنيادىن ئۆتتىلەر گىريان،
ھېچ ئادەم ئوغلىنى قۇدرەتلىك رەھمان،
سەنەۋبەردەي زارۇ ھەيران ئەيلەمە.

ئەلقىسسە، ئول قۇش ئاشيانغە قونـ
دى. ئېرسە، سەنەۋبەر ھەم ئۆزىنى ئاندا
سالدى. ئەمما، سۇمرۇغ قـۇش سەنەۋبەر-
دىن سورادىكىم:
— ئەي ئادەمىزاد نە سەبەبتىن بۇ
جايلارغە تۈشتۈڭ،— دېدى.
سەنـەۋبەر ھەرنە كۆرگەنـىـن بەيان
قىلىپ بىر سۆز ئايدى:

ياتىپ ئىدىم تەخت ئۈستىدە بىر كېچە،
تۈشۈمدە بىر تۇرفە جانان كۆرۈندى.
تەئرىفىن ئەيلەيىن ئانى بۇ كېچە،
ھۈسنى ئەنۋەر، ماھى تابان كۆرۈندى.

قاشلارى ھىلالدۇر، كۆزلەرى مەستان،
كۆرگەن ئادەم بولۇر ھۈسنىغە ھەيران،
ئول سالدى باشىمغە تۈگەنمەس دەۋران،
ماگا بىر دەۋلەتى سۇلتان كۆرۈندى.

بىر پەرىدۇر كىيگەن تونى قىرمىزى،
ئاتى گۈلدۇر شاھ فەررۇخنىڭ قىزى،
بۇ زەمان ناز ئىلە بىزنى ئۆلتۈردى،
بىر غۇنچە دەھانلىق جانان كۆرۈندى.

بىر ئەجەب دىلبەردۇر، رىزۋانە مەنزەر،
قولى تەر ھىنالى ھۈسنى مۇنەۋۋەر،
بىر شىرىن دىلبەردۇر لەبلەرى شەككەر،
شۇنداغ كەرەشمەلىك جانان كۆرۈندى.

سەنەۋبەر دەر بۇدۇر ھالۇ ئەھۋالىم،
كېچە - كۈندۈز بۇدۇر فىكرۇ خەيالىم،
نەزەرىمدىن كەتمەس دەۋرانى زالىم،
شۇنىڭدەك فىتنەلىك دەۋران كۆرۈندى.

ئەلقىسسە، سۇمرۇغ ئايدى:
— ئەي ئادەمىزاد، سېنىڭ ئۈچـۈن
بىر ياخشىلىق قىلايـىن، مۇنـدىن شەھـرى
شەبىستانغەچە نەچچە يۈز يىلـلىـق يول
ئېرۇر، ئورتادە يەتتە دەريا ئاقادۇر. [ئۆزۈڭ
يالغۇز] بارالمايسـەن، — دېدى.
ئېرسە، سەنەۋبەر سۇمرۇغنى تەئرىف
قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

سۇلەيمان سۇمرۇغى، ئەي شاھى مۇرغان،
ھەمىشە دەۋلەتىڭ بەر قەرار ئولسۇن،
ماگا بىرنەچچە يول بولسۇن بۇ چەندان،
ئالەمدە پەناھىڭ بىرۇبار ئولسۇن.

مەنزىلگاھىڭ بولسۇن مەسجىدى ئەقسا
تۆرتۈنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
ئاشىقلارنىڭ پىرى يۇسۇف - زىلەيخا،
ئۇلار كېلىپ ساگا مەدەدكار ئولسۇن.

خىزىر بىلەن ئىلياس غەۋس پەيغەمبەر،
خىزمەتىڭدە ئۇلار بولسۇن مەدەدكار،

ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانۇ ھەيدەر،
مەدەدكارىڭ يەنە چەھاريار ئۇلسۇن.

تەڭرىنىڭ مەھبۇبى ئەھمەدى مۇختار،
ئاندىن شفا تاپار جۇملەئى بىمار،
نگاھدارىڭ بولسۇن ياراتقان جەببار،
دۇشمەنلەرىڭ ساڭا مەدەدكار ئۇلسۇن.

سەنەۋبەر دەرلەر مەن بىر فەقىرىم،
نەچچە يىلدۇر غەم قولىندە ئەسىرىم،
باشىمدىن ئۆتكەننى مەن ساڭا دېدىم،
ناگاھ سۆزۈم ساڭا ئېئتىبار ئۇلسۇن.

ئەلقىسسە، سۇمرۇغ سەنەۋبەرنى ئارقاسىغە كۆتەرىپ پەرۋاز قىلىپ كەتتى. قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپ، شەھەرى شەبىستانغە يېتۇشتى. ئەمما بىر دەريا بار ئېردى. شول دەريانىڭ لەبىگە تۇشتىلەر.

سۇمرۇغ ئايدىكىم:

— ئەي ئادەمىزاد ھالا چەھار باغقا بارۇرسەن. دەرۋازەدە دېۋىلەر ياتقاندۇر. ئۇلاردىن قورقما. ئىچكەرى كىرسەڭ، مەلىكە تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقاندۇر. تەختنىڭ باشىدە بىر قەفەسنىڭ ئىچىندە زەررىن بال دېگەن بىر قۇش باردۇر. سېنى كۆرسە فەرياد قىلار. مېنىڭ پەيامىمنى يەتكۈزسەڭ دەم ئۇرماس .... — دەپ ۋىدائ قىلىپ ياندى.

ئاندىن سوڭ سەنەۋبەر سۇمرۇغقە «رۇخسەت بەر» دەپ، بىر سۆز ئايتقانى:

كەلگىل ئەمدى سۇمرۇغ قۇشى،
شول كۆرگەن مەكانغە يۈزلەن.
بىلمەسدىن بۇرۇن ھېچ كىشى،
ئەزم ئېتىپ جەۋلانغە يۈزلەن.

سەن بارۇرسەن يوللار ئاشىپ،
مەن قالۇرمەن يانىپ-پىشىپ،
ئۇمىمان كەتتى تولۇپ-تاشىپ،
چۆلدىن گۈلستانغە يۈزلەن.

كۆپ ياخشىلىق كۆردۇم سەندىن،
ئەمدى رىزا بولغىن مەندىن،
پەرۋاز ئېتىپ بول ۋەتەندىن،
ئۇشۇل خانىمانغە يۈزلەن.

ھەمدەملەرىڭ ناشاد ئۇلۇپ،
كۆزلەرىن ياشغە تولدۇرۇپ،
چەرخى فەلەك پەرۋاز ئۇرۇپ،
بۇ كۆرگەن ئاشيانغە يۈزلەن.

سەنەۋبەر دەر ئىشقىم فۇزۇن،
تازە بولدى دەردىم بۇ كۈن،
ھەر كىشى بىلمەسدىن بۇرۇن،
كۈلبەئى ئەھزانغە يۈزلەن.

ئەلقىسسە، سۇمرۇغ ۋىدائ قىلىپ كەتتى. سەنەۋبەر ئاھىستە-ئاھىستە رەۋان بولدى. كۆردىكىم دىۋارى تەمام زەئفىراندىن قىلىنغان. [ئۇنىڭ] ئاب نۇرىدىن كىرىپ ئاھىستە رەۋان بولدى. كۆردىكىم بىر كوشك تەمام مۇرەسسەئ تىللادىن ئەدى. كوشكنىڭ ئايۋانىدا تەخت، تەخت ئۈستىدە پەرىزاد ياتىپدۇر. يەنە ئەتراپىدا جەمئى پەرىزاد قىزلار مەست ياتىپدۇر. سەنەۋبەر بۇلارنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ئەفغان قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

مەجنۇن بولۇپ، بوستانلارنى گەشت ئېتىپ،
ئۆز-ئۆزۈمدىن بىر سەۋداغە يېتۇشتۇم.
پەرىلەرنىڭ ھەسرەتىدە قان يۇتۇپ،
باغچەلىق، بوستانلىق جايغە يېتۇشتۇم.

فەسل زىمىستانىم، دەۋلەت بەھارە،
بەھارىم - گۇلشەنىم بولدى زىيادە،
بارچەسى سۇرتۇپتۇر يۈزىگە غازە،
قىزىقارلىق تەماشاغە يېتۇشتۇم.

ئەقلىمنى لال ئەتتى ئاغزى خەيالى،
شەككەردىن شىرىندۇر لەئلىنىڭ بالى،
ھەر بىرى جەننەتنىڭ ھۆرى مىسالى،
ئاھۇ كۆزلۈك، شەككەر جايغە يېتۇشتۇم.

چەمەن ئىچرە ياتمىش سەف - سەف گۆزەللەر،
رەڭ - بەرەڭ ئاچىلىپ، قىرمىزى گۇللەر،
تازە نەۋجەۋانلار - گۇل يۈزلۈك دىلبەر،
سىياھ كۆزلۈك سۇمەنساغە يېتۇشتۇم.

بىرسى مەلەكدۇر، بىرىسى رىزۋان،
گوياكى جەننەتدە ھۇر ئىلە غىلمان،
ئىشىكلىك، ئايۋانلىق، باغچەلىق باغبان،
تۇرفە باغى مۇستەفاغە يېتۇشتۇم.

ئۈستىدە ياتمىش بىر ئەجەب دىلبەر،
زۇلفلارىغە تاقمىش بەھاسىز گەۋھەر،
شاھى خۇرشىد ئوغلى - ئاتىم سەنەۋبەر،
بىر ئەجايىب تەماشاغە يېتۇشتۇم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر رەۋان بولدى. تەختنىڭ قاشىغە باردى. ئىبرسە، زەررىن بال:

«ھەيھات! ئادەمىزاد!» — دەپ بىر نەئرە ئۇردى.

ئىبرسە، بارچە دىۋەلەر جايىدىن قوپتى. سەنەۋبەر دەرھال ئۆزىنى تەختنىڭ ئاستىغە ئالدى. پەرى قىزلار ھەرچەند ئاختاردىلار، تاپمادىلار. سەنەۋبەر ئاندا قورقۇپ بىر سۆز ئايتقانى:

غەمدىن قۇتۇلماغان مېھنەتلىك باشىم،
كۆندە يۈزمىڭ ھىجرانغە دوندى نەيلەيىن،
قەرارى يوق شۇم فەلەكنىڭ گەردىشى،
تۆگەنمەس سەۋداغە سالدى نەيلەيىن.

بۇلبۇل بولۇپ گۇلشەنىڭغە كىرمەدىم،
باغبان بولۇپ ئالما، نارىن تەرمەدىم،
يارە يېتىپ شەكەر لەبىن شورمادىم،
كۆڭلۈمدە ئارمانلار قالدى نەيلەيىن.

ياخشىلىق ئىستەيۇپ يۈردۈم ھەريانە،
ھەممە سۇد ئىشلارىم دوندى زىيادە،
بىر قىيا باقىشلىغ دۇررى يىگانە،
ئەقلىمنى لال ئېتىپ ئالدى نەيلەيىن.

باشىمغە ھەر زەمان يېتەر سەۋدالار،
يېتۇشۇر جانىمغە سانسىز بەلالار،
كۆزلەرىمدىن ئاقار قانلىق دەريالار،
غەرق ئېتىپ جەھاننى ئالدى نەيلەيىن.

سەنەۋبەر دەيدۇرلار مېنىڭ ئاتىمنى،
فەلەك ھېچ بەرمەدى كۆڭۈل شادىمنى،
رەھم ئەيلەمەس ھېچكىم قىلغان دادىمنى،
ياخشى كۆن يامانغە دوندى نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، پەرىلەر گۇللار ئاراسىنى ئاختارىپ يۈرۈر ئىبردى. سەنەۋبەر مەشۇقنىڭ باشىدىن ئاياقىنى مۇناسىپ تەئرىف قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر پەرى كۆرمىشىم مۇندە،
يۈرۈر سەيلانە - سەيلانە،
گۆھەر تىشلىق، قەلەم قاشلىق،
چەشمى مەستانە - مەستانە.

باشىندە بار زەررىن تاجى،
سۇنبۇل كەبى ئانىڭ ساچى،
ھۆسنى ئالۇر ئايدىن باجى،
مەگزەر لەئلى بەدەخشانە.

يۈزىندە باردۇر خاللارى،
شەككەردىن شىرىن تىللارى،
قەندۇ نەباتتۇر لەبلەرى،
مەگزەر لەئلى بەدەخشانە.

قاشى يايدەك، كۆزى مەستان،
قالمىشىم بۇيلە مەن ھەيران،
ئەيلەرەم جانىمنى قۇربان،
شول تۇتىنى خۇش ئەلھانە.

غەمزە بىلەن سۈزۈپ كۆزىن،
ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئۆزىن،
ئوخشاتدىم يارىمنىڭ يۈزىن،
قىش ئاچىلغان گۈلىستانە.

نەرگىسدەك ئېگىپ باشىن،
چېكىپ چىقار بىزگە قاشىن،
ئوخشاتدىم يارنىڭ بويداشىن،
بىر سۇنبۇلى زەر ئەفشانە.

شەددە قۇچقان نازۇك بېلى،
باشىدە باردۇر جىغاسى،
تىلىندە باردۇر سەناسى،
مەگزەر تەختى سۇلايمانە.

ئەلقىسسە، [گۈلپەرى] جۆرەلەرىغە غەزەب قىلدىكىم، «تاپماساڭىز ئۆلتۈرۈرمەن» — دېدى. ئېرسە قورقۇنچىدىن بىرىسى گۈلنىڭ ئاستىغا ياشۇندى. كۆرەركىم بىر ئادەمىزاد ياتىپدۇر. سەنەۋبەرنى كۆرۈپ، تۇتۇپ مەلىكەنىڭ ئالدىغا ئالىپ باردىلار. ئېرسە مەلىكەنىڭ كۆزى چۆشكەچ جايىدىن تۇرۇپ، تەختىنىڭ ئۈستىگە چىقارىپ، كۆڭگىلىنى ئوۋلاپ بىر سۆز دېگەنى:

خۇش كېلىپسەن سېۋەر يارىم،
قۇتلۇق بولسۇن مەكان ساڭا.
تۈشۈمدە كۆرگەن دىلدارىم،
سەدقە بولسۇن بۇ جان ساڭا.

تىلەر ھەجرىڭدە يىغلادىم،
كېسىپ باغرىمنى داغلادىم،
يۈرۈپ شەئنىڭنى ئىزلەدىم،
ھېچ تاپمادىم نىشان ساڭا.

بولسۇن ساڭا تەختى رەۋان،
سەن ـ سەن دەردىمغە دەرمان،
يۈلۈگدادۇر بول شىرىن جان،
مەن ئەيلەيىن قۇربان ساڭا.

بىر گۈلۈم سېنىڭ دەستىڭدە،
بولمىسۇن رەقىب قەسدىڭدە،
تاكى ئۆلگۈنچە دەستىڭدە،
بولسۇن ياخشى جەھان ساڭا.

ئەلقىسسە، [سەنەۋبەر] مەئشۇقىنىڭ كۆڭلىن ئوۋلاپ، تەئرىف قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

كۆلۈپ كەلمىش بارچە دىلبەر قاشىمە،
مەگزەر لەئلى بەدەخشانغە نىگارىم.
شەمشاددەك سايە سالدى باشىمە،
مەگزەر سەرۋى خىرامانغە نىگارىم.

ئاق يۈزىنىڭ قوشە ـ قوشە خالى بار،
سورۇپ كەلدىم لەبلەرىنىڭ بالى بار،

رۇخسارىدا مىڭ تۇمەنلىك نازى بار،
تەرگە چۆممىش دانە ـ دانە نىگارىم.

كۆزلەرى جادۇ، غەمزەسى ئافەت،
هۇمايۇن باقىشلىق بارچە سەئادەت،
كىيگەنى قىرمىزى خۇش قەددۇ قامەت،
مەگزەر شەمئى شەبىستانغە نىگارىم.

بىر پەرى بولۇپتۇر مەن بىلە هەمدەم،
لەبىدىن ئاقادۇر شەربەتى زەمزەم،
خىزمەتىدە مىنى ئەيلەدى مەهرەم،
رەهم ئەيلەيۇپ بۇ گىريانغە نىگارىم.

سەنەۋبەرنىڭ يارى گۇل يۈزلۈك دىلبەر،
ساڭا فىدا بولسۇن سانسىز پەرىلەر،
ئاشىقىن ئۆلتۈرۈر خىتائى قوللار،
بۇيانمىشتۇر قىزىل قانغە نىگارىم.

ئەلقىسسە، بىر ـ بىرىگە پىيالە تۇتۇ ـ شۇپ، ئەيشى ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار. سەنەۋبەر يارىدىن بىر بوسە تىلەپ بىر سۆز ئايتقانى:

گۇلۇمسەن سىياھ زۇلفىڭ،
دال گەردەنغە كەمەند ئولسۇن.
بەرسەڭ ئاشىقىڭ مۇرادىن،
بۇ جان ساڭا فىدا ئولسۇن.

سۇرمەلىك قەلەم قاشلارىڭ،
تىزىلغان ئىنجۇ تىشلارىڭ،
كەلامدە شىرىن تىللارىڭ،
شەككەردىن لەزىز قەند ئولسۇن.

تۇرغان يۇلتۇز ئىلە ماهلار،
ئاهۇ كۆزلۈك زىلەيخاهلار،
خىزمەتىڭدە كېلىپ شاھـلار،
چەرخى فەلەك سەمەند ئولسۇن.

مەن بولمىشەم ساڭا هەمدەم،
كۆڭلۈمدىن كەتتى يۈزمىڭ غەم،
گۇل يۈزۈڭگە ئاققان شەبنەم،
دانە ـ دانە سىپەند ئولسۇن.

سەنەۋبەر دەر سىنىڭ زارىڭ،
كېچە ـ كۈندۈز گىرىفتارىڭ،
روهى سىياھ رەقىبلەرىڭ،
ئۆزى ئىگلەنسۇن بەند ئولسۇن.

ئەلقىسسە، ئىككىسى بىر ـ بىرىسىدىن كامى دىل هاسىل قىلىپ، بىرنەچچە كۈن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار. ئارا ـ دىن نەچچە كۈن ۋە نەچچە سائەت ئۆتتى. بىر كېچە سەنەۋبەر مەي ئىچىپ مەست بولۇپ ياتىپ ئىدى. يار ـ جۆرەلەرى يادى ـ غە تۈشۈپ، بىر ئاھ تارتتى. گۇل پەرى ئايدىكى:

— ئەي ئادەمىزاد، مەگەر مەندىن ئۆزگە غەيرى يارىڭ باركىم، ئاھ تارت ـ تىڭ، — دېدى.

سەنەۋبەر گۇل پەرىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، بىر دۇرساقى ئايتقانى:

ناگەهان كېزەر ئىدىم مەست ـ مەستانە،
چەشمى جادۇگەرلىڭ يادىمە تۈشتى.
گۇل ئاچىلىپ، تاڭ شامالى ئىسىدى،
زەرەفشان زۇلفىڭ يادىمە تۈشتى.

خىتائى بارماقلار، هىنالى قوللار،
خەنجەر ئالىپ يۈرەك باغرىمنى داغلار،
سەهەر سەير ئەتكەن شەيدا بۇلبۇللار،
شەكەرلىك لەبلەرىڭ يادىمە تۈشتى.



ناگەھاندىن كېزەردىم گۈلۈ گۈلشەندە،
سەرۋى خىرامان كۆردۈم چەمەندە،
قول سالىپ، ئاق سىينە بەند ئېچىندە،
قوجالىق بەللەرىڭ يادىمە تۈشتى.

مەنكى ئاشقلىقنىڭ لافىنى ئۇردۇم،
نەچچە يىل ھەجرىڭدە يىغلاپ يۈگۈردۈم،
ئايىنەدە جەمالىڭ شەمئىنى كۆردۈم،
خالى ھىندۇلارىڭ يادىمە تۈشتى.

خۇرشىدنىڭ ئوغلىمەن، ئاتىم سەنەۋبەر،
بىر يار ئۈچۈن بەسكى كۆڭلۈم مۈكەددەر،
خاتىرىمدىن چىقماس ياخشى ھەمدەملەر،
مۇساھىب ئەيلەرىم يادىمە تۈشتى.



ئەلقىسسە، گۈل پەرى دېۋەلەرىغە بۇيۇردىكىم: «سەنەۋبەرنى تەختى بىرلە كۆتەرىپ، چىن يېرىغە ئالىپ بارىڭلار»، — دېدى. دېۋەلەر كۆتەرىپ، چىن سارى رەۋان بولدىلار، ناگاھ، بارۇردە، مېھرئەنگىز جادۇنىڭ مەكانىغە يېتۈشدىلەر. ئېرسە، مېھرئەنگىز سەنەۋبەرنىڭ يادىغە تۈشۈپ، مەلىكەگە باشىدىن ھەرنە كەچكەنىن بىر-بىر بەيان قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

نازلىق دىلبەر بىر سۆزۈم بار دېيەيىن،
چەرخى فەلەك كۆر، نە جەفا ئەيلەدى.
بىرەۋگە كىيگۈزۈپ تاجى خۇسرەۋىن،
بىرەۋنى ئەل ئىچرە گەدا ئەيلەدى.

بىرەۋگە ئىلاھىم بېرەر دەۋلەتى،
كىمسەگە يەتكۈزۈر رەنجى مېھنەتى،
ساڭا دەيىن باشدىن كەچكەن كۈلفەتى،
كىمسەنىڭ بەختىنى سىياھ ئەيلەدى.

ئىنىنى ئايرىدۇ ياخشى ئاغادىن،
ھەسرەت بىلەن ئۆتەر فانى دۇنيادىن،
قىزلارنى ئايرىپ مۇشفىق ئانادىن،
ئاتانى ئوغۇلدىن جۇدا ئەيلەدى.

بىرەۋگە ئىچۈردى لالەگۇن شەراب،
بىرەۋنىڭ باغرىنى ئەيلەدى كەباب،
ئاخىرىندە قىلۇر خانەسىن خەراب،
ھەركىمگە بىر قىسمەت، خۇدا، ئەيلەدى.

فەرھاد ـ شىرىن بىلە ۋامىقۇ ئۇزرا،
ئۆلارنىڭ باشىدا مىڭ تۈرلى سەۋدا،
بارچەنى ئۆلتۈرگەن ۋەفاسىز دۇنيا،
ئاخىرى جۇملەسىن فەنا ئەيلەدى.

ھەزرەتى داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلەيمان،
بىلقىسنىڭ ھەجرىندە يىغلادى چەندان،
يەئقۇب ئوغلى ئۈچۈن دىيدەسى گىريان،
يۇسۇفى كەنئاندىن جۇدا ئەيلەدى.

رەسۇلنىڭ سۆيەر ئوغلى ئىبراھىم،
جامالىغە مۇشتاق ئىدىلەر دايىم،
ئەمر ئەيلەپ جانىن ئالدى خۇدايىم،
سۆيەر پەرزەندىدىن جۇدا ئەيلەدى.

ئىلاھىم ھەركىمگە بەرسە تەختۇ تاج،
ئالەم ئەھلى بولۇر دەستىغە مۇھتاج،
بىرەۋنى ئەيلەيۈپ مۇفلىسى قەللاج،
مېھنەت ئىچرە قەددىن دۇتا ئەيلەدى.

كىمسەگە دەرد بېرۇر كىمسەگە داۋا،
كىمسەلەر دەردىغە ھېچ تاپماس داۋا،
بىرەۋنىڭ ئەيلەيۈپ كۆزىن نابىنا،
قولىغە ياغاچدىن ئەسا ئەيلەدى.

بىر نەچچە ئەيلەدى داخىلى جەننەت،
بىر نەچچەگە بېرۇر دەرد ئىلە مېھنەت،
بىر نەچچەگە بېرىپ ئەيش ئىلە ئىشرەت،
نەچچەنى ياردىن جۇدا ئەيلەدى.

لەيلى ـ مەجنۇن دەرلەر ئالەمگە ئۇستاد،
جاھاننىڭ غەمىدىن بولمادى ئازاد،
نازلىق دىلبەر ئىشىت بۇ چەرخى ناشاد،
بۇ غەرىب جانىمغە جەفا ئەيلەدى.

مەست ئولۇپ ياتۇردىم ئۇيقۇدە بىر كۈن،
سېنى كۆرۈپ ھالىم بولدى دىگەرگۈن،
ئىشقىڭ مېنى ئەتتى مىسالى جەيھۇن،
گويا بىر بۇلبۇلى شەيدا ئەيلەدى.

سېنىڭ ئىشقىڭ مېنى ئەتتى دىۋانە،
ھەسرەتلەرىڭ بىلەن بولدۇم ھەمخانە،
فىراقىڭدا كۆيدۈم مىسلى پەرۋانە،
بەشيۈز يىگىت ماڭا ھەمراھ ئەيلەدى.

ناگەھاندىن تارتىپ گىردابى خۇنخار،
ئالتە ئاي ئول يەردە بولدۇق گىرىفتار،
خۇداغا يالبارىپ يىغلادۇق بىسيار،
كۈندىن ـ كۈنگە ھالىم تەباھ ئەيلەدى.

بىر كۈن جۇش ئۇرۇپ دەريايى ئۇممان،
بارچەنى غەرق ئېتىپ ئەيلەدى پىنھان،
مۇساھىپ ھەمدەمىم ئول يارۇ ياران،
تەڭرى ھۆكمى بىلەن قەزا ئەيلەدى.

بىر تەختە ئۈستىدە قالدىم مەنى زار،
ھېچ كىمسە بولماسۇن مەندەك دىلفىگار،
قىسمەتىم شول ئېتىپ ياراتقان جەببار،
ياخشى ھەمدەملەردىن جۇدا ئەيلەدى.

ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز يىغلاپ دەۋامەت،
دەريانىڭ ئىچىندىن چىقتىم سەلامەت،
ياراتقان قادىرىم ئەيلەپ ئىنايەت،
قايتا باشدىن جانىم ئەتا ئەيلەدى.

بىر نەچچە كۈن بولدۇم قايغۇدىن ئازاد،
ۋە لېكىن نەيلەيىن خاتىرىم ناشاد،
فەلەكنىڭ ئىلكىدىن داد ئىلە بىداد،
يەنە كۆرگىن نەچۈك جەفا ئەيلەدى.

ناگاھ بىر جادۇنىڭ تۈشتۈم قولىندە،
ۋەھشى ئەيلەپ سالدى ھىجران چۆلىندە،
مەن نەيلەيىن پىشانەمنىڭ شورىدە،
كۆز ياشىم قانلارى دەريا ئەيلەدى.

ۋەھشىلەر ئىچىندە كەزدىم ئاھ ئۇرۇپ،
كۆزلەرىمنى قانلىق ياشغە تولدۇرۇپ،
بىر گۈنبەزگە يەتتىم نەچچە كۈن يۈرۈپ،
جەسەد ـ جانىم قورقۇپ ئىبار ئەيلەدى.

گۈنبەز ئىچرە كۆردۈم تۈرفە بىر جانان،
كۆزىگە تەلمۈرۈپ، يىغلادىم چەندان،
باشىم يەرگە قويۇپ ئەيلەدىم ئەفغان،
رەھمى كېلىپ ئولدەم دۇئا ئەيلەدى.

ئوقۇغان دۇئاسى ئەيلەمەك ئەسەر،
سۈرەتىمنى ئەتتى سۈرەتىل ـ بەشەر،
ئەۋازىشلاپ مېنى ئول ياخشى دىلبەر،
مېنى بۇ غەملەردىن رەھا ئەيلەدى.

تەخت ئۈستىدە قىلدى پەرى ئىشارەت،
بۇزۇلغان كۆڭلىمىز بولدى ئىمارەت،
بىرنەچچە ۋەقت سۈرۈبان ئەيش ئىلە ئىشرەت،
بىزلەرگە كۆپ زەۋقۇ سەفا ئەيلەدى.

مېھرئەنگىز دېمىشلەر جادۇنى قىزى،
ياخشىلىق ئەيلەيۈپ يېبەردى بىزى،
ئەگەر بەيان ئەتسەم بۇ پىنھان سۆزى،
مېنىڭ بىلەن ئەھدۇ پەيما ئەيلەدى.

ئاندىن كېتىپ تۈشتىم خەتەرلىك جايغە،
كېچە ـ كۈندۈز قالدىم ئاھ ئىلە ۋايغە،
ئەقلىم ئازىپ تۈشتۈم ئول رۇدەپايغە،
باشىمغا كۈلفەتى بەلا ئەيلەدى.

بارىپ رۇدەپانىڭ بارچەسىن قىردىم،
باشىن ئۈزدىم جەھەننەمگە يىبەردىم،
كۆرمىگەن بەلانى بۇ يولدا كۆردىم،
تەڭرىم بۇ كۈلفەتلەر رەۋا ئەيلەدى.

ئاندىن سوڭ بېلىمنى مەردانە باغلاپ،
بىرنەچچە كۈن يۈردىم سېنى سوراغلاپ،
بىر زەڭگىلەر تۇتۇپ، قولۇمنى باغلاپ،
ھەر بىرى مىڭ تۈرلۈك جەفا ئەيلەدى.

سىدق ئىلەن يىغلادىم باغلابان ئىخلاس،
پىرىم شاھى مەردان قىلدىلار خەلاس،
يەنە مەدەد قىلدىلار خىزىر ئىلە ئىلياس،
قايغۇدىن كۈلفەتدىن سەۋا ئەيلەدى.

بىر زەڭگەدىن قاچىپ كىردىم دەرياگە،
قايتادىن ئۆزۈمنى سالدىم سەۋداگە،
كىچە ـ كۈندۈز يىغلاپ قادىر خۇداغە،
كۆرگىن نەچۈك قىسمەت خۇدا ئەيلەدى.

بىرنەچچە كۈن كەتتىم دەريادە ئاقىپ،
يىراغلىق ئوتىغە باغرىمنى ياقىپ،
غەرق ئەتتى باشىمغە توپانلار چاچىپ،
يەنە مىڭ شورىشى دەريا ئەيلەدى.

دەريانىڭ ئىچىندە بىر ياغاچ كۆردۈم،
تەلپۈنۈپ ئول جايغە ئۆزۈمنى ئالدىم،
بارىپ ئول ياغاچنىڭ ئۈستىگە مىندىم،
خەستە كۆڭلۈم شۈكر خۇدا ئەيلەدى.

ئۈچ كىچە، ئۈچ كۈندۈز يىغلاپ جەفادىن،
ئول ياغاچ ئۈستىندە ئەيلەدىم مەسكىن،
ناگەھاندىن بىر قۇش ئىندى ھەۋادىن،
قەسد ئېتىپ جانىمغە جەفا ئەيلەدى.

ئول قۇشنىڭ پايىدىن تۇتدۇم مەستانە،
شۇلدەم مىنى ئالىپ چىقتى ئاسمانە،
مىنىڭ ئۈچۈن يۈز تۇتۇپ قادىر رەھمانە،
مەلائىكلەر زىكرى ـ سەنا ئەيلەدى.

مىنى ئۇ قۇش ھەم كۆتەرىپ كىتۈردى،
پەرۋاز ئېتىپ ئاشيانغە يىتۈردى،
نەۋازىشلار قىلىپ ھالىمنى سوردى،
بىزنى بۇ غەملەردىن سەۋا ئەيلەدى.

ئۇ قۇشنى ئاتىنى بۇ خەلقى جەھان،
ھەم سۇمرۇغ دىمىشلەر ھەم شاھى مۇرغان،
كۇھقاف ئۈستىدە ئەيلەمىش ئاشيان،
مىنىڭ بىرلە ئۇلفەت بەنا ئەيلەدى.

كۆكسۈمنى چاك ئېتىپ قانلار يىغلادىم،
كىسىپ ـ كىسىپ قارا باغرىم تۇزلادىم،
بىر ـ بىردىن ئەرزى ھالىم سۆزلەدىم،
رەھمى كىلىپ بىزگە نىگاھ ئەيلەدى.

چىدايالماي ئاخىر مىنى كۆتەردى،
جەفا تارتىپ دەريالاردىن ئۆتكۈزدى.
قىرىق كۈن ئۈچۈپ بۇ مەنزىلغە يەتكۈردى
مىنىڭ ئۈچۈن جانىن فىدا ئەيلەدى.

كۆپ جەفالار چىكىپ باغىمگە كىردىم،
باغبان بولۇپ ئالما ـ نارىن تەرمەدىم،
شۈكرى لىللاھ يەنە جەمالىڭ كۆردىم،
تەڭرى سىنى بىزگە ئەتا ئەيلەدى.

بەلالاردىن قاچىپ كىردىم دەرياگە،
ھەر زەمان ئۇچرادىم تۈرلى جەفاگە،
قۇلاق سال دىلبەرا ئۇشبۇ سەۋداگە،
بىزگە بۇ قىسمەتنى خۇدا ئەيلەدى.

سەن ـ سەن سەنەۋبەرنى ۋەفالىق يارى،
ساڭا فىدا بولسۇن جانۇ ئەفكارى،
مۇختەسەر ئەيلەسەم ئۇشبۇ دەفتارى،
بول بىۋەفا كىمگە ۋەفا ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە:
— ئول ياخشىلىق قىلغان بولسا ئالىپ كەلگىل، — دىدى. ئىرسە، سەنەۋبەر مەلىكەنى كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئېيتقانى:

قىزىل يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق نىگارىم،
سەندىن ئۆزگە سۆيەر يارىم يوق مىنىڭ.
تازە گۈلىستانىم ماھى ئەنۋارىم،
ھەسرەتىڭدە ھىچ قەرارىم يوق مىنىڭ.

سىنى كۆرسەم بولۇر فىتنە كۆڭلۈم شاد،
جەمالىڭ غەممىدىن بولۇرمەن ئازاد،
لەزاكەت باغىدە قامەتى شەمشاد،
سەندىن ئۆزگە زۇلفى ئاردىم يوق مىنىڭ.

نازلىق دىلبەرسەنسەن ۋەفالىق جانان،
يۈزىڭنى كۆردىمۇ، قالمىشىم ھەيران،
يۈزمىڭ فىدا بولسۇن ساڭا شىرىن جان،
لەبلەرىڭدەك شەكەر باردىم يوق مىنىڭ.

ساڭا فىدا بولسۇن بۇ شىرىن جانىم،
بىر زەمان كۆرمىسەم چىقار فىغانىم،
سەنسەن تاجى سەرىم رۇھى رەۋانىم،
سەندىن غەيرى لالەزارىم يوق مىنىڭ.

سەنەۋبەرنىڭ يارى گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ساڭا فىدا بولسۇن ھۇرۇ پەرىلەر،
ئىشقىڭدا بولمىشىم مىسلى سەمەندەر،
سەندىن ئۆزگە تودە يارىم يوق مىنىڭ.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ شول جايغە تۈشتىلەر. سەنەۋبەر بارىپ مىھرئەنگىزنى گۈل پەرى قاشىغە ئالىپ كەلدى. مىھرئەنگىز گۈل پەرى بىلەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىدى. ئىرسە سەنەۋبەر بىر سۆز ئايتقانى:

ئىككى گۆزەل تەخت ئۈستىدە ئولتۇرمىش،
ھۆسنى مەگزەر بىر دەۋلەتلىك ھۇمايغە.
ئىككى ماھنى ھەق مۇيەسسەر ئەيلەمىش،
بىرى كۈنگە مەگزەر، بىرىسى ئايغە.

بىرىنىڭ بار ئىكەن مۇرەسسەئ تاجى،
ھۆسنى ئالار ئاي ۋە كۈندىن باجى،
مەن بولمىشام ئىككىسىنىڭ مۇھتاجى،
ستەم ئەيلەپ ئالدى مىنى جەفاغە.

بىرسىدۇر مەلەك، بىرسى رىزۋان،
بىرسىنىڭ ھۆسنى بىر ماھى تابان،
بىرسىنىڭ قامەتى سەرۋى خىرامان،
بىرى ئوخشار قىش ئاچىلغان رەئنىاغە.

بىرسىنىڭ لەبلەرىدە بالى بار،
ئاق يۈزىدە قوشە ـ قوشە خالى بار،
بىرسىنىڭ باغچەسىنىڭ نارى بار،
كۆزى مەگزەر بىر نەرگىسى شەھلاغە.

ئىككى دىلبەر بىر ـ بىرىغە قاش قاقىپ،
باغرىمنى كۆيدۈرۈپ، ئوتلارغە ياقىپ،
سەنەۋبەر ئۇلارنىڭ ھۆسنىغە باقىپ،
ئوخشامىشدۇر بىر بۇلبۇلى شەيداغە.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر خۇشۋەقت بولۇپ، چىن ۋىلايىتىغە ئەزىم ئەتتىلەر. ناگاھ ئول دەريايى ئافەت سەنەۋبەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. جۆرەلەرى يادىغە تۈشۈپ فەرياد قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەۋۋەل ئەتتى شاد ـ خۇررەم،
ئاخىرى خەراب ئەيلەدى.
كۆڭلىمىزگە تولدۇرۇپ غەم،
باغرىمنى كەباب ئەيلەدى.

كىمگە بىرۇر رەنجۇ مىھنەت،
باشىمىزغە كېلىپ كۈلفەت.
كىمگە بېرىپ تاج ـ دۆلەت،
ئىچدۈكىن شەراب ئەيلەدى.

مەن قايان بارايىن دادغە،
يۈرەكىم تولدۇرۇپ دەردغە.
خەستە جانىم ياقىپ ئوتغە،
باغرىمنى كەباب ئەيلەدى.



سەنەۋبەر دەر بۇيلە خۇدا،
كى باشىمغە سالدى سەۋدا.
ئەي يارانلار فانى دۇنيا،
كىمسەگە ۋەفا ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئايدى:

— مەن مۇندا بەش يۈز يىگىت بىرلە كېلىپ ئىدىم. هالا مەن ئۆزۈم (يالغۇز) بارسام، جۆرەلەرىمنىڭ ئاتاسى كۆرۈپ، پەرزەندلەرىنى سورسە نەجەۋاب بېرەيىن؟ — دەپ ئاتاسىغە خەبەر قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەگەر بارساڭ شاهى خۇرشىد يانىغە،
ئوشۇل مېھرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.
كۆيۈپ - يانىپ يىراغلىقنىڭ ئوتىغە،
هالى پەرىشانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

يۇسۇفنىڭ ئاغاسى چاهغە تاشلادى،
يەئقۇب ئوغلى ئۈچۈن قانلار يىغلادى.
ئىلاهىم يۇسۇفكە پەناه ئەيلەدى،
خەتەرلىك كارۋانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

ئاشىق بولۇپ سىينەسىغە تاش ئۇرۇپ،
پەرۋانەدەك ئىشق ئوتىغە باش ئۇرۇپ،
فەلەكنىڭ قولىدا جەفالار كۆرۈپ،
كۆزلەرى گىريانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

هەرگىز قۇتۇلمادىم بەلادىن قاچىپ،
نەچچە يىللار كەزدىم جانىمدىن كېچىپ،
ئاخىرى مېھنەتنىڭ شەرابىن ئىچىپ،
چاكى گىرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

سەنەۋبەر دەر غەملىك قۇلنىڭ ئوتىغە،
بىر سۆزۈم بار دەيىن كۆڭۈل شادىغە.
نەچچە يىللار يانىپ ئىشقىنىڭ ئوتىغە،
ئەزىز مېھرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ بۇ نامە-
لى ئول پەرىزاد شاھى خۇرشىدنىڭ خىزمە-
تىغە بىتىپ يىسبەردى. خۇرشىد شاھ ئول
خەتنى ئوقۇپ، بىھوش بولدىلار ۋە يەنە
ھۇشىغە كېلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

شۇكرى ھەقنىڭ دەرگاھىغە،
مەقسەدىمىز ھاسىل ئولدى.
بىزدىن كەتكەن دەۋلەت قۇشى،
قايتا باشدىن نازىل ئولدى.

كۆتەرىلدى ھىجران شەبى،
تاپىلدى كۆڭۈل مەتلەبى.
چىقتى بەختىمنىڭ كەۋكەبى،
يانىدى بەدر كامىل ئولدى.

ئىشتىڭلار ئاھۇ زارىم،
قوۋانىڭلار دوست - يارىم.
روىى سىياھ رەقىبلەرىم،
ھەسرەت چېكىپ بىدىل ئولدى.

كۆرۈك بارچە تەگى تۇشى،
قوۋانىڭ قوۋم - قېرىنداشى.
بۇلبۇل ئولۇپ كۆڭۈل قۇشى،
ئول گۈلزارغە مايىل ئولدى.

خۇرشىد ئايتۇر بۇدۇر زارىم،
ئاچىلدى باغىم - گۈلزارىم.
شۇكر يەنە بۇ كۆزلەرىم،
گۈل يۈزىغە نازىر ئولدى.

ئەلقىسسە، خۇرشىد شاھ ۋەزىرى ۋە-
كىل بىرلە ئۇلۇغ بەگلەر شۇكر ئايتىپ
رەۋان بولدىلار. بىرنەچچە كۈن قەتئى
مەنازىل ۋە تەيىيى مەراھىل قىلىپ يېتىۋشتىلەر.
سەنەۋبەر بىر مەنزىل يولغە پىشباز كېلىپ
چىقتى. خۇرشىد ئۇزاغدىن ئوغلىنى كۆرۈپ
يىغلاپ، قۇچاغىنى يايىپ بىھۇش بولدى
ۋە يەنە ھۇشىغە كەلدى.

ئەلقىسسە، بەگلەر ۋە خانلاردىن ئانا-
سىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇمەرالار ۋە
فۇزەلالار ۋە ئاغا - ئىنىلارنى بىر - بىر سو-
رىدى ۋە يەنە ئاناسى بىرلە بەگ - خانلار-
غا بىر سۆز ئېيتقانى:

چىن ماچىن شەھرىندىن كەلگەن بەگلەرىم،
خەبەر بېرىڭ بىزنىڭ خانلار ئامانمۇ؟
سۇلەيمان دەۋلەتىم، ئىسكەندەر تىلسىم،
خەبەر بېرىڭ بىرىڭ خانلار ئامانمۇ؟

ساقىنىڭ ئىلكىندىن بادەلەر ئىچكەن،
بۇگۈن مەست ئولۇپ سىرىندىن كەچكەن.
مەيدان ئىچرە سەيران ئەيلەگەن،
باي دەۋلەتلىك نەۋجەۋانلار ئامانمۇ؟

ھېچ رەۋشەن ئولمادى سۈندى چىراغىم،
ئاھ ئۇرسام ئايرىلماس سىنەمدىن داغىم.
ئىگەسىز قالدىلار باغ - چەھار باغىم،
تەر ئاچىلغان گۈلىستانلار ئامانمۇ؟

مەنسۇردەك مېنى دارغە ئاستىلار،
ئىبراھىم خەلىلدەك نارغا ئاتتىلار.
مەلائىك سۈرەتلىك قازى، مۇفتىلار،
ئەفلاتۇندەك نۇكتەدانلار ئامانمۇ؟

سەنەۋبەر دەر بۇيلە بولدى قىسمەتىم،
ھېچ باشىمدەن كەتمەس دەردۇ مېھنەتىم.
چىن شەھرىنە تاج - تەختىم، دەۋلەتىم،
ياقۇتلۇق، گەۋھەرلىك كانلار ئامانمۇ؟

ئەلقىسسە، خۇرشىد شاھ ئۈچ كېچە-
كۈندۈز توي بەردى. ئاندىن سوڭ ئايدىكىم:
— ئەي فەرزەند، يۈرگىن ئەمدى
چىن شەھرىغە بارالى، ھەممە ساڭا ئىنتىزار.
ئىبرسە سەنەۋبەر زار - زار چۇن ئەب-
رى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

چىن ماچىن شەھرىغە نەچۈك بارايىن،
مەندە شاد - خۇررەم كۆڭۈل بولماسە.

ھەمدەملەر يۈزىغە نەچۈك قارايىن،
كۆلۈپ سۆزلەمەككە تىلىم بولماسە.

ھەر كۈنۈم بولۇپتۇر بىر ئايدىن بەتتەر،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر.
ئۆزۈمنىڭ بۇ دەردتە بولغانىم يېتەر،
كاشكى، ئەلدىن ماڭا خىجىل بولماسە.

مېنىڭ بىلەن كەلگەن ئول يار ـ ياران،
بارچەسىن غەرق ئەتتى دەريايى ئۇممان.
شۇم فەلەك ئەيلەدى يەر بىرلە يەكسان،
نەيلەيىن ئۆزۈمغە ئۆلۈم بولماسە.

ئاللادىن ئىستەدىم بەردى بۇ گەنجى،
بىر يار ئۈچۈن يۈردە بولدۇم دولانچى.
مەن نەيلەي چەكمىسەم مېھنەتۇ رەنجى،
نەيلەيىن تۇرماغىم ھالىم بولماسە.

سەنەۋبەر دەر نېلەر چەكتىم ھىجرانلار،
ياقامنى چاك ئېتىپ قىلدىم فىغانلار.
چىن شەھرىغە نەچۈك باراي، يارانلار،
مۇساھىب دوستلارىم يارىم بولماسە.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھەممە پەرىشان بولدىلار. ئەمما، شول زەمان سەنەۋبەرنىڭ يادىغە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن نىشانلارى تۈشتى. ھەزرەت نىشانە بېرىپ: «ئەي فەرزەنىد، ھەر ۋەقت باشىڭغە مۆشكۆل ئىش تۈشسە بۇنى دۇد قىلغىل، ھازىر بولۇرمەن!» دەپ ئىدىلەر.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئول نىشانەنى دۇد ئېتىپ، ھەزرەت خىزىر ئەلەيھىسسالامنى تەلەب قىلغانى بۇ تۇرۇر:

خىزىر، ئىلياس پەيغەمبەرىم،
مەردۇ مەيدانىم كەل ئەمدى.
ھەقنىڭ پەيغەمبەرى بولغان،
قۇتبى دەۋرانىم كەل ئەمدى.

ماڭا يۈز ماجەرا ئولدى،
روزگارىم قارا بولدى.
يەنە بەختىم سىياھ ئولدى،
ماھى كەنئانىم كەل ئەمدى.

ھەقىقەت شەرابىن ئىچكەن،
مەئرىفەت بازارىن ئاچقان.
تەرىقەت يولىدىن ئۆتكەن،
ئۇلۇغ ئىشانىم كەل ئەمدى.

ئىستەرەم خىزىر، ئىلياسى،
كېلىڭ غەۋس ئىلە غىياسى.
مۆئمىنلەرنىڭ مۇقتەداسى،
ياخشى سۇلتانىم كەل ئەمدى.

ئەلقىسسە، شول زەمان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھازىر بولدىلار. سەنەۋبەر خىزىر ئەلەيھىسسالامغە ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەرزىمنى ئىشتىڭ ئەزىز ئىشانلار،
ئەمدى بۇ كۈن ئۇمرۇ جاننى نەيلەيىن.
كېرەكمەسدۇر دۇنيانىڭ گەنجۇ گەۋھەرى،
مۇساھىبسىز بۇ دەۋراننى نەيلەيىن.

سۆزلەمەككە ھەرگىز كىشىم بولماسە،
ئالدىنماققا يازۇ قىشىم بولماسە.
بۇلبۇل بولۇپ كۆكۆل خۇشۇم بولماسە،
تەر ئاچىلغان گۇلىستاننى نەيلەيىن.

يانىمدا بار ئىدى بەشيۈز مەھرەم،
بولدىلار بۇ جايدا بارچەسى بەرھەم.
ئۇلار ئۈچۈن تازە بولدىلار ماتەم،
دوست ـ يارسىز بۇ جەھاننى نەيلەيىن.

ئەۋۋەلا ئاشىقلىق كويىغە تۈشتۈم،
نەچچە يىل جۇدالىق ئوتىغە پىشدىم.
قايتا باشدىن بۇ سەۋداغە ئۇلاشتىم،
ئەيشى ئىشرەت خانىماننى نەيلەيىن.

سەلەۋبەر دەر بۇگۇن دەردىم قوزغالدى،
جۇدالىغ ھەسرەتى جانغە ئوت سالدى.
بارچە دوست، يارانلار تەلمۇرۇپ قالدى،
ئەمدى بۇيلە ئۇمرى جاننى نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، خىزىرئەلەيھىسسالامجاينەماز-
لارىنى يايدىلار، ئىككى رەكئەت نەماز ھا-
جات ئوقۇدىلار. ئايدىلار:
— ئەي سەنەۋبەر، دۇئا ئىپتەيىن،
سەن «ئامىن» دېگىل. شايەدكى، پەرۋەردى-
گار مېھرىبانلىق ئەتكەي.
سەنەۋبەرنىڭ دۇئاغا قول كۆتەرىپ
ئايتقان مۇناجاتى بۇ تۇرۇر:

بىر ئاسي قۇلۇڭمەن كۆپتۇر گۇناھىم،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.
ئەۋۋەل رەھىمدۇر ئاتىڭ ھەم رەھمان،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

كەربەلا دەشتىدە قالمىشەم شەھىد،
بىر مىسكىن گەدامەن قىلما نائۇمىد.
بىھەققى كەلامىڭ قۇرئانى مەجىد،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئەرش ئىلە كۇرسىدۇر، لەۋھ ئىلە قەلەم،
سېنىڭ دەرگاھىڭغە بولدى مۇكەررەم.
بىھەققى ھەۋۋاۋۇ ھەزرەتى ئادەم،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

دەرگاھىڭە كەلدىم تىلەيۇپ ھاجات،
مەقسۇدۇم تىلەرمەن ئەيلەپ مۇناجات.
بىھەققى شول تۇران يەتتە سەماۋات،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

سۇنئىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جەببار،
مېنى بول ئارادە قويما يەنە زار.
بىھەققى بېھىشتى تەھتەتۇل-ئەنھار،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

قەھرىڭدىن دەۋزەخنى ئەيلەدىڭ بەرپا،
كافىرلارغە ئانى ئەيلەدىڭ مەئۋا.
بىھەققى ھۆرمەتى جۇملە ئەنبىيا،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

بىر ئاتىڭ رەھماندۇر، بىر ئاتىڭ رەھىم،
سەنالار ئايتامەن، تىلىمدە زارىم.
بىھەققى ھۆرمەتى ئول مۇسا كەلىم،
ئاسان ئەت مۇشكىلىم قويما بۇ زارە.

تۆرتىلەنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
دەمىدىن مۇردەلەر بولدىلار گويا.
بىھەققى جىبرەئىل مەسجىدى ئەقسا،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

كەئبەنى ستۇنى ھەننانۇمەننان،
نالىشىدىن تىترەر يەتتە قات ئاسمان.
بىھەققى ئىبراھىم خەلىلۇر-رەھمان،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئۇممەتلەرنىڭ پۇشتى پەناھى بولغان،
ئۇممەت-ئۇممەت دەپ كۆپلەر يىغلاغان،
بىھەققى ھۆرمەتى شول فەخرى جەھان،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر ئالەمغە سەرۋەر،
رەسۇلنىڭ دوستىدۇر ئۇسمانى ھەيدەر.
بىھەققى ھۆرمەتى جۇملە پەيغەمبەر،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ھەسەن بىرلە ھۇسەين سەييىدى ئالەم،
سېنىڭ دەرگاھىڭغە بۇلار مۇكەررەم.
بىھەققى ھۆرمەتى مەككەئى ئەئزەم،
مۇشكۇلۇم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئىبراھىم خەلىلنى سالدىلار نارە،
ئول زەمان ئول ئاتەش دوندى گۇلزارە.
بىھەققى ئىسمائىل ھاجى ئاسارە،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

غەرىبلەرنىڭ ئاقار كۆزىنىڭ ياشى،
رەھمى كېلىپ ھالىن سورماس ھېچ كىشى.
بىھەققى يەتىملار كۆزىنىڭ ياشى،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

سەنەۋبەر قۇل دەر ئەيلەپ مۇناجات،
نالىشىدىن تىترەر يەتتە ساماۋات.
بارچەنى ياراتقان قازىيۇلھاجات،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋەسەلات بەش پەنجەلەرىنى «بىسمىللاھ» دەپ دەرياغە ئۇردىلار. ئىرسە، بەش كېمە دەريانىڭ ئىچىدىن جوش ئۇرۇپ چىقتىلار. ھەر كېمەدە يۈز يىگىت ئولتۇرۇپ ئىدى. بارچەسىنىڭ ھەۋەسىنى ماھى ۋەنەۋۋەر ئېردى. سەنەۋبەر بۇلارنى كۆرۈپ خۇشۋەقت بولۇپ، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىغە شۇكرى ئايتىپ بىر سۆز ئايتقانى:

شۇكرى ھەقنىڭ دەرگاھىغە،
كۆر نەچۇك فەرمان ئەيلەدى.
كەرەم قىلدى قۇللارىغە،
قايتادىن شادمان ئەيلەدى.

كور ئولسۇن رەقىبنىڭ كۆزى،
مەلامەت ئەيلەمىش بىزى.
دۇشمەنلەرنىڭ تەئنە سۆزى،
يۈرەكىمنى قان ئەيلەدى.

تاشلارغە ئۇرۇپ باشىمنى،
نەلەر تۆكدۇم كۆز ياشىمنى.
مېنىڭ بۇ مۇشكىل ئىشىمنى،
ھەق ئىگەم ئاسان ئەيلەدى.

سەنەۋبەر دەر بۇ غەم زارىم،
كەرەم ئەيلەپ بىرۇ بارىم.
مۇندا كەلگەن دوستۇ يارىم،
قايتادىن شادمان ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئول دىلبەرى نامدارنى كۆرۈپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەي يارانلار، مۇسۇلمانلار،
دەۋلەت بىزگە ماھىر ئولدى.
ئون ئىككى بەگۇ سۇلتانلار،
خىزمەتىمدە زاھىر ئولدى.

نەلەر چەكتىم مەن كاھىشى،
نەلەر ئاقتى كۆزۈم ياشى.
ئاخىر كېلىپ دەۋلەت قۇشى،
باشىم ئۈزرە چادىر ئولدى.

چىقتى دەۋلەتىنىڭ ئەختەرى،
يازىلدى غەمنىڭ دەفتەرى.
دۇنيانىڭ گەنجى - گەۋھەرى،
خىزمەتىمدە زاھىر ئولدى.

بىرىسى تازە تەر گۇلۇم،
بىرىسى ساچى سۇنبۇلۇم.
يارنى كۆرۈپ خەستە كۆڭلۈم،
جەمالىغە ماھىر ئولدى.

سەنەۋبەر دەر بۇ ئىرادە،
سۆزۈك ئەيلەمە زىيادە.
ئەمدى سۆزلەمە بۇ دادە،
ئەمدى دەردىڭ زاھىر ئولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار مۇرادىغە يېتىپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار. ھەركىم جەفا چەكسە، راھەت كۆرۈر.



# كەنجى كۆيۈغۇل

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئۇزاق ئۆتمۈش زاماندا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مەملىكىتى ئاۋات، خەلقى باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھنىڭ خەزىنىسى ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇن ۋە باشقا ئېسىل ماللارغا، ئامبارلىرى ھەر خىل ئاشلىققا تولغانىكەن. داللىرىدا تۆگە، كالا، ئات، قويلار مىغىلداپ يۈرىدىكەن. پادىشاھ مەملىكىتىدىن خاتىرجەم ئىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، لېكىن پادىشاھ پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھقا يەنە ئۆيلىنىپ بېقىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ يەنە ئۆيلىنىشكە كۆڭلى تارتمايدىكەن. پەرزەنت كويىدا كۆرۈنمىگەن تېۋىپ، قىلمىغان ئامالى قالماپتۇ. ئەمما نەتىجىسى بولماپتۇ. شۇڭلاشقا يېشى چوڭايغانسېرى پادىشاھنىڭ ئاغزىغا تاماق تېتىمايدىغان، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، كۈنلىرى كۆڭۈلسىز ئۆتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگەچكە پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، غەم - غۇسسىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولماپتۇ. پادىشاھ كېچە-كۈندۈز خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، «ئاھ ئۇلۇغ خۇدا، بەندىلىرىڭ ئىچىدىن مېنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپ ئېزىزلاپ، ھېسابسىز بايلىققا ئىگە قىلدىڭ. ئەمدى تەختۋارىسىم — پەرزەنت ئوتىدا كۆيدۈرمىگەيسەن» دەپ تىلەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئەنە شۇنداق تىلەكلەر بىلەن جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدا ياساۋۇللاردىن بىرى كىرىپ يەر سۆيۈپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن پادىشاھقا:

— كەرەملىك شاھ ئاتىمىز، بۈگۈن ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىر قەلەندەر كېلىۋىدى، نان بەرسەكمۇ، ئاشلىق بەرسەكمۇ، مال بەرسەكمۇ، كۈمۈش بەرسەكمۇ ھېچقايسىسىنى ئالماي، يا كەتمەي تۇرۇۋالدى. ئۇنداق بولسا ساڭا نېمە كېرەك، دېسەك، «مېنى پادىشاھىڭلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىڭلار، مەن ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەسمەن، بەلكى پادىشاھىڭلار ماڭا موھتاج» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا ئالدىلىرىغا كىردىم، شاھىمىزنىڭ قانداق يولىيورۇقى بار ئىكىن، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ:

— باشلاپ كىرگىن، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ.

ياساۋۇل ھايال بولمايلا، بۇ سۆرۈن چىراي دىۋانىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىپتۇ. دىۋانە پادىشاھقا سالام بەر-

گەندىن كېيىن:

— ھەي پادىشاھ، سەن موھتاج نەرسىگە مەن قادىرمەن. ئەتراپىڭدىكى ھەممە ئادەملىرىڭنى چىقىرىۋەتكىن، پەقەت ئىككىمىزلا قالغاندا، يالغۇز ئۆزۈڭگە دەيدىغان گېپىم بار، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئەتراپىدىكىلەرگە قول ئىشارىتى بىلەن چىقىپ تۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئىككىسى قالغاندىن كېيىن دىۋانە:

— سەن پەرزەنت ئوتىدا كېچە-كۈندۈز كۆيۈپ، خۇدادىن بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەپ يۈرىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

ھېچقاچان كۆرمىگەن بۇ قېرىنىڭ بۇ سوئالنى قويۇشى پادىشاھنى ئۈمىدلەندۇرۇپتۇ.

— شۇنداق تەقسىر، شۇنداق. بۇنىڭ بىر ئامالى بارمىكىن، — دەپتۇ پادىشاھ ئالدىراپ. دىۋانە:

— مەن باشتىلا، بۇنىڭغا مەن قادىر، سەن خاتىرجەم بول، مۇرادىڭغا يېتىسەن دېدىمغۇ، — دەپتۇ. ئاندىن قوينىدىن بىر ئالمىنى چىقىرىپ:

— مانا بۇ ئالمىنى بۈگۈن كەچتە يېتىشتىن بۇرۇن خوتۇنۇڭ بىلەن قاق ئوتتۇرىدىن تەڭ بۆلۈپ ئىككىڭلار يەپ ئاندىن ياتىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن مۇرادىڭ ھاسىل بولۇپ ۋە ئاي ۋە كۈن ۋە سائەت ئۆتكەندە خوتۇنۇڭ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ...

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇددى خىزىر يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ ئالمىنى ئېلىشقا تەمشەلگەنىكەن، دىۋانە:

— ھاي ئالدىرىما، تېخى گېپىم تۈگىمىدى. ئەمما بىر شەرتىم بار. شۇنىڭغا كۆنسەڭ ئاندىن ئالمىنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

پەرزەنت كويىدا پىششىپ يۈرگەن پادىشاھ:

— ھېلىغۇ شەرتىڭ بىر ئىكەن، ئەگەر مىڭ شەرتىڭ بولسىمۇ بەجا كەلتۈرىمەن. بايلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى كەتسىمۇ مەيلى، — دەپتۇ.

— ھەي پادىشاھ، — دەپتۇ دىۋانە، — مېنىڭ بۇ شەرتىمنى ئادا قىلىشقا بىر تىيىنمۇ كەتمەيدۇ. مېنى ئۇلۇغ كارامەتلىك تەڭرى مال-دۇنياغا ھېرىس قىلىپ ياراتمىغانىكەن. مەن بىر مەجنۇن ئادەممەن، مېنىڭ قولۇمدىن كىشىلەرگە ياخشىلىقلا كېلىدۇكى، ھەرگىز يامانلىق كەلمەيدۇ. شەرتىم شۇكى، پەرزەنتىڭ تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقا كىرگۈچە ئۆزۈڭ خالىغانچە تەربىيىلەيسەن. توپتوغرا يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنى مەن ھازىر بولىمەن-دە، بالىنى ماڭا تاپشۇرىسەن، ئۇندىن كېيىنكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان تەربىيىسىنى مەن ئېلىپ بارىمەن، مۇشۇ شەرتىمگە ماقۇل بولساڭ پەرزەنت كۆرىسەن. ماقۇل بولمىساڭ ئالمىنى قايتا قوينۇمغا تىقىمەن-دە، يولۇمغا راۋان بولىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ پەرزەنت كويىدا چوغ بولۇپ كۆيۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى ئىشلار خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولار، دەپ ئويلاپتۇ-دە، دىۋانىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ. دىۋانە ئالمىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ ۋە يولىغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ ئايالىنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ شۇنداق بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپتىكى، بۇنىڭدىن ئاي خىجىل، كۈن خىرە بولۇپ كەتكۈدەك چىرايلىق ئىكەن. بالىنىڭ جامالى-

دىن جاھان تېخىمۇ يورۇپ كېتىپتۇ. بۇ خۇشاللىقتىن پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ، پادىشاھلىقنىڭ پۇقرالىرىمۇ بۇنىڭدىن بەك سۆيۈنۈپ شاد - خۇرام بولۇشۇپتۇ.

بالا شوخ، زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولۇپ، بالىنى تەربىيىلەشكە ئۆلىمالاردىن ئوقۇتقۇچى تەيىنلەپ بالىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى تەربىيىلەشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ھەر كۈنى ئىككى سائەت بالىسى بىلەن بىللە بولۇپ، ئەلنى باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئۇنىڭ قولىقىغا ئىلىم سالىدىكەن. بۇ چاغدا پادىشاھ ئۆزىنىڭ دىۋانىگە بەرگەن بۇرۇنقى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بالا دەل يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنى ھېلىقى قېرى دىۋانە دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولۇپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن دىۋانىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ئوغلىغا تەلىم بېرىۋاتقانىكەن. دىۋانىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپتۇ. دىۋانە ئۇدۇل كېلىپ بالىغا:

— ئوغلۇم، بېرى كەل، مەن سېنى ئۆز تەربىيەمگە ئالغىلى كەلدىم، — دەپتۇ. ئامال قانچە؟ پادىشاھ لەۋزىدە تۇرۇپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ بالىنى بەرمەكتىن باشقا ئامال تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دىۋانە پادىشاھنىڭ قەلبىدە «ئۇلۇغ دانىشمەن، ھەممىگە قادىر» ئەۋلىياغا ئايلانغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ دىۋانە بالىنى يېتىلەپ گەپ - سۆز قىلماي ئوردىدىن ئايرىلىپتۇ. بىر دەشت - باياۋانغا يېتىپ بارغاندا بالىنىڭ تەشنالىقى ئېشىپ، قورساقلىرى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى يېپىشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا چۆلدە يوغان بىر دەرۋازا كۆرۈنۈپتۇ. دىۋانە دەرۋازىنى ئېچىپ بالىنى يېتىلەپ كىرگەندىن كېيىن:

— ھە ئوغلۇم، قورسىقىڭ ئاچقاندۇر. ئەمدى تاماق ئېتىپ يەيمىز. سەن مانا بۇ قازاننى تازىلاپ ماي قويۇپ تەييارلاپ تۇر، مەن جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن تېرىپ كېلەي، — دەپ دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ باياۋان تەرەپكە يول ئاپتۇ. بالا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئاچلىق، تەشنالىق ۋە ھېرىپ-چارچاشتىن ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقال نۇرانە بىر ئادەم كېلىپ: «ھەي ئوغلۇم، سەن بىر دىۋىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ، پەخەس بول ۋە ھودۇقما، سەن مېنىڭ دېگەنلىرىم بويىچە ئىش قىلساڭ ئامان قالىسەن، بولمىسا دىۋىگە يەم بولىسەن. سېنى يېتىلەپ كەلگەن بۇ قېرى ئادەم سۆرىتىگە كىرىۋالغان ئاق دىۋە. ئۇ ھازىر يەتتە جاڭگالنىڭ ئوتۇنىنى يۇدۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئوتۇننى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن سېنى ئوچاقلارغا ئوت قالا، دەيدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا سەن، «ھەي ھۆرمەتلىك بوۋا مەن بىر پادىشاھ ئەۋلادى تۇرسام، ئوت قالاش، تاماق ئېتىش دېگەنلەرنى ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغانىكەنمەن. شۇڭا بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرىم يوق. سىلى ئالدى بىلەن بىر كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا، مەن كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىسەم» دېگىن. ئۇ بۇ گېپىڭگە ئىشىنىپ ساڭا كۆسەيىنى تۇتقۇزۇپ، ئۆزى يەتتە جاڭگالنىڭ ئوتۇنىنى يەتتە ئوچاقنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بىر-بىرلەپ ئوت يېقىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوتۇن سالىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا ساناپ تۇرۇپ يەتتە

قېتىم ئايلانغاندا چەنلەپ تۇرۇپ قېرىـنىڭ
كاللىسغا كۆسەي بىلەن سال. ئۇ تۇيۇقسىز
تۇرغاچقا تىك موللاق ئېتىـپ قازانـنىڭ
ئىچىگە چۈشـۈپ كېتىـدۇ. مانا شۇ پەيتـتە
بىر ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئىچىدىن ھاڭرىغان
پېتى بىر قارا ئېشەك ساڭگا قاراپ ئېتىلىپ
كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەن ھېچبىر ھودۇقماي
ئوخشاشلا چەنلەپ تۇرۇپ ئېشەكنىڭ ئىككى
قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كـۆسەي بىلەن سال.
بۇنىڭ بىلەن ئېشەك قىيىغىتىپ بېرىپ، يەنە
بىر ئوچاقتـىن كـىرىپ كـېتىـدۇ. باشقا
ئوچاقتىن يوغان بىر ئىت چىقىپ، ھاۋشىـ
غان پېتى ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭـ
ىنمۇ تەمتىرىمەي ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ سال. بۇنىڭ بىلەن
ئىتمۇ قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىسىپ بىر ئو-
چاققا كىرىپ كېتىدۇ. باشقا بىر ئوچاقتىـن
مىياۋلىغان پېتى بىر قارا مۈشۈك ساڭـا
ھۇجۇم قىلىپ چىقىدۇ. بۇنىمۇ ئالدىدىكىلەر-
گە ئوخشاش ئىككى قۇلىقى ئارىسىنى كۆز-
لەپ تۇرۇپ بار كـۈچـۈڭ بىلەن ئـۇرساڭ
دومىلاپ، نېرى بېرىپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىـ
لەن سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلىسەن. مۈشۈكنىڭ
بويىندا قىزىل يىپەككە ئۆتكۈزۈلگەن ئاچـ
قۇچلار بار. بۇ ئاچقۇچلار مۈشۈ قورۇدىكى
قىرىق بىر ئۆيـنىڭ ئاچقۇچـى. قالغىنىنى
ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىگە تاپشۇردۇم» دەپ غايىب
بوپتۇ. بالا چۆچۈپ ئويـغانـسا ئەتراپىـدا
ھېچكىم يوق، ئۆزى توپىدا يېتىپ ئۇخلاپ
قالغانىكەن. ھېلى چۈشـدە ئاڭلىـغانلىرى
ئېسىگە كېلىپ قېرى كەتكەن تەرەپكە قا-
رىسا ئاسمان-پەلەك بىر نەرسە كېلىۋاتقىـ
نىنى كۆرۈپـتۇ. بالا راسـت ئىكەن، دەپ
ئويلاپ تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ.

دېگەندەك قېرى كېلىپ ئوتۇننى يەر-
دە قويغاندىن كېيىن:

— بالام، مانا بۇ ئوتۇنـلار بىلەن
يەتتە ئوچاققا ئوت قالىغىن، — دەپـتۇ. بالا
ھېلىقى چۈشىدە كۆرگەن ئاقساقال بوۋايـ
نىڭ دېـگەنـلىرى بويـىچە ئىش قىلىـشىم
كېرەك، دەپ ئويىدىن ئۆتـكۈزۈپـتۇ-دە:

— ھارمىغايـلا ئەي قەدىرلىك بوۋا،
ئۆزلىرىگە مەلۇم، مەن تەييار تاماقـنى يەپ
چوڭ بولغان بىر شاھزادىـمەن. تاماق ئېـ
تىش دېگەننى ئاڭلىغان بولسامـمۇ، ئوچاق
دېگەننى كۆرۈپ باقـقان ئەمەسـمەن. مانا
بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم كـۆرۈشۈم. شۇڭا
ئوت قالاشنى سىلى ئالدى بىلەن ماڭا بىر
كـۆرسىتىپ قويـغان بولسىلا، ئانـدىن مەن
قالاي، — دەپتۇ. دىۋە بۇ گەپنى ئاڭـلىغانـ
دىن كېيىن سەل پەسكويغا چۈشۈپ:

— ۋۇ، ئادەمزاتـنىڭ تۇخۇمى، — دەپ
تىللاپ قويۇپ ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ ئو-
تۇن تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. گۇركىرەپ كـۆيـ
گەن ئوتنىڭ كۈچى بىلەن قازانلادىكى ماي
قىزىشقا باشلاپتۇ، ساناپ تۇرۇپ دىۋە يەتتە
قېتىم ئايلىنىپ چىققان ھامان بالا:

— ئاللانىڭ قۇدرىتى، رۇستەمى داسـ
تاننىڭ كۈچى، — دەپ ۋارقىـرىـغان پېـتى
قولىدىكى كـۆسەي بىلەن دىۋىـنىڭ ئىككى
كۆزى ئارىسىنى چەنـلەپ تۇرۇپ شۇنـداق
ئۇرۇپـتۇكى، تاياقـنىڭ زەربـىدىن جاھان
قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولۇپتۇ. دىۋە:

— خەپ سېـنى، خەپ سـېنى ...، —
دېگەن پېتى دەلدەڭشىپ بېرىپ بۇلاقتەك قايـ
ناپ تۇرغان قازانغا تىك مـوللاق ئېتىـپ
چۈشۈپتۇ. ھەممە ئىشلار خـۇددى ئاپئاق
ساقال بوۋاينىڭ دېگىـنىدەك ئاخىرلىشىپتۇ.
بالا مۈشۈكنى دومىلاتقانـدىن كېيىن ئۆز
ئۈستىدىكى تاغنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭـ

گىلەپ قاپتۇ. ئۇ بىرئاز ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن مۇشۇكنىڭ بويىندىكى قىزىل يىپەكنى يېشىپ ئاچقۇچلارنى ئاپتۇ ۋە ئۆيلەر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قارىسا شۇنچە چوڭ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئىشىك تۇرغۇدەك. ئىشىكنى ئېچىپ «بىسمىللاھ» ئېيتىپ ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆي يوغان ئامبار بولۇپ، ئىدىشلاردا لىق تولغان سۈزۈك سۇ، تەكچىلەردە ھەر خىل تەييار نازۇ - نېمەتلەر بار ئىكەن. بالا تەشنالىقنى قاندۇرۇپ قورسىقنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن قارىسا، بۇ ئامبارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ، ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرسە بۇ ئۆيمۇ ئالدىنقى ئۆيدەك يوغان ئامبار ئىكەن. ئۆينىڭ ئىچى تۆمۈر رېشاتكىلا بىلەن توسۇلغان بولۇپ ئىچى ئەر كىشىلەر بىلەن لىق تولغانىكەن، بۇ ئادەملەر بالىنى كۆرۈش بىلەن ھەممىسى بىردەكلا «ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. بالا «بۇ ئادەملەرمۇ دۇنيانىڭ ئوزۇقلۇقى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ھەي ئاكىلار، قورقماڭلار! سىلەر بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئازاد بولدۇڭلار. مەن دۇنيانىڭ ئەدىبىنى بەردىم. ئۇ ئەمدى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. مانا بۇ ئۆيگە چىقساڭلار ئىچىدىغان سۇ، يەيدىغان نەرسىلەر بار، — دەپ رېشاتكىنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئېچىۋېتىپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپ بەخت - تەلىيى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن دۇئالار قىلىپتۇ. كىشىلەر بالىغا ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۆزلىرىگە ئوخشاش گۇناھسىز خوتۇن - قىزلارنىڭمۇ سولاقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بالا دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنىمۇ ئازاد قىلىپ بىرىنچى ئۆيگە باشلاپ چىقىپ ھەممىسىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ. بۇ كېچە ئۇلار بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ مۇڭدىشىپ چىقىپتۇ. تاڭ ئېتىپ ھەممەيلەن ئوزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن بالا ئەتراپىدىكى ئەر - ئايال ھەممىسىگە قاراپ:

— مەن ئاران ئۈچ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، يەنە ئوتتۇز سەككىز ئاچقۇچنى تېخى ئىشلەتمىدىم. ھەممە ئاچقۇچلار تۈگىگۈچە ئىشىكلەرنى ئېچىپ كۆرەيلى. باشقا ئۆيلەردە نېمىلەرنىڭ بارلىقى ھەممىمىزگە قاراڭغۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ ئېچىپ قارىسا دۇنيادا باردىكى ئېسىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تەل بولۇپ، سان - ساناقسىز ئىكەن. ئوتتۇز سەككىزىنچى ئۆيدە بىر دۇلدۇل ياقۇتتىن كۆز سېلىنىپ ئالتۇندىن ياسالغان ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن باغلاقلىق، يەنە بىر ئالتۇن قوزۇقتا غىلىپى ئالتۇندىن ياسالغان ئۆتكۈر قىلىچ ۋە باشقا جەڭ قوراللىرى تۇرغۇدەك. ئوتتۇز توققۇزىنچى ئۆيدە قەپەسكە سولانغان يولۋاس، قىرىقىنچى ئۆيدە قەپەسكە سولانغان بىر سۇمرۇغ قۇش، قىرىق بىرىنچى ئۆيدە مۇشۇ قورۇنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىدىغان بىشارەتلىك بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان رەسىم ۋە ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن تولغانىكەن. ھەممىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن بالا ئەتراپىدىكى ئەر - ئاياللارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ دەپتۇكى:

— ئاكىلار، ھەدىلەر، ھەممىڭلار كۆردۈڭلار. بۇ بىر خەزىنە ئىكەن. بۇ خەزىنە

مۇشۇ جايدا ئولتۇرغان ۋە مۇشۇ جايغا يەنە ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئومۇمىي مۈلكى بولسۇن، ئۆزۈڭلار بىلەن ئۆزۈڭلار كېڭىشىپ كۆرۈڭلار. ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىمىز، دېگەنلەرگە بۇ بايلىقتىن بىر ئۈلۈش بېرىلىدۇ. كەتمەيمىز دېگۈچىلەرگە مەسلىھەتىم، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى جاڭگالدىن ئۆتكەندە بىر دەريا بار ئىكەن، تامىدىكى رەسىمدىن قارىغاندا، بۇ جاي بىر كۆكولمەيدان بولۇپ، تۆگە، كالا، ئات، قوي ۋە باشقا ھايۋانلار جىق ئىكەن. سۇ بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىپ باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ شەھەر بەرپا قىلىشقا بولىدۇ. بۇ بايلىقلىرىمىز مۇنداق ئىشلارغا يېتىپ يەنە ئېشىپ قالىدۇ. دېھقانچىلىق قىلىپ تېرىيدىغان زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىمۇ تەل ئىكەن. ھېچكىمنى ھېچكىم مەجبۇر قىلمىسۇن، ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش تۇتسۇن، ئەتە تەجرىبىلىك، باشقا چوكراق بولغان بىر قانچە ئاتلار بىلەن بېرىپ رەسىمدە كۆرستىلگەن جاينى تېپىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلەيلى. ئاڭغىچە ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىپ قويارسىلەر. ئەمما مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، بۇ دەشت چۆلدىن ئۆتۈپ ئۆز يۇرتلىرىمىزنى تېپىپ بارالىشىمىزغا مېنىڭ كۆزۈم يەتمەيدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ ۋە ئەتە ئۆزى بىلەن بىرگە كىملەرنىڭ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىردەكلا:

— ھەممىمىز بىللە بارىمىز. سەن نىمە دېسەڭ بىز شۇنىڭغا بويسۇنىمىز. سەن بىزنىڭ نىجاتكارىمىز سەن، — دەپ تۇۋلىشىپتۇ. بالا چۈشەندۈرۈپ:

— ھەممىمىز بىللە بارساق بىكار جاپا تارتىمىز. ئۇ يەر قانچىلىك يىراقلىقتا بىلمەيمىز. ئالدى بىلەن بىر نەچچىمىز بېرىپ ئۇقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلساق دەيمەن. بۇ يەردە قونالغۇ ماكان، ئىچىدىغان سۇ، يەيدىغان نەرسىلەر ھازىرچە يېتەرلىك، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ ھەممىگە ماقۇل كېلىپ ئەتىسى بىرنەچچە قاۋۇل كىشىلەر بىلەن بالا ھېلىقى ئارغىماقىنى مىنىپ سۆھرۇغنى قويۇپ بېرىپ، يولۋاسنى كەينىگە سېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. دېگەن مەنزىلگە كەچتە ئاران يېتىپ بېرىپ دەريا لېۋىنىڭ لايىق بىر يېرىدە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى بىر كۈن ئەتراپنى كۆزىتىپ مۇۋاپىق جايلارغا بەلگە قاداپتۇ. ئاندىن يولۋاسنى قويۇپ بېرىپ بىرمۇنچە تۆگە، كالا، ئاتلارنى ھەيدىتىپ ماڭغىنىچە ئۈچىنچى كۈنى كەچتە يالغۇز قورۇدىكى ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا ئامان - ئېسەن خۇشال ھالدا قايتىپ كېلىشىپتۇ ۋە ئەتىسى بىر كۈن ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ دەريا بويىغا كۆچىدىغان بوپتۇ. ئالدى بىلەن تامچىلىق، ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بار قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىدىن بىرقانچىسى بېرىپ ئۆي - ئىمارەت ياسىغاندىن كېيىن ئاندىن تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ دەريا بويىدىكى يېڭى جايغا بېرىپ ماكانلىشىپ يېڭى شەھەر بەرپا قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ مەسلىھەتلەر پىشقاندىن كېيىن بالا:

— ئەمدى مەن ئۆز يولۇمغا كېتىمەن. ئاخىرقى مەسلىھەتىم ئۆزئارا جېدەل قىلىشماڭلار، قېرىنداش بولۇپ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار. چوڭلاردىن بىر نەچچە كىشىنى ئاقساقال سايلاپ بامەسلى-

ﻬەت ئىش قىلىپ شەھەرلى قۇرۇپ بولغان-
دىن كېيىن ئاراڭلاردىكى بىرەر لايىق كى-
شىنى تاللاپ ئۆزۈڭلارغا باشچى قىلىپ تىك-
لەرسىلەر، — دەپتۇ. خالايىق:

— سىز بىزگە باشچى بولۇڭ، ھەم-
مىمىز سىزنىڭ كېيىڭىزگە كىرىپ بويرۇ-
قىڭىزدا بولىمىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بالا:

— مەن بولسام تېخى كىچىك. ئۇنىڭ
ئۈستىگە مەن پادىشاھ ئاتامنىڭ ئارزۇلۇق
يالغۇز پەرزەنتى ئىدىم. ھايات بولسام-لا
ئاتامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ خىزمىتىدە
بولمىسام خۇدا ئالدىغا نېمىدەپ بارىمەن.
شۇڭا ماڭا دۇئايىڭلارنى بېرىپ ئالدىمنى
توسماڭلار. مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار.
مەن دۇلدۇلغا مىنىپ سۇمرۇغنىڭ يول باش-
لىشى ۋە يولۋاسنىڭ مۇھاپىزىتىدە بولسام
ھەرقانداق بالا - قازا ماڭا يېقىن كېلەل-
مەيدۇ، — دەپ خوشلىشىپ يولغا چۈشۈپتۇ.

بالا يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ
مول يۈرۈپتۇ، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپتۇ،
دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ، تاغلاردىن ئېشىپتۇ،
يولۋاس ھەممە جايدا مۇھاپىزەتچى بوپتۇ،
سۇمرۇغ قۇياش قىزىتىپ كۆيدۈرگەندە
كۆنلۈك، يامغۇر ياغسا يامغۇرلۇق بولۇپتۇ؛
ئارغىماق يىراق يولنى يېقىن، خەتەرلىك
يوللارنى ئاسان قىلىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر شەھەرنىڭ
قارىسى كۆرۈنگەندە بالا ئاتتىن چۈشۈپ
جەڭ كىيىمى ۋە قوراللىرىنى ئاتقا باغلاپ،
بۇ ئۈچ جانىۋار بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ
شەھەرگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن،
ئارغىماق يالىدىن بىر تال، يولۋاس قۇي-
رۇقىدىن بىر تال، سۇمرۇغ پېيىدىن بىرنى
يۇلۇپ بېرىپ: «بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە
مۇشۇلارنى كۆيدۈرسەڭ بىز يەنە ئالدىڭغا
جەم بولىمىز» دەپ ئايرىلىپتۇ. بالا خېلى
كۆپ يول يۈرگەندىن كېيىن بىر قويچى
بالىغا يولۇقۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ
شەھەرنىڭ نامىنى، پادىشاھىنى ۋە باشقا
ئىشلارنى سوراپتۇ. چوپاننىڭ بالىنىڭ بې-
شىدىكى قالپىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇنى
سەزگەن بالا:

— ئەي چوپان، كىيىملىرىمىزنى ئال-
ماشتۇرامدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ. چوپان:

— مېنىڭ بۇ كىيىملىرىمنىڭ جۇلۇقى
چىقىپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان تۇرسا، مەن
قانداق قىلىپ سېنىڭ بۇ كىيىملىرىڭگە
ئالماشتۇرالايمەن. مېنى مەسخىرە قىلما، —
دەپتۇ. بالا:

— مەن ساڭا راست گېپىمنى قىلىۋا-
تىمەن. مەن رازىلىق بىلەن ئۈستۈمدىكى
مۇشۇ كىيىملىرىم ۋە بېشىمدىكى قالپىقىمنى
سېنىڭ كىيىملىرىڭ ۋە بېشىڭدىكى تەلپ-
كىڭ بىلەن ئالماشتۇرماقچىمەن. قانداق،
رازىمۇسەن، — دەپتۇ.

چوپان «بۇ بىر ئەخمەق نەرسە ئوخ-
شايدۇ، ئۆزى رازى بولغاندىكىن ئالدىمغا
كەلگەن ئامەتنى قاچۇرۇۋېتەمدىم» دەپ
ئويلاپ:

— بوپتۇ، سەن ئالماشتۇرىمەن دە-
ۋاتساڭ ماڭا نېمە ئامال، — دەپ ئالدى
بىلەن تاز بېشىدىكى تەلپەكنى بېرىپتۇ. بۇ
تەلپەككە تازنىڭ بېشىدىكى قەقەچلەر چاپ-
لىشىپ كەتكەچكە، بۇنى كىيگەن ئادەمنىڭ
ئۆزىمۇ خۇددى تازنىڭ ئۆزىلا بولۇپ
كۆرۈنىدىكەن.

بالا چوپاننىڭ تەلپەك ۋە كىيىم-
لىرىنى كىيگەنىكەن، ئىگىسىز يېتىم تازنىڭ
ئۆزىلا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇتتۇر شەھەرگە
كىرىپ بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئوچىقى ئالدىغا

كېلىپ، ئوچاقنىڭ كۆللىرىنى تازىلاپتۇ،
ئوتىنى تۈزەپتۇ. ئاندىن يېتىمسىرەپ
ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا
ئاشپەز بازاردىن بىر نەرسىلەر ئېلىپ قاي-
تىپ كەلسە ئوچاقنىڭ ئالدىدا بىر تاز بالا
كۆلگە مىلىنىپ ماڭقىسىنى تارتىپ ئولتۇر-
غان. بۇنى كۆرگەن ئاشپەز:

— ھەي تاز، يوقال بۇ يەردىن، —
دەپتۇ. بالا:

— ئۇستام، ماڭا رەھىم قىلىڭ، توڭ-
لاپ كەتتىم، بىرئاز ئىسسىنۋالاي، — دەپ-
تۇ. ئاشپەز:

— ئۆيۈڭگە بېرىپ ئىسسىنمامسەن، —
دەپتۇ. بالا:

— تەقسىر، مېنىڭ ئىسسىنىدىغان ئۆ-
يۈم بولسا، بۇ يەردە كۆلگە مىلىنىپ ئول-
تۇرامتىم، مەن بىر ئىگە - چاقىسىز يېتىممەن،
دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاشپەزنىڭ بىرئاز
ئىچى ئاغرىپ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچىگە كىرىپ
كېتىپ بىرئازدىن كېيىن:

— ھەي تاز، ئۇستىبېشىڭنى قېقىۋې-
تىپ ئاشخانىغا كىر، — دەپ چاقىرىپتۇ. بالا
ئاشخانىغا كىرگەنىكەن، ئۇنىڭ قولىغا ئې-
شىپ قالغان تاماقتىن بىر ھېجىر بېرىپ
بىر بۇلۇڭنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇپ يەپ
قورسىقىڭنى تويغۇز، — دەپتۇ.

بالا رەھمەت ئېيتىپ ئەدەب بىلەن
ئولتۇرۇپ تاماقنى يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى
كۆرگەن ئاشپەزنىڭ بالىغا مېھرى چۈشۈپ
قاپتۇ. بالا تاماقنى يەپ بولۇپ چاپىنىنىڭ
پېشىنى قايرىپ ئاغزىنى ئېرتىپ بولۇپ،
قاچىنى ئاشپەز ئۇستىنىڭ قولىغا
ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرىپتۇ. ئاشپەز
ئىچىدە «بۇ بىر يېتىم تاز بولغىنى بىلەن
خېلى ئەدەبلىك كۆرۈنىدۇ. ئۆزۈمگە
ياردەمچى قىلىپ يۈگۈر - يېتىمگە سالسام
بەندىسىدىن كەلمىسە خۇدادىن كېلەر. بۇمۇ
كوچىدا تەمتىرەپ يۈرمەس، مەنمۇ بىرئاز
ئارام تېپىپ يالغۇزچىلىق تارتماسمەن»
دەپ ئويلاپ:

— ھەي بالا، مۇشۇ دۇكاندا ئوت قا-
لىغۇچى بولۇپ ئىشلەمسەن؟ ئىشلىسەڭ تا-
مىقىڭنى يەيسەن، ھەر ئايدا قولۇڭغا ئىككى
تەڭگە پۇل بېرىمەن، كېچىسى ئاشخانىدا
ياتىسەن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر مەن سىز بۇيرۇغان ئىش-
لارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسام باش ئۈس-
تىگە، — دەپ ماقۇل بوپتۇ بالا. شۇنىڭ
بىلەن بالا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاشخانىنىڭ
پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلىپتۇ. ئاشخا-
نىنىڭ ئىشلىرى راۋاج تېپىپ ئاشخانىمۇ
ئاۋاتلىشىپتۇ. ئاشپەز بۇ بالىنىڭ ئايىغى
ياراشتى دەپ بالىغا غەمخورلۇق قىلىپ
كىيىم - كېچەكلىرىنى يېڭىلاپ ھەر جۈمە
كۈنى بىر كۈن دەم ئېلىش بېرىدىغان
بوپتۇ. ئاڭغىچە يىللار ئۆتۈپ بالىمۇ 18
ياشلارغا كېلىپ تازلىقىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا زەبەردەست يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

بالا ھەر جۈمە كۈنى شەھەر سىرتى-
دىكى بىر باغنىڭ سۆڭگۈچىدىن كىرىپ
باغدىكى كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈپ تاماشا
قىلىدىكەن.

ئەمدى گەپنى مۇشۇ شەھەرنىڭ پادى-
شاھىدىن باشلايلى.

بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئۈچ قىزى
بار ئىكەن. ھەر جۈمە كۈنى كىچىك قىزى
راۋاقتا ئولتۇرۇپ ھەر تەرەپنى تاماشا
قىلىدىكەن. بىر كۈنى راۋاقتا ئولتۇرغان
قىزنىڭ باغقا كۆزى چۈشۈپ باغدىكى كۆلدە

چۈمۈلۈۋاتقان بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇنداق جۈمە كۈنلىرىدىن بىرقانچىسى ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە بىر كۈنى بالىدىن بۇرۇن باغقا كىرىپ كۆل بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ماراپ ئولتۇرۇپتۇ، ئاش ۋاقتى بولغاندا بالا سۇغ- گۈچتىن كىرىپ كەپتۇ. مەلىكە قارىغۇدەك بولسا بۇ بىر پەخشەك تاز ئىكەن. بالا كۆل بويىغا كېلىپ كىيىملىرىنى يېشىپ سۇغا چۈشۈۋاتقاندا ئاندىن يىگىتنىڭ شۇنداق كېلىشكەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان گۈزەل يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە يىگىتكە شۇئانلا مەپتۇن بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر جۈمە كۈنى بالا كېلىشتىن ئىلگىرى مەلىكە باغقا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ يىگىتنى تاماشا قىلىپ، سىغىنىشىنى باسىدىغان بولۇپتۇ. جۈمە يېتىپ كەلگۈچە مەلىكىنىڭ تاقىتى تاق بولىدىكەن.

پادىشاھنىڭ شەھەر سىرتىدا مەخسۇس بىر قوغۇنلۇقى بولۇپ، قوغۇنلار راسا پىشىدىغان كۈنلەردە قوغۇنچى پادىشاھقا قوغۇنلارنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ خەۋەرىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى پادىشاھنىڭ قىزلىرى ئاڭلاپ قوغۇنلۇققا چىقىپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ:

— قايتىپ كەلگۈچە ئۆز قولۇڭلار بىلەن ماڭا ئاتاپ بىردىن قوغۇن ئۈزۈپ ئالغاچ كېلىڭلار، — دەپ رۇخسەت بېرىپتۇ. ئاندىن مەلىكىلەرنىڭ قوغۇنلۇققا ئوينىغىلى چىقىدىغانلىقىنى، شۇڭا ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ، قوغۇنلۇققا ئەركەك دېدارىنى يولاتماسلىقنى تاپىلاپ، چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئەتىسى مەلىكىلەر كېنىزەكلىرى ۋە قوغدىغۇچىلار بىلەن بىللە قوغۇنلۇققا يولغا چىقىپتۇ. قىزلار قوغۇنلۇقتا نامازدىگەرگىچە تاماشا قىلىپ قايتىدىغان ۋاقتىدا ئۈچىلا مەلىكە ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆز قوللىرى بىلەن بىردىن قوغۇن ئۈزۈپ كەچتە ئوردىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ.

پادىشاھ قىزلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قىزلىرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۈزگەن قوغۇنلىرىنى تېتىپ كۆرمەكچى بوپتۇ. چوڭ قىزىنىڭ ئەكەلگەن قوغۇنىنى ئەكىردۈرۈپ قارىسا خېلى جايىدا ساپسېرىق بولۇپ پىشقان قوغۇن ئىكەن. پادىشاھ كۆڭلىدە قوغۇننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن رازى بولۇپ تىلدۈرۈپ يەپ كۆرسە، يۇمشاپ كەتكەن تەمسىز ئىكەن. ئاندىن كېيىن ئوتتۇرانچى مەلىكىنىڭ قوغۇنىنى ئەكىردۈرۈپ قارىسا، قوغۇننىڭ كۆرۈنۈشى ئىنتايىن چىرايلىق تورلاشقانىكەن، پادىشاھ بۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىن رازى بولۇپ، تىلدۈرۈپ يەپ كۆرسە بۇمۇ ئاغزىغا تېتىماپتۇ. كەنجى مەلىكىنىڭ قوغۇنىنى ئەكىردۈرۈپ قارىسا، كۆرۈنۈشتە ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىكەن. پادىشاھنىڭ بۇ قوغۇننىڭ كۆرۈنۈشىدىنلا كۆڭلى سوۋۇپ قاپتۇ. ۋەزىرى:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، بۇنىمۇ يەپ تېتىپ كۆرسىلە، بۇ كەنجى مەلىكىنىڭ كۆڭلى ئەمەسمۇ، — دەپ مەسلىھەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلىشقا ئىشارەت قىلغانىكەن، قوغۇنغا پىچاق تېگىشى بىلەن قوغۇندىن چاراسلىغان ئاۋاز چىقىپ پىچاقتىن ئاۋۋال يېرىلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قاراپ قويۇپ سۇنغان بىر تىلىم قوغۇننى خالار - خالىماس ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ كۆرسە، قوغۇن خۇددى ناۋات سۇيىگە چىلانغاندەك تات-

لىق، نەشپۈتتەك چۈرۈك ئىكەن. پادىشاھ كەنجى مەلىكە ئۈزۈپ كەلگەن قوغۇنىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيىماي قاپتۇ ھەم بۇ نېمە كارامەتتۇ، دەپ ھەيرانلىقتا تاڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەقىللىق مەسلىھەتچى مۇنەججىمىنى چاقىرتىپ ئاخشام يېگەن قوغۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ بۇنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

مەسلىھەتچى:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، قوغۇنلارنىڭ ئەھۋالى راستلا سىلى دېگەندەك بولسا، ئۇ گۈزەل مەلىكىلەرنى تالالىق قىلىش ئوغرىسىدىكى بىشارەتتۇر. يەنى چوڭ مەلىكەم ئۆز قولى بىلەن ئۈزگەن قوغۇنىنىڭ سارغىيىپ پىشىپ، يۇمشاپ، تەمسىز بولۇپ قالغانلىقى توي قىلىش ۋاقتىنىڭ خېلى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئوتتۇرانچى مەلىكەم ئۈزۈپ كەلگەن قوغۇنىنىڭ ئەھۋالىمۇ مەلىكەمنىڭ توي قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن بىشارەتتۇر. ئەمدى كەنجى مەلىكەم ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ كەلگەن قوغۇنىنىڭ ئەھۋالى، مەلىكەمنىڭ دەل توي قىلىدىغان ۋاقتى ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ تەقسىر، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەتىدىن باشلاپ تەۋەيىمدىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر قىلىڭلار. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى نەۋۋەت بىلەن ئۈچ قىزىم ئولتۇرغان راۋاقنىڭ ئاستىدىن ئۆتسۇن. قىزلىرىم قولىدىكى ئالمىنى كىمگە قارىتىپ ئاتسا، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىپ كۆيئوغۇل قىلىۋالىمەن. ھەممە كىشى ئۈچ كۈنگىچە راۋاق ئاستىدىن ئۆتۈپ بولسۇن، — دەپ پەرمان قىپتۇ. ۋەزىرلەر ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ جىددىي تەييارلىققا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

دۈشەنبە كۈنى قىزلارنىڭ قوللىرىدا مەي باغلاپ قىپقىزىل بولۇپ پىشقان ئالمىدىن بىردىن تۇتقۇزۇپ، «كۆڭلۈڭلار چۈشۈپ ئۆزۈڭلار ياراتقان يىگىتكە تاشلايسىلەر» دەپ راۋاققا چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇنداق بەختكە ئېرىشىشنى خالىمايدىغان كىم بار. شۇڭا يىراق-يېقىن ھەتتا قوشنا يۇرتلاردىنمۇ بۇ خەۋەر قۇلىقىغا يەتكەن شاھزادە-بەگزادىلەر يېتىپ كېلىشىپتۇ، ئوردىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان سانجاق-سانجاق ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. ياساۋۇللار ئادەملەرنى رېتى بىلەن بىر-بىرلەپ راۋاقلار ئاستىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. چۈشكە يېقىن چوڭ مەلىكە قولىدىكى ئالمىنى مۇشۇ پادىشاھلىقتىكى باش قازىنىڭ ئوغلىغا تاشلاپتۇ، خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن سۆيۈنچە ئېلىپ كۆتۈرگەن پېتى ئوردىغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ. كەچكە يېقىن ئوتتۇرانچى مەلىكە قولىدىكى ئالمىنى پادىشاھ سەردارىنىڭ ئوغلىغا تاشلاپتۇ، خىزمەتچىلەر بۇنىڭدىنمۇ سۆيۈنچە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ئۆتۈشنى توختىتىپ ئاخىرىنى ئەتىگە قويۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى كەنجى مەلىكە يالغۇز ئۆز راۋىقىدا كەچكىچە ئولتۇرۇپ ئۆتكەنلەرگە ئانچە نەزەرمۇ سالماپتۇ، بولمىسا بۈگۈن ئۆتكەن يىگىتلەر ئىچىدە قوشنا پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرىمۇ بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن كۈن

نەتىجىسىز ئۆتۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك پادىشاھنىڭمۇ كۆڭلى سوۋۇپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى كەنجى مەلىكە يەنە راۋاققا چىقىپ، ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزىتىپ جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇشى بىلەن راۋاق ئاستىدىن كىشىلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. بىر قېتىم ئۆتكەن ئادەمنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆتۈش ھوقۇقى يوق ئىكەن. چۈشكە يېقىن ئۆتىدىغان ئادەملەرمۇ قالماپتۇ. ئادەملەر قالمىغانلىقىنى پادىشاھقا خەۋەر قىلىشىپتۇ. پادىشاھ «يەنە بىر نۆۋەت يۇرتنى تەرەپ-تەرەپتىن ئارالاپ چىقىڭلار. ئۆتمەي قالغان كىشىلەر بولسا ئەكىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. نامازدىگەرگە يېقىن چاپارمەنلەر ھەممە كىشىلەرنىڭ راۋاق ئاستىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى پادىشاھقا خەۋەر قىلغانىكەن، پادىشاھ چاپارمەنلەرگە «ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭلار، بولۇڭ-پۇشقاقلاردا ئۇنتۇلۇپ قالغانلار بولمىسۇن يەنە» دەپتۇ. بىر ئاز جىمىلىقتىن كېيىن چاپارمەنلەردىن بىرى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئوچىقى ئالدىدا بىر تازنىڭ كۈلگە مىلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۇنى راۋاق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈش مەلىكىلەرگە قىلىنغان ھاقارەتتەك بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئەكەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ:

— ماڭ، ئېتىڭنى چاپتۇرغان پېتىڭ بېرىپ ئالدىڭغا سېلىپ ئەكەل. ئۇمۇ راۋاق ئاستىدىن ئۆتسۇن، چۈنكى مەن بېشىغا دوپپا كىيگەن ئەركەكنىڭ ھەممىسى ئۆتسۇن، دەپ پەرمان قىلغان. ئۇمۇ شۇلارنىڭ بىرى، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

راۋاقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتـ

قان يىگىتنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ كۆڭلى شادلىققا تولۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تازغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئالمىنى ئۇنىڭغا تاشلاپتۇ. بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بولغان بۇ يىگىت ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ. خىزمەتچىلەر بۇ تازنىمۇ ئوردىغا ئەكىرەيلى دېسە ئۇنىڭ تۇرقى تولىمۇ كۆرۈمسىز، مەينەت ئىكەن. ئەكىرمەيلى دېسە، بۇ ئالدىدا تۇرغان تاز ئەمدى پادىشاھنىڭ ئەزىز قىزىنىڭ كۈيۆسى، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى. ئۇلار ئىككىلىنىپ تۇرغاندا بۇ خەۋەر پادىشاھقىمۇ يېتىپ بوپتۇ. پادىشاھ كىچىك قىزىنىڭ قىلغان قىلىقىغا غەزەپلىنىپتۇ.

كەنجى كۈيئوغۇلغا ھەسەتخورلۇقى كېلىپ ئىچى ئاداپ كەتكەن ئىككى كۈيئوغۇل كىچىك قىز بىلەن كەنجى كۈيئوغۇلنى، پادىشاھقا چېقىپ كۆيدۈرگىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇڭا پادىشاھ كەنجى قىزى بىلەن كۈيئوغۇلنى سىرتقى ھويلىدىكى ئاتخانىغا ئەكىرىپ قويۇڭلار، دەپ بۇيرۇپتۇ.

ھەپتە-ئون كۈن ناغرا-سۇناي، داقا-دۇمباقلار چېلىپ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ چوڭ ئىككى كۈيئوغۇلنى ئوردىدىن ھۇجرىلارنى ئاجرىتىپ كاتتا ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كەنجىسىگە ئات ئېغىلىغا يېقىن بىر ئامبارنى بىكارلاپ ھۇجرا قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككى كۈيئوغۇل كەنجى كۈيئوغۇلنى ئۆلگۈدەك مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. كەنجى مەلىكە ئۆز سۆيگىنىگە يېتىشكىنى ئۈچۈن، بۇ ئىشلاردىن ھېچبىر مەيۇسلەنمەي گۈلدەك ئېچىلىپ، شاد-خۇراملىق بىلەن يولدىشىدىن بىردەممۇ ئاجرىماي كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ. كەنجى مەلىكە بىرگە

بولىدىغان بىرىنچى ئاخشامىدىلا ئۆز يىـ
گىتىگە:

— سىرىڭنى مەندىن يوشۇرما، چۈنـ
كى سەن تاز ئەمەس بىر ئىسىلزادىسەن. سىـ
رىڭنى ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەرمىگىچە مەنىمۇ
سورىمايمەن. ئەمما كۈندۈزى ئۆز سىرىڭ
بىلەن يۈرۈۋەر، — دەپ يىگىتنى تاڭ قالـ
دۇرۇپتۇ. چۈنكى يىگىت ئۆز سىرىنى
ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ
يۈرگەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى چوڭ كۈيئوـ
غۇللار پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ شىـ
كارغا چىقىش تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ. شىـ
كارغا ماڭىدىغان چاغدا پادىشاھ:

— مەن ھازىر ياشقا چوڭ بولۇپ
قالدىم، بولمىسا سىلەر بىلەن بىللە ئوۋـ
غا چىقىشنى بەكمۇ خالايتتىم، خەير بوپتۇ.
مانا بۇ ساداق، ئوقيا. مانا بۇ قۇشلارنى
ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىڭلار، — دەپ يولغا
سېلىپ تۇرۇشىغا، كەنجى مەلىكە كىرىپ
ئېگىلىپ تەزىم بىلەن ھۆرمەت بەجا كەلـ
تۈرگەندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، كەنجى كۈيـ
ئوغلىڭىزمۇ ئوۋغا بېرىشنى سىزدىن ئىلتىـ
ماس قىلىۋاتىدۇ، ئۇ بىچارىنىڭمۇ ئىلتىماـ
سىنى ماقۇل كۆرۈپ ئوۋ قوراللىرىدىن
ئاتىغىنىڭىزنى ئىلتىپات قىلغايسىز، — دەپ
ئىلتىماس قىپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ چىرايىغىمۇ قاـ
رىماي:

— بارسا بېرىۋەرسۇن. ئوت قالغۇـ
چىنىڭ قورالى كۆسەي، شۇڭا ئۇنىڭغا توـ
نۇر كۆسەيلىرىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىڭلار،
ھېلىقى يىقىلىپ چۈشكەن ئاقساق ئاتنى
مىنىپ بارسۇن، — دەپ خىزمەتچىلەرگە
بۇيرۇپتۇ.

قىز كۆڭلى سۇنۇق ھالدا ئېرىنىڭ
ئالدىغا كىرىپ دادىسى بەرگەن كۆسەي ۋە
توكۇر ئاتنى كۆرسىتىپتۇ. يىگىتنىڭ كۆڭـ
لى سۆيۈنۈپ:

— خۇشال بول، مەلىكەم، رۇخسەت
قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى ماڭا ئالەمدەك ئىلتىـ
پات. خوش، مەن كەتتىم، — دەپ توكۇر
ئاتقا مىنىپ كۆسەينى ئېلىپتۇ - دە، يولغا
چىقىپ، بىر خىلۋەت ئادەم كەلمەيدىغان
جايغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى
ئوتقا قويۇۋېتىپ، كۆسەينى ئاتقا غانجۇـ
غىلاپ باغلاپ قويۇپ، يولنى داۋاملاشـ
تۇرۇپتۇ. بىر تۈزگە كەلگەندىن كېيىن،
ھېلىقى ئارغىماق يالى، يولۋاس قۇيرۇـ
قىنىڭ تۈكى ۋە سۇمرۇغنىڭ پېيىنى كۆيـ
دۈرگەنىكەن، بۇ ئۈچ جانىۋار دەرھاللا
ھازىر بولۇپتۇ. ئارغىماق ئويناقلاپ تۇرـ
غان، سۇمرۇغ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ تۇرـ
غان، يولۋاس ئۆزىگە توپا چېچىپ ھۆرـ
پىيىپ ھازىرلا يىگىتنىڭ بېشىغا كەلگەن
كۈلپەتنى بىتچىت قىلىپ كۈلنى
كۆككە سورۇۋېتىدىغان قىياپەتتە تۇرغۇدەك.
يىگىت ئۇلار بىلەن تىنچ - ئامانلىق سوـ
راشقاندىن كېيىن:

— مېنىڭ بېشىمغا ھېچقانداق
ئېغىرچىلىق چۈشكىنى يوق، مەن ھازىر
ناھايىتى بەختلىكمەن. پەقەت سىلەرنى
سېغىنىپ بىر دىدار كۆرۈشۈپ، كۆڭلۈمنى
ئاچاي دېگەن مەقسەتتە سىلەرنى چاقىرـ
دىم. ئەمدى بىر - ئىككى كۈن بىللە بوـ
لۇپ بىرئاز تاماشا قىلايلى، — دەپ ئات
ئۈستىدىكى جەڭ كىيىم ۋە جەڭ قوراللىرىـ
نى ئېلىپتۇ. سۇمرۇغقا:

— دوستۇم سۇمرۇغجان، سەن مۇشۇ

ئەتراپتىكى ھەممە جان ـ جانىۋارلارنى بۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئېرىقى تەرىپىگە ھەيدىۋەت. سەن يولۋاسجان، بىرەر قوتان كىيىكنى مانا بۇ توقايلىققا ھەيدەپ كەل. بىز مۇشۇ يەردە سىلەرنى كۈتىمىز، ــ دەپ، سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بىر بوستانلىقنى كۆرسىتىپتۇ. سۇمرۇغ بىلەن يولۋاس يولغا راۋان بوپتۇ. يىگىت ئاتنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ جەڭ قوراللىرىنى يوغان بىر تاشقا يۆلەپ قويۇپ ئەتراپنى كەچكىچە تاماشا قىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، سۇمرۇغ قايتىپ كېلىپ بۇ يېقىن ئەتراپتا بىرەر جانىۋارنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. يولۋاس بىر قوتان كىيىكنى باللىرى بىلەن قوشۇپ ھەيدەپ كېلىپ توقايلىققا قاپساپ قويۇپتۇ. كۈن راسا قىزىپ پېشىن بولغاندا پادىشاھنىڭ ھېلىقى ئىككى كۈيئوغلى ئادەملىرى بىلەن بىللە جانلىرى تۇمشۇققا كېلىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بوستانلىققا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا شاھزادە سۆپەت بىر يىگىت ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ ئەزىمەتنى ۋە يولۋاسنى كۆرۈپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ توختاپ قاپتۇ. يېقىن بارايلى دېسە قورقىدىكەن، بارماي كېتەيلى دېسە ئۈچ كۈندىن بېرى بارمىغان يېرى قالمىغان بولسىمۇ، كىيىك تۇرماق بىرەر توشقاننىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ. شۇڭا ئوتلاپ يۈرگەن كىيىكلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەپتۇ. سۇمرۇغ بولسا كۆكتە كۆرۈپ يىگىت تۇرغان جايغا سايە چۈشۈرۈپ تۇرغۇدەك.

بىرئازدىن كېيىن ئوتتۇرانچى مەلىكنىڭ ئېرى، سەردارنىڭ ئوغلى قورقۇش ئىچىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەنجى كۈيئوغۇلغا يېقىنلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما يولۋاستىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت يولۋاسقا كىيىكلەرنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ دەم ئېلىشىنى بۇيرۇپتۇ. سەردارنىڭ ئوغلى يېتىپ كېلىپ يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئىككى كۈيئوغلى ۋە باشقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەنلىكىنى، شىكارغا چىققان بولسىمۇ، ئۈچ كۈندىن بېرى بىرەرمۇ جانىۋار ئۇچرىتالماي تېنەپ ـ تەمتىرەپ بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپتۇ. يىگىت بۇ ئىككىسىنى تونۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تونۇمىغان قىياپەتتە:

ــ بەك جاپا تارتىپ كېتىپسىلەر، قېنى مەرھەممەت، باشقىلارنىمۇ چاقىرىڭلار، بۇ يەرگە كېلىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالسۇن، ــ دەپتۇ.

سۇمرۇغنىڭ سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان جايى كىشىگە جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى بېغىشلايدىكەن. ھەممىسى يېتىپ كېلىپ باش قويۇپ يىگىتنىڭ بەخت ـ تەلىيىگە دۇئالار قىلغاندىن كېيىن، يىگىت:

ــ ئەھۋالىڭلاردىن قارىغاندا، بەكمۇ تەشنا ۋە ئېچىرقاپ كەتكەندەك تۇرىسىلەر. مەن سىلەرنى مېھمان قىلاي، ــ دەپ دەرھال بىرقانچە ئانا كىيىكنى چاقىرىپ سۈتىنى سېغىپ تەشنالىقنى قاندۇرۇپتۇ. ئاندىن بىرقانچە كىيىكنى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ، كەلگەنلەرنىڭ قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپتۇ ۋە:

ــ سىلەردەك ئەزىز مېھمانلارنى يۇرتۇمدا بولساڭلار كۆڭلۈمدىكىدەك مېھمان قىلار ئىدىم. ئەپۇ قىلىڭلار، ــ دەپتۇ. كەلگەنلەرگە سۇمرۇغنىڭ سايىسىدا



ئۇلتۇرۇپ يېگەن كىيىك كاۋىپى جەنـ
نەتتىكى ھۆر قىزلار كەلتۈرگەن ئېسىل
تائاملاردىنمۇ ئارتۇق مەززىلىك تېتىپ
كېتىپتۇ. تائامدىن كېيىن ئۇلار قول كۆـ
تۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى
ئۈچۈن دۇئا قىلىپتۇ.

كۈن قايرىلىپ، كەچ كىرىشكە باشـ
لاپتۇ. بۇ چاغدا چوڭ كۆيئوغۇل قازىنىڭ
ئوغلى ناھايىتى خىجىللىق بىلەن گەپـ
نى يىراقتىن ئەگىتىپ ئۆزلىرىگە
تۇقايلىقتىكى كىيىكلەردىن ئىكـ
كىنى تارتۇق قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس
قىلىپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ ئىككى كۆيـ
ئوغلىنىڭ قېپقېلىپ، باشقا ھەمراھلىرىنىڭ
بۇرۇن كەلگەن جايىغا قايتىپ تۇرۇشىنى
بۇيرۇپتۇ.

باشقىلار كېتىپ ئىككى كۆيئوغۇل
قالغاندىن كېيىن يىگىت:

— تەلىپىڭلار ئورۇنلۇق. سىلەر بولـ
ساڭلار شاھنىڭ كۆيئوغۇللىرى. ئەلۋەتتە
ئوردىغا قۇرۇق قول قايتىشىڭلار سىلەر
ئۈچۈن نومۇس. لېكىن مېنىڭ بىر ئەرـ
زىمەس شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسەڭلار
كىيىكلەردىن بىردىن ئەمەس ئىككىدىن
بېرىمەن. كۆنمىسەڭلار قۇرۇق قول قايتىپ
كېتىسلەر. قېنى، ئويلىشىپ كۆرۈڭلار، —
دەپتۇ. كۆيئوغۇللار:

— شەرتلىرىنى ئېيتىپ باققان بولـ
سىلا، ئاڭلاپ باقساق، قولىمىزدىن كېلەرـ
مىكىن، — دېيىشىپتۇ. يىگىت:

— ھېچگەپ ئەمەس. قولۇڭلاردىن
كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۈچىمىزدىن باشقا
ھېچكىم يوق. ئەتراپىمىزدا ھېچكىم بولـ
مىغاندىكىن، كاساڭلارغا مۆھۈرۈمنى بېسىپ
قويسام ئىش تۈگەيدۇ، — دەپتۇ. بۇ

ئىككىسى ئۆز ئادەملىرىنىڭ كۆز يەتكۈسىز
يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن
ئۆزئارا قارىشىپ قويۇپ ماقۇل كەپتۇ.
يىگىت مۆھۈرنى قىزىتىپ ئىككىسى-
نىڭ تېقىمىغا بېسىۋالغاندىن كېيىن:
— كىيىكلەرنى تىرىك ئەكەتمىسىلەر
ياكى بوغۇزلاپمۇ،— دەپ سورىغانىكەن، ئىك-
كى كويئوغۇل:
— تىرىك ئەكەتسەك ئۇۋ قىلغانلىقى-
مىز چىنىپ قىلىشى مۇمكىن. ئۆلتۈرۈپ
ئەكەتەيلى دېسەك بىزنىڭ قولىمىزدىن
كەلمەيدۇ،— دەپتۇ.
— بۇنىڭ كارى چاغلىق،— دەپتۇ
يىگىت،— بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئىچ-قار-
نىنى پاكىزلەپ ئېلىۋەتمىسە شەھەرگە يېتىپ
بارغۇچە گۆشىمۇ پۇراپ قالىدۇ. مەن سىلەر-
گە جايلاپ بېرەي،— دەپ تۆت كېيىكنى
ئەكىلىپ، ئىچىدە «گۆشۈڭ ئاچچىق، ئىچىڭ
تاتلىق بول» دەپ تەكبىر ئوقۇپ بوغۇز-
لاپتۇ ۋە ئىچىنى پاكىز تازىلاپ بۇلارنى
يولغا ساپتۇ.
بۇلار كەتكەندىن كېيىن، يىگىت
كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئارغىماق، سۇم-
رۇغ ۋە يولۋاسلارنىڭ يالى، قۇيرۇقى ۋە
پەيلىرىدىن بىر تالدىن ئېلىپ قىلىپ ئۇلار
بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن بىر
كېيىكنىڭ ئىچ-قارنىنى يۇيۇپ پاكىزلەپ
تەييار قىلىپ كېيىكنىڭ ئۆزىنىڭ قورسىقى
ئىچىگە قاچىلاپ مۇرىسىگە ئارتىپ كېچىلەپ
ھېلىقى توكۇر ئات بار جايغا كېلىپتۇ ۋە
ئاتنى مىنىپ، شەھەرگە قاراپ يولغا چۇ-
شۇپتۇ. قاق سەھەردە كىشىلەر تېخى نا-
مازغا ماڭمىغان چاغدا ئۆيىگە كىرىپ
كەپتۇ.
مەلىكە ئېرىنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى

كۆرۈپ، بۇنىڭدا بىر سىر بارلىقىنى پەم-
لەپتۇ ۋە ھېچنېمە دېمەيلا تاماق پىشۇرۇش
تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. يىگىت ئاشخانىدا
ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە دورا-دەرمان-
لىرىنى جايىدا تەڭشەپ ئۆپكە، ھېسىپلىرىنى
قويۇپتۇ. مەلىكىمۇ ئىنتايىن چىۋەر، ئەقىل-
لىق ئىكەن. ھېسىپنى قويۇۋاتقان چاغدا
چاندۇرماستىن ئاتىنىڭ تېزىكىدىن بىرنى
ئەكىرىپ ھېسىپنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپتۇ.
بۇلار ئۆپكە-ھېسىپنى پىشۇرۇپ تۇرسۇن،
ئەمدى گەپنى ئىككى چوڭ كويئوغۇلدىن
ئاڭلاڭ.
ئۇلار ھېلىقى كېيىكلەرنى كۆز-
كۆز قىلىپ داغدۇغا بىلەن شەھەرگە كېلىپ-
تۇ ۋە پادىشاھنىڭ مەخسۇس ئاشپەزلىرىنى
چاقىرتىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا كېيىك
گۆشىدىن خىلمۇ خىل تائاملارنى تەييارلى-
تىپتۇ. ئاندىن ئۇنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى-
غا ئۈلگۈرتۈپ پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئەكىرىپ-
تۇ، «پادىشاھ ئاتىمىز ئالدى بىلەن ئېغىز
تەگسۇن» دەپ ئۆزلىرى تەمىنىمۇ تېتىپ
كۆرمىگەنىكەن. پادىشاھمۇ ئۇۋ گۆشى يەي-
مەن دەپ ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن.
تائاملار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ
كىرىپتۇ. پادىشاھ بىر توغرام گۆشنى ئاغ-
زىغا سېلىپ چايناپتۇ-يۇ، ئاغزىغا سالغان
تاماقنى چىقىرىۋېتەلمەي قاپتۇ. پادىشاھنىڭ
ئۆڭگى ئۆچۈپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپتۇ.
تاماقلارنىڭ تۈرى، كۆرۈنۈشى شۇنداق جا-
يىدا بولسىمۇ، بىراق لاۋزىلىقىدىن ئېغىز-
غىمۇ ئالغىلى بولماپتۇ، ھەممىنى ئاچچىقىپ
ئىتلارغا تۆكۈپ بەرگەنىكەن، ئىتلارمۇ يە-
راقتىن پۇراپ قويۇپ يېقىن يولماپتۇ.
مانا شۇ پەيتتە كەنجى مەلىكە ھورى
چىقىپ تۇرغان ئۆپكە-ھېسىپنى كۆتۈرۈپ

كىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادى-
شاھنىڭ ئەمدى غىزاغا ھېچقانداق خاھى-
شى بولمىسىمۇ، قىزىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن
ئۆپكىدىن بىر توغرام يېگەنىكەن، ئىشتى-
ھاسى باشقىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ. خېلى
كۆپ يېگەندىن كېيىن بىر تال ھېسىپنى
شۇنداق چىشلىگەنىكەن، غىچىرلاپ كېتىپ-
تۇ، ئاغزىدىن ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا،
چىشلىگىنى تېزەك ئىكەن، پادىشاھنىڭ
ئەرۋاھى ئۇركۈپ:
— قىزىم، بۇ نېمە ئىش؟— دەپ
قىزىغا قارىغانىكەن، مەلىكە:
— ھەي جان ئاتا، تۇتۇپ بەرگەن
ۆيىڭىز ئات ئېغىلى بولغاندىكىن، بەلكىم
اتلار ئۇياق-بۇياققا ئۆتكەندە چۈشۈپ
قالغان بولسا كېرەك. يالغۇزچىلىقىمدىن
ئوچاق ئالدىغا، سۇپۇر ئالدىغا يۈگۈرۈپ
ئالدىراشلىقتا كۆرمەي قالغان بولسامۇ
ئەجەب ئەمەس، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ،— دەپ-
تۇ. بۇ گەپتىن خىجىل بولغان پادىشاھ
ئۇلارنى دەرھاللا ياخشىراق ئۆيلەرگە يۆت-
كەپ، ئۆي بىساتلىرىنى تولۇقلاپ مەلىكىنىڭ
ئەسلىدىكى كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى خىزمى-
تىگە بېرىشنى تاپىلاپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ.
كەنجى مەلىكىنىڭ قورسىقى يوغىناپ بۇرۇن
كىيگەن كىيىملىرى ئەمدى تار كېلىدىغان
بولۇپ قاپتۇ.
مانا شۇ كۈنلەردە چوڭ ئىككى كۈيى-
ئوغۇل يەنە شىكارغا تەييارلىنىپ يولغا
چىقىپتۇ. كەنجى كۈيئوغۇلمۇ مەلىكىنى
پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپ ئۇۋغا چى-
قىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ.
پادىشاھ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن يولغا
چىقىش ئالدىدا مەلىكىگە:

— ئەمدى ئۆز قىياپىتىم بىلەن
كېلىشكە مەجبۇرمەن،— دەپتۇ مەلىكىنىڭ
قورسىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،— مېنى شۇ
پەرزەنتىمىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلى-
ۋاتىدۇ. ھازىر دەل پەيتى. ئۆزىڭىزنى
ياخشى ئاسراڭ، مەن ئۈچىنچى كۈنى قاي-
تىپ كېلىمەن، خوش،— دەپ ئاتقا مىنىپ
ھېچقانداق قورال ئالماي يولغا راۋان
بوپتۇ. بۇ قېتىم ئانچە يىراق بارماي ئات-
تىن چۈشۈپ ئاتنى كەلگەن يولغا سېلىۋې-
تىپ بىر بۇلاقنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ يۈز-
قوللىرىنى يۇيۇپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن
كېيىن ئارغىماقنىڭ يالىنى، يولۋاسنىڭ
قۇيرۇقىنى، سۇمرۇغ قۇشىنىڭ پېيىنى كۆي-
دۈرۈپتۇ. بۇ جانىۋارلار ھازىر بولغاندىن
كېيىن:
— بەس ئەمدى، ھەممىمىز بىرلىكتە
ياشايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. سۇمرۇغ
دوستۇم، ھازىرچە قىلىدىغان ئىش سەن
يەنە ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدەك، پۈتۈن دال-
نى ئايلىنىپ چىقىپ ياۋا توشقاندىن باشقا
جانىۋارلارنى بۇ تاغنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتكۈزۈ-
ۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلگىن. يول-
ۋاس ئاغىنە، سەن بۇ بۇلاقنىڭ تۆۋىگە
مۇشۇ جاڭگالدىكى كېيىك، جەرەن، توز،
ياۋا غاز ۋە ئاق قۇلاردىن بىر جۈپتىن
ھەيدەپ كەلگىن. ھازىرچە خوش، ئەتە
كۆرۈشەيلى،— دەپ ئۇ ئىككىسىنى يولغا
سېلىپتۇ. ئاندىن ئارغىماقنىڭ جابدۇقلىرىنى
ئېلىپ، ئۇنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئۇخلاپ
قاپتۇ. ئەتىسى كەچكە يېقىن سۇمرۇغ ۋە
يولۋاسلار جان-جانىۋارلارنى جۈپ-جۈپى
بىلەن ھەيدەپ بۇلاق تۆۋىگە يېتىپ كەپتۇ. يى-
گىت كېچىچە ھاردۇق ئېلىپ، تاڭ ئېتىشى بى-
لەنلا كىيىملىرىنى جەڭ كىيىملىرىگە ئالماش-

تۇرۇپ، جەك قوراللىرىنى ئېسىپ، بېشىغا ئالتۇن
تاجنى كىيىپتۇ ۋە ئارغىماقنى توقۇپ:

— دوستلىرىم، ئەمدى تۇرار جايىمىز-
غا ماڭىمىز. تەرتىپ ۋە رېتىڭلارنى بۇزماي
ماڭسىلەر. ئۇستىمىزدە سۇمرۇغ ھەممىمىزگە
سايە چۇشۇرۇپ ماڭىدۇ. مېنىڭ كەينىمدىن
توز، ئۇنىڭدىن كېيىن غاز، ئاق قۇ، ئۇلارنىڭ
كەينىدىن جەرەن، كېيىك، ھەممىنىڭ كەي-
نىدە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىپ يولۋاس باتۇر
ماڭسۇن. قېنى كەتتۇق، — دەپ شەھەرگە
قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار چۇشكە يېقىن
شەھەرگە يېقىنلىشىپتۇ. بەزى ئادەملەر شە-
ھەرگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى
كىشىلەرگە يەتكۈزۈپتۇ، خەۋەر پادىشاھقىمۇ
ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ بۇنداق بولۇشىغا ئىشەن-
مەي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە
سەركەردىسىنى ئەۋەتىپتۇ. سەركەردە ھەق-
قىي ئەھۋالنى پادىشاھقا دوكلات قىلىپ:

— ئەيىۇھەننىاس، بۇنداق باھادىرنىڭ
ئالەمدە تەڭدىشى يوق بولسا كېرەك، —
دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ يىگىتنى
كۇتۇۋېلىشقا ئۆزى ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە
شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئۇنى داغدۇغا بىلەن
كۇتۇۋېلىشى ئۇچۇن بۇيرۇق چىقى-
رىپتۇ. يىگىتنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت
ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ياتىدىغان چاغدا:

— مېنىڭ جانىۋارلىرىم قەيەردە،
ئۇلارنى تۇرالغۇغا ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك.
مېنىڭ كەينىمدىن ھېچكىم چىقمىسۇن،
بولمىسا يولۋاسقا يەم بولىدۇ، — دەپ سىرتقا
چىقىپتۇ. ئاندىن ئۇ مەلىكە بىلەن كۆ-
رۇشۇپ:

— بۇ جانىۋارلار ساڭا ھەمراھ بول-
دۇ. ئەتىگىچە كۇتۇپ تۇرغىن، يولۋاستىن
قورقما، ئۇ سېنىڭ قوغدىغۇچىڭ بولىدۇ، —
دەپ خوشلىشىپتۇ ۋە ئوردىدا ئۆزىگە تەي-
يارلانغان ئورۇنغا چىقىپ ھوزۇر قىلىپ
ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن
پادىشاھ:

— ھەي شەۋكەتلىك باتۇر يىگىت،
ئۆزلىرى قايسى يۇرتنىڭ شاھزادىسى بول-
دىلىكىن؟ بۇ تەرەپلەرگە نېمە ئىش بىلەن
قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىلا؟ سىلىنىڭ
كەلگەنلىكلىرىدىن پادىشاھلىقىمىز بەكمۇ
خۇرسەن. شەخسەن مەن ئۆزۈم سىلىدەك
بىر باتۇر بىلەن مۇشۇ كۇن، مۇشۇ سائەت-
لەردە بىللە بولالىغانلىقىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى
تېخىمۇ بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن، نا-
ھايىتى خۇشالمەن، — دەپتۇ.

يىگىت سۆز باشلاپ ئۆزىنىڭ باشقا
بىر پادىشاھنىڭ يالغۇز پەرزەنتى ئىكەنلى-
كىنى، شىكار قىلىپ ئوزاقلاپ كەتكەندىن
كېيىن تاماشا-ساياھەت قىلغاچ بۇ تەرەپ-
لەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئەر-
زىمەس كىچىك بىر ئىشنىڭمۇ بارلىقىنى
سۆزلەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى قولى بولۇپ،
بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىمىكىن، دېيىد-
غان گۇمانىنىڭمۇ يوق ئەمەسلىكىنى سۆز-
لەپ بېرىپتۇ.

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا،
مەن ئۆزۈم ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزلىرىگە يار-
دەمدە بولۇشنى ئارزۇ قىلار ئىدىم. بۇ ئەل-
دە قول يوق، ھەممە ئادەم ئازاد. سىلىنىڭ
ئۇ قوللىرىنىڭ بىرەر بەلگىسى بارمىدى؟ —
دەپتۇ پادىشاھ. يىگىت:

— جانابىي پادىشاھ ئالىيلىرى مەن
كەلگەندىن بېرى سىلى بەك خەيرىخاھلىق
قىلىپ مېنى ئىززەت-ھۆرمەت قىلىپ نا-
ھايىتى ياخشى كۇتۇۋېلىۋاتىدىلا. مەن بەك
خىجىلمەن. ئەمدى قوللار مەسىلىسىگە كەل-

سەك، بىزنىڭ ئەلدىمىزمۇ مەندىن باشقا ئادەمنىڭ قۇلى يوق. مېنىڭمۇ پەقەت شۇ ئىككىلا قۇلۇم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تېقىمىغا بېسىلغان مۆھۈرۈمنىڭ ئىزى بار. شۇنىڭغا قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ،— دەپتۇ.

شاھ دەرھال ياساۋۇللىرىغا ئۆز تەۋەسىدىكى ئەرلەرنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ، تېقىمىدا تامغىسى بار كىشىلەر بولسا پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئالدىغا ھازىر قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ياساۋۇللار كەچكىچە پۈتۈن يۇرتنى ئارىلاپ بولغانلىقىنى، تېقىمىدا تامغىسى بار بىرەر ئادەممۇ تېپىلمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ ۋە پەقەت وردا ئىچىلا تەكشۈرۈلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ باھادىر يىگىتكە قاراپ قويۇپ ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتىپ بىر-بىرلەپ تېقىمىنى تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى كۆيئوغلى قالغاندا، بۇلار مېنىڭ كۆيئوغۇل پەرزەنتلىرىم. بۇلارنىمۇ تەكشۈرۈپ كۆرەمدۇق؟— دەپ يىگىتكە مۇراجىئەت قىلىپتۇ. يىگىت:

— بۇلار مېنىڭ قۇللىرىمغا سەل ئوخشىشىپ تۇرىدۇ، تەكشۈرۈپ كۆرەيلى. قېنى ئوڭ پۇتۇڭلارنى ئېچىپ كۆرسىتىڭلارچۇ،— دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئىككىسىنىڭ تېقىمىدىكى تامغا ئىزى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆز كۆيئوغۇللىرىنىڭ باشقا بىرىنىڭ قۇلى بولۇپ چىققانلىقىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن يىگىت:

— جانابىي ئالىيلىرى كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، بۇلار مېنىڭ قۇللىرىم بولغانىكەن، قانۇن بويىچە بۇلارنىڭ رەپىقىلىرىمۇ مېنىڭ قۇللىرىم بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە،— دېگەنىكەن، ئىككى مەلىكە «ئاھ خۇدا» دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ، پادىشاھ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي تەختتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. يىگىت دەرھال بېرىپ پادىشاھنى يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بۇ يەردە يەنە مېنىڭ رەپىقەممۇ قاراپ تۇرۇپتۇ،— دېگەندىن كېيىن پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىغانىكەن، كەنجى قىزى كېلىپ يىگىت بىلەن بىرگە تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ دۇنيادا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىنى ھېچ ئاڭقىرالمىسىمۇ، ئەمما بۇ باتۇر يىگىتنىڭ ئۆز كۆيئوغلى بولۇپ چىققىنىدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا:

— ھازىردىن باشلاپ تەختكە چىقىپ يۇرتنى سىز سوراپ پادىشاھلىقنى سىز قىلىڭ،— دەپ تەختتىن چۈشۈپ تەختنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىت قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ:

— كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ پادىشاھ ئاتا، ھازىرچە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشتىن ئاجىزمەن. ئالدى بىلەن مېنىڭ پەرزەنتىم دۇنياغا كەلسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا-ئانامنى بىر كۆرەي، ئاندىن ئويلىشىپ بىر ئىش قىلارمىز،— دەپ پادىشاھ بولۇشقا ئۇنىماپتۇ.

— بوپتۇ ئوغلۇم، بۇ دېگەنلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق، ھازىرچە دەم ئېلىپ بىللە ئەكەلگەن جانۋار قۇشلىرىڭنى ھەرەمباغقا ئەكىرىپ مۇۋاپىق كۆرگەن جايلارغا ئورۇن-

لاشتۇرۇشـقا كۆرسەتمە بەرسەڭ، قۇللىرىڭ ئۇلارنىڭ ھـالىدىن خەۋەر ئالسۇن،ــ دەپ ئىككى قىزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىـرىـنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئۇلارغا:

ــ خوجايىنىڭلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭلار،ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

يىگىت باشتا خارلانغان بولسا ئەمدىلىكتە كەنجى مەلىكە بىلەن ھەممىدىن ئەزىز، ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتۈپتۇ. يىگىت ھېلىقى سەرگەردان كۈنلەردە ئىسسىق ئورۇن بېرىپ بېشىنى سىلىغىنى ئۈچۈن ئاشپەز ئۇستىنى ئوردا ئاشپەزلىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزى يورۇپ ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. قىش ئۆتۈپ باھار كەلگەندە يىگىت:

ــ ئەمدى مەن ئاتا - ئانامنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام، پادىشاھ ئاتام رۇخسەت قىلغان بولسا،ــ دېگەنىكەن، پادىشاھمۇ:

ــ ئەمدى سەپەر قىلسا بولىدىغان كۈنلەر كەلدى. بوپتۇ شۇنداق قىلغىن. لېكىن ئۆز پادىشاھلىقىڭغا بارغاندىن كېيىن بىزنى ئۇنتۇپ قالما،ــ دەپ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن قىرىق قېچىر يۈك، قىرىق ئەسكەر ۋە مۇلازىملار بىلەن ئاق يول تىلەپ سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپتۇ. يىگىت نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئۆز يۇرتىغا بارسا، ئانىسى بالىنىڭ دەردىدە يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ، دادىسى پادىشاھلىقتىن ۋاز كېچىپ كېچە - كۈندۈز ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپ، سارغىيىپ سامانىدەك بولۇپ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. يىگىت بارغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ خۇشاللىقىدا ئانىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت يۇرتنى رەتكە سېلىپ پادىشاھلىقنى قايتا جانلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئاتىسىنىڭ ۋە دەشت - باياۋاندىكى يېڭى شەھەرنىڭ ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ پادىشاھلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭى چوڭ پادىشاھلىق تەشكىل قىلىپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئادىل پادىشاھ، دېگەن نام بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مونۇپئاخۇن
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن مونۇپ



# رىۋايەتلەر

## «بوغاز غوجامنىڭ قارغىشى»

قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «بوغاز» يېزىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

بۇرۇن بوغاز يېزىسىدا ئون نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ئولتۇراقلاشقانىكەن. شەيخلەر «غوجام» ئۈچۈن تەرەت سۈيى تەييارلايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوغاز «غوجام» هايات بولۇپ، تەييارلانغان تەرەت سۇلىرى ئازلاپ مەسچىت ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلاردا تەرەت ئالغان ئىزلار پەيدا بولۇپ قالارمىش.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە «غوجام» شەيخقە:

— بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە مۇشۇ دۇمباقنى ئۇرساڭلار مەن كېلىپ مۈشكۈلۈڭلارنى ئاسان قىلىپ بېرىمەن، — دەپ بىر دانە دۇمباقنى بېرىپ غايىپ بولۇپتۇ. بۇ گەپ يېزىغا تارقىلىپتۇ. يېزىدىكى بىر قانچە يىلەن بۇ ئىشنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ ۋە مەسچىت ئىچىگە قويۇپ قويۇلغان هېلىقى دۇمباقنى راسا ئۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن، ئالتۇن غىلاپلىق زۇلپىقار ئاسقان، قارا تۇلپارغا مىنگەن «غوجام» پەيدا بولۇپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بىراق، هېچكىم بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن «غوجام»:

— سىلەر ماڭىمۇ قىلدىڭلار، ئۆزۈڭلارغىمۇ قىلدىڭلار، بالاڭلاردىن - بالاڭلارغا يۈزۈڭلار قارا بولغاي، — دەپتۇ - دە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ...

هازىرمۇ بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ قارا بولۇشىنى بوغاز «غوجام» نىڭ قارغىشىدىن بولغان دەپ قارىشىدىكەن.

## تـوختاخۇن چامباش هەققىدە

‹1›

توختاخۇن كىچىك چېغىدا بىر چامباشقا شاگىرتلىققا كىرىپتۇ. لېكىن ئۇستازى توختاخۇنغا چامباشچىلىق ماهارەتلىرىنى ئۆگەتمەي، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر كېسەلچان بالىسىنى باقتۇرۇپتۇ. توختاخۇن بۇ ئىشتىن نارازى بولغان بولسىمۇ، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىۋېلىش نىيىتىدە ئۇستازىنىڭ كېسەلچان بالىسىغا قاراپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ،

ئايلار ئۆتۈپ بىر يىلمۇ توشۇپتۇ. ئۇستاز
توختاخۇنغا ھېچقانداق ھۈنەر ئۆگەتمەپتۇ.
توختاخۇن ئامالسىز يەنە ھەيلىقى بالىنى
بېقىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق قىلىدىغان
ئىشى بالىنىڭ چىۋىنىنى قورۇش ئىكەن.
ئۇ دەسلەپتە چىۋىنلەرنى يەلپۈگۈچ بىلەن
قوغلاپ بېقىپتۇ، پالاق بىلەن ئۆلتۈرۈپمۇ
بېقىپتۇ. بىزەڭ چىۋىنلەر كېسەلچان
بالىنى ھېچ ئارامىدا قويماپتۇ. بۇ ئىشتىن
تولىمۇ زېرىككەن توختاخۇن ئاخىرى
چىۋىنلەرنى بارمىقى بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈ-
رۈشنى ئادەت قىلىپتۇ... كۈنلەرنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن توختاخۇن ھەرقانداق تېز
ئۇچقان چىۋىننىمۇ كۆزىگە چېلىقىپلا
قالسا تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان بوپتۇ. كۈنلەر
ئەنە شۇ تەقلىدتە ئۆتۈپ ئۈچ يىلمۇ
توشۇپتۇ. بىراق ئۇستازى توختاخۇنغا چام-
باشلىق ماھارىتىدىن بىر تۈرىنىمۇ ئۆگەت-
مەپتۇ. تاقىتى-تاق بولغان توختاخۇن
ئۇستازىدىن ھۈنەر ئۆگىنىش قويۇشنى
سوراپتۇ. ئۇستاز تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلى-
كىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولغان
توختاخۇن ئۈچ يىل ئۆمرىنىڭ بىكارغا
ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىنتايىن پۇشايمان
يەپتۇ ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،
ئۇستازىغا ئېيتىپ قويمايلا ئۆيىگە قاراپ
يول ئاپتۇ. ئەسلىدە، ئۇستازى توختاخۇن-
نىڭ ئىرادىسىنى سىنىماق ئۈچۈن ئەتەي
شۇنداق قىلغانىكەن ھەم ئۇنىڭ چىۋىن
تۇتۇش ئارقىلىق كاتتا بىر ماھارەتنى
يېتىلدۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ يوشۇرۇن كۆزىتىپ
يۈرگەن ئىكەن. توختاخۇن ئۇستازىنىڭ
ئۆيىدىن ئانچە يىراقلاشماستىنلا، ئۇستازى
ئۇنىڭ كەينىدىن 6 نەپەر شاگىرتىنى
ئەۋەتىپتۇ ۋە ئۇلارغا توختاخۇنغا يېقىن
بارماي يىراقتىنلا تاش ئېتىپ «جايىلا-
ۋېتىش» نى تاپشۇرۇپتۇ. شاگىرتلار مەھەل-
لىنىڭ سىرتىغا چىقىپلا توختاخۇننىڭ قارى-
سىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنىڭغا تاش ياغدۇ-
رۇپتۇ. توختاخۇن چاققانلىق بىلەن ئۆزىگە
ئېتىلغان تاشلارنى خۇددى چىۋىننى تۇت-
قاندەك بىر-بىرلەپ تۇتۇپ ئېلىپ ئالدىغا
تاشلاۋېرىپتۇ، لېكىن ئۆزىگە بىر تالمۇ
تاش تەگكۈزمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاگىرتلار
توختاخۇننىڭ كەينىگە يېتىپ ئۆزلىرىگە
قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇس-
تازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ قېچىپتۇ. توختاخۇن
ئۇستازىنىڭ ئۆزىنى جازالاشقا ئادەم ئەۋەت-
كەنلىكىنى بىلىپ شۇ ھامان قاتتىق غەزەپ-
لىنىپتۇ-دە، شاگىرتلارغا قايتۇرۇپ تاش
ئېتىپ، ئۇلارنى قوغلاپ ئۇستازىنىڭ ھوي-
لىسىغىچە كەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇستازى كۈلۈم-
سىرىگەن پېتى توختاخۇننىڭ ئالدىغا
چىقىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق
قىلغانلىقىنى، توختاخۇننىڭ ئالاھىدە
بىر خىل ھۈنەرنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئۇسۇل بىلەن
ئۇنى سىناپ كۆرگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ
سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن
توختاخۇنغا ئۇستازى رەسمىي ھۈنەر ئۆگى-
تىشكە باشلىغانىكەن.

## توختاخۇن چامباش ھەققىدە

(2)

توختاخۇن چامباشچىلىقتا كامالەتكە
يېتىپتۇ. ئۇنىڭ داڭقى شىنجاڭنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىغا تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى
ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ تارقاپتۇ. شۇ

كۈنلەردە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدىكى
داڭلىق بىر چامباش توختاخۇننىڭ داڭقىنى
ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىناشماقچى
بوپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ شىنجاڭغا
كەپتۇ. بۇ چامباش بىرنەچچە كۈن
ھاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، توختاخۇننىڭ
ئۆيىگە بېرىپتۇ. بىراق، توختاخۇن ئۇ كۈنى
ئۆيىدە يوق ئىكەن. ھېلىقى چامباش
توختاخۇننىڭ ئايالىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ
دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە شۇنداق چاقىقانلىق
بىلەن بىر پەشۋا قويۇپ، ئايىغىنىڭ ئىزىنى
بېسىپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ ئۇنى
ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، نامۇ ـ شەرىپىنى ۋە
چۈشكەن سارايىنى توختاخۇنغا ئېيتىپ
قويۇشنى تاپىلاپ كېتىپ قاپتۇ. توختاخۇن
قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ
ۋە ئەتىسى ھېلىقى چامباش چۈشكەن
سارايىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. لېكىن ئۇ كۈنى
ھېلىقى چامباشمۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەـ
نىكەن. توختاخۇنمۇ ئۆزىنىڭ بۇ جايغا
ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېـ
تىش ئۈچۈن سارايۋەنگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ،
شۇنداق چاقىقانلىق بىلەن بىرلا تەتۈر
موللاق ئېتىپ، ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئۆتۈك
چەمىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قويۇپ، قايتىپ
كېتىپتۇ. ھېلىقى چامباش قايتىپ كېلىپ
ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماھا..
رەت سىنىششتىن ۋاز كېچىپ، ئەتىسى
جىمجىتلا يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن
ئىكەن.

## «ئىسسىقلىق چېپى ھەققىدە»

بۇرۇن بىر موماي ئۆتكەنىكەن.
ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر قىزى
بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا
مەھەللىدىكى ئۈچ يىگىت تەڭلا قىزغا ئۆيـ
لىنىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. بۇ ئۈچ يىگىت
بىر ـ بىرىدىن كېلىشكەن ۋە بىر ـ بىرىدىن
ئەقىللىق ئىكەن. موماي قىزىنى قايسى يىگىـ
تكە بېرىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي ئىنتايىن
تەڭلىكتە قاپتۇ. يىگىتلەرمۇ مومايىنى قىسـ
تاپ تۇرۇۋاپتۇ. مومايىنىڭ بىر ئېشىكى
ۋە بىر ئىتى بار ئىكەن، ئاخىرى موماي
قىزىنى ئىت، ئېشەك بىلەن بىر ئۆيگە
سولاپ قويۇپتۇ ـ دە، ئىت بىلەن ئېشەك-
نىمۇ قىزغا ئوخشاش ساھىبجامالغا ئايلان-
دۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كېچىچە تەڭرىدىن
تىلەپتۇ. موماي ئەتىسى ئىشىكنى ئېچىپ
قارىسا، ئۇنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بولۇپ،
ئۆي ئىچىدە بىر ـ بىرىدىن زادى پەرقلەنـ
دۈرگىلى بولمايدىغان ئۈچ قىز ئولتۇرغىدەك.
بۇنى كۆرگەن موماي تەلىپىنىڭ ئىجاۋەت
بولغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ قايـ
سىسى ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي
پەرىشان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قىزلارـ
نى ياتلىق قىپتۇ. موماي تويدىن كېيىن
ئۈچ قىزىغا ئاتاپ ئۈچ لىگەن ئاش ئېتىپ،
قىزلىرىدىن ئەھۋال سوراش ئۈچۈن يولغا
چىقىپتۇ. ئۇ بىر قىزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— بالىلىرىم، قانداقراق، ياخشى ئۆتتۈۋاـ
تامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ بىر لىگەن ئاشـ
نى قويغاچ.

— خېلى ياخشى كېتىپ بارىمىز، —
دەپتۇ كۈيئوغلى، — بىراق قىزلىرىنىڭ
خۇيى تۇتۇپ قالسا ئادەمنى چىشلەپ قويىدىـ
كەن، — دەپتۇ. موماي كۆڭلىدە: «ھە، بۇ

مېنىڭ ئىتىم شۇ ئىكەن» دەپتۇ. مومای بۇ ئۆيدىن خۇشلىشىپ، يەنە بىر قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئۇلاردىنمۇ ئەھۋال سوراپتۇ.

— ياخشى كېتىپ بارىمىز، — دەپتۇ كۆيئوغلى، — بىراق قىزلىرىنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغاندا، ئادەمنى تېپىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. مومای كۆڭلىدە: «ھە، بۇ مېنىڭ ئېشىكىم شۇ ئىكەن» دەپ جەزم قىپتۇ.

مومای شۇ چاغدىلا ئۈچىنچى قىزنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. مومای شۇ چاغدا ئاپارغان ئېشى «ئىسسىقلىق ئاش» دەپ ئاتاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى قىز تەرەپنىڭ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە سەھەردە ئىسسىقلىق ئاش ئېلىپ ئاپىرىشى شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## داپ قانداق پەيدا بولغان؟

قەدىمكى زاماندا قاراقۇرۇم باغرىدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى بەختلىك ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى يازدا، بۇ جايدا ناھايىتى چوڭ بىر بوغما يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپتىكى ئۇچار قانات ۋە ھايۋاناتلارنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆتكەن-كەچكەن يولۇچىلارنىمۇ ئامان قويماپتۇ. داپ ئىسىملىك بىر ئوۋچى يىگىت بۇ بالايىئاپەتنى يوقىتىشقا بەل باغلاپتۇ. ئۇ ئورمانلىققا كىرىپ، ھېلىقى چوڭ بوغما يىلاننى ئىزدەپتۇ، ئۈچ كېچە-كۈندۈزگىچە، يىلان ئۆزىنى زادىلا كۆرسەتمەپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى داپ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ. ئۇ، ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىر تال قارىغاي ياغىچىنى چەمبەر شەكلىدە ئېگىپ، بىر تەرىپىگە قوي تېرىسىنى كېرىپ قارتىپتۇ. ئاندىن داپ ئۇنى قولى بىلەن ئۇرۇپ ياڭراق ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

شۇ ئارىدا تۇيۇقسىزدىن دەرەخكە يامىشىپ تۇرغان چوڭ بوغما يىلاننىڭ ئۆزىگە ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان داپ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، شەمشىرىنى بىرلا شىلتىپ ئۇرۇپتۇ. يىلان جان ئاچچىقىدا داپقا ئېتىلىپ كېلىپ، قۇيرۇقى بىلەن داپنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. داپ دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا قولىدىكى ھېلىقى چالغۇ يەرگە چۈشۈپ داراڭلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئاۋازدىن بوغما يىلان ئۈركۈپ كەينىگە چېكىنىپتۇ.

داپ دەرھال ئەقلىنى تېپىپ، قوي تېرىسىدە كېرىلگەن چالغۇنى قوللىرى بىلەن ناھايىتى تېز ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بوغما يىلان ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈركۈپ قېچىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا داپ ئۇچقاندەك بېرىپ شەمشەر بىلەن يىلاننى قاپ بېلىدىن ئىككى پارچە قىلىپ چېپىپ تاشلاپتۇ. كىشىلەر داپنىڭ ئاپەتنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، بوغما يىلاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ «داپ» ياساپ ئۇنىڭغا «داپ» نىڭ نامىنى بەرگەنىكەن. «داپ» ئەنە شۇ چاغدا دۇنياغا كەلگەنمىش.

# ئىت بىلەن ئادەمنىڭ دوست بولۇشى

نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى، ئىتمۇ
ياۋايى هايۋان قاتارىدا ياشايدىكەن، ئىت
دائىم ئۆزىگە بىر دوست تېپىشنى ئويلايدى-
كەن. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى
بۆرىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق باتۇر ئى-
كەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست
بولماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئەنە شۇنداق
بىر قورقماس باتۇر بىلەن دوست بولۇش
ئارزۇسىدا ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بۆرىنى
تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بوپتۇ.

كەچ كىرگەندە ئىت بۆرىنىڭ ئۇۋى-
سىدا بىللە يېتىپتۇ. كېچىسى ئىت ئازراقلا
شەپە بولسا چۆچۈپ، هاۋشىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ
چاغدا بۆرى:

— هەي، ئىت ئاغىنە، كېچىدە
جىم ياتماي هاۋشىغىنىڭ نېمىسى؟ ئادەم-
لەر بىلىپ قالسا بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدى-
غۇ؟ — دەپتۇ. ئىت كۆڭلىدە «سەنمۇ قورقانچاق
بىر نېمە ئىكەنسەن» دەپ ئويلاپتۇ-دە،
تاڭ ئاتمايلا بۆرىنىڭ يېنىدىن كېتىپ قاپتۇ...

ئىت ماڭا-ماڭا بىر يەرگە كەلگەندە
يوغان بىر ئېيىققا ئۇچراپتۇ. ئىت ئۆزى-
نىڭ دوست ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتقان
ئىكەن، ئېيىقمۇ يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ يۈر-
گەندىن، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى خا-
لايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، ئىتنى ئەتراپ-
نى سەيلە-تاماشا قىلدۇرغاچ ئۆز ئۇۋىسىغا
باشلاپ بېرىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. ئىت بىلەن ئېيىق
بىرگە تۈنەپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئىت
يەنە ئادىتى بويىچە ئازراق شەپىگىمۇ هاۋ-
شىپتۇ. ئېيىقمۇ بۆرىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭغا
نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئىت ئىچىدە: «بۇ-
نىڭ بەستى يوغان، ھەيۋەتلىك بولغىنى
بىلەن بۇمۇ بىر قورقۇنچاق نېمىكەن» دەپ
ئويلاپتۇ-دە، ئېيىقنىڭ يېنىدىنمۇ ئايرىلىپ،
يەنە يولغا چۈشۈپتۇ...

ئىت بىر كۈنلىرى يولۋاسقا يولۇقۇپ-
تۇ. ئىت يولۋاسقا ئەگىشىپ تاغ-ئورماننى
بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئىت كۆرۈپ-
تۇكى، تاغ-ئورماندا ياشاۋاتقان هايۋانلار-
نىڭ ھەممىسى يولۋاسنى كۆرۈشى هامان
تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كۆزدىن غايىپ
بولۇۋاتقۇدەك. يولۋاسنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭ-
داشسىز باتۇر ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان
ئىت ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماقچى بوپتۇ.
كەچ كىرگەندە ئىت يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا
بېرىپ يېتىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا، ئىت
ئەتراپتىن ئاڭلانغان شەپە-تىۋىشنى ئاڭلاپ
قېلىپ يەنە هاۋشۇشقا باشلاپتۇ. يولۋاس
بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئىت ئاداش، يېنىڭدا مەندەك
بىر پادىشاھ تۇرسا، ئانچە-مۇنچە
شەپىدىن چۆچۈپ نېمانچە ۋارقىرايسەن؟
كېچىلەردە مۇنداق كەلسە-كەلمەس هاۋ-
شۇپ يۈرسەڭ، بىزنى پايلاپ يۈرگەن ئوۋ-
چىلار ياتقان يېرىمىزدىلا بىزنى ئوجۇقتۇ-
رۇپ تاشلىمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇ ئەڭ باتۇر جانىۋار دەپ ھېساب-
لىغان يولۋاسنىمۇ قورقىدىغان ئادەم دېگەن
مەخلۇقنىڭ دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئىكەن-
لىكىنى بىلگەن ئىت يولۋاستىنمۇ كۆڭلى
سوۋۇپ ئادەمنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ... ئىت
ئاخىرى ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان بىر ئادەمنى
ئۇچرىتىپ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنىڭ-
غا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئادەم ئۇنىڭ باش-
كۆزىنى سىلاشتۇرۇپ، هويلىسىدىكى مال

قوتىنىنىڭ يېنىدىن بىر جاي راسلاپ، ئال-
دىغا سۆڭەك ۋە نان پارچىلىرىنى قويۇپ
مېھمان قىپتۇ. ئىت قورسىقىنى تويغۇزۇپ
بەخۇدۇك ئۇخلاپ قاپتۇ...

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا، ھويلا ئەترا-
پىدىكى شىپىر - شىپىر قىلغان ئاۋازنى
سەزگەن ئىت بىردىن قاتتىق قاۋاپ كېتىپتۇ.
ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىدىن چۆچۈپ ئويغانغان
ئادەم قولىغا توقماق كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋار-
قىراپ باشقىلارنىمۇ ئويغىتىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ئۇلار يېقىنلاپ قالغان بالا-قازادىن
ئامان قاپتۇ. ئاندىن ئىتنىڭ باش- كۆزىنى
سىلاپ، ئۇنىڭغا يەنە ئازراق ئاش-نان
بېرىپتۇ ۋە:

— يارايسەن جانىۋار، مەنمۇ ئۇزۇن-
دىن بېرى ساڭا ئوخشاش بىرەر قاراۋۇلغا
موھتاج ئىدىم. كېچىسى خالىغانچە ھاۋشىغىن.
مەن ھەرگىز خاپا بولمايمەن. سېنىڭ
بىلەن ئۆمۈرۋايەت دوست بولىمەن، — دەپ-
تۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر ئىتنى كۆن-
دۈرۈشكە باشلىغان ئىكەن.

## تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا رىۋايىتى

قەدىمكى زاماندا جىمسارنىڭ شەرقىي
جەنۇبىدىكى مەھەللىدە بىر باي بار ئىكەن.
باينىڭ قويلىرىنى 12-13 ياشلاردىكى بىر
تازچاق يېتىم بالا باقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ
بىرىدە توساتتىن باينىڭ بىرقانچە قويى
يوقاپ كېتىپتۇ. پادىچى بالا كەچكىچە ئىز-
دەپمۇ يوقالغان قويلارنى ھېچيەردىن تا-
پالماپتۇ. بىچارە قويچى يىغلاپ يۈرۈپ
قويلارنى بىر كېچە-كۈندۈز ئىزدىگەن بول-
سىمۇ تاپالماپتۇ. قويچى دەرمانسىزلىنىپ
ھالىدىن كېتەي دەپ قاپتۇ. شۇ چاغدا
قويچىغا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپ-
تۇ. قويچى بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي:

— بالام، بۇ جاڭگالدا كەچ كىرگەندە
يالغۇز يۈرىسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قويچى
بالا بولغان ئىشنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بوۋاي بالىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن
سىلاپتۇ ۋە:

— يىغلىما بالام، قويلىرىڭ ئۇڭ
يانىدىكى دۆڭنىڭ كەينىدە ئوتلاپ يۈرۈپتۇ.
سەن دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ قويلىرىڭنى
تېپىپ غەمدىن قۇتۇلغىن، — دەپلا كۆزدىن
غايىپ بوپتۇ. پادىچى بېشىنى سىلاپ كۆر-
سە بېشىغا قويۇق چاچ ئۈنۈپ چىققانمىش.
بۇنىڭدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولغان
پادىچى بالا بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە
دۆڭنىڭ كەينىدىكى قويلىرىنى تېپىپتۇ ۋە
ئۇلارنى ھەيدەپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ. پادى-
چىنىڭ قويلارنى ساق- سالامەت تېپىپ
كەلگەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ بېشى ساقىيىپ،
قويۇق قارا چاچ ئۈنۈپ، ئاجايىپ چىراي-
لىق بالىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن
باي تولىمۇ ھەيران بوپتۇ. ئاق كۆڭۈل
پادىچى قويلارنى تېپىپ كېلىش جەريانىدا
بولغان ئىشلارنى بايغا بىرمۇ بىر سۆزلەپتۇ.

ئەتىسى باي پادىچىغا يول باشلىتىپ
بوۋاينى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. قويچى باينى
ئەگەشتۈرۈپ ئاۋۋالقى كۈنى بوۋاي بىلەن ئۇچ-
راشقان جايغا كېلىپ ئەتراپنى ئىزدەشتۈرۈپ-
تۇ. لېكىن بوۋاينى تاپالماپتۇ. ئاخىرى باي
بىلەن پادىچى ئېگىز بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈس-
تىگە چىقىپ قاراپ، شەرق تەرەپتە يوغان

بىر ئۆڭكۈرنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بېرىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى ئاق ساقاللىق بوۋاي تاشقا ئايلانغان ھالەتتە تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ كىنىدىكىدىن سۈزۈك سۇ فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدىكى ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلارنى ياشارتىپ تۇرغۇدەك. ئۇزۇن ئۆتمەي باي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. باينىڭ مال-مۈلكى پادىچى بالىغا قاپتۇ. پادىچى بالا ئۇ مال-مۈلۈكلەرنى كەمبەغەل يۇرتداشلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۇلار ھېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ يانلىرىغا نۇرغۇنلىغان غارلارنى قېزىپ، ئاق ساقاللىق بوۋايغا تەقلىد قىلىپ ھەرخىل ھەيكەللەرنى ياسىشىپتۇ. كېيىنچە مۇنداق غارلار مىڭغا يېتىپتۇ. ھازىر كىشىلەر بۇ جاينى «چيەن پۇدۇڭ» ① دەپ ئاتىشىدىكەن.

## تاماكا توغرىسىدا

بۇرۇنقى زاماندا، بىر يۇرت ئاقساقىلىنىڭ بەدىنىگە بىرخىل تەمرەتكە چىقىپ، ھەرقانچە داۋالىسىمۇ زادىلا ساقايماپتۇ. بەلكى كۈندىن-كۈنگە يامانلاشقا باشلاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە بىر ئۇستا تېۋىپ بۇ يۇرتقا كېلىپ قاپتۇ. تېۋىپ ئاقساقالنىڭ بەدىنىدىكى چاقىنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ: «پالانى يەردىكى دۆڭنىڭ كەينىدە بىرخىل ياۋا ئۆسۈملۈك بار، سىلەر شۇنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى سىقىپ تەمرەتكىگە سۈرسەڭلار چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ». ئاقساقال تېۋىپ ئېيتقان ئۆسۈملۈكتىن ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭ سۈيىنى تەمرەتكىگە ئۈچ قېتىم تېمىتقان ئىكەن، تەمرەتكىنىڭ سۈيى قۇرۇشۇپ پاتىرىدىلا ساقىيىپ كېتىپتۇ. مۇلازىملار ئۈچ قېتىم ھېلىقى دۆڭلۈككە بېرىپ كېلىش جەريانىدا ئەپكەلگەن چۆپتىن ئېشىپ قالغىنىنى ئۆگزىسىگە تاشلاپ قويغان ئىكەن، شامالدا ئۇ چۆپنىڭ پىشىپ قالغان ئۇرۇقلىرى ھويلىدىكى گۈل تېرىيدىغان چۆنەككە چۈشۈپ قاپتۇ. كېلەر يىلى گۈللۈكتە بىرمۇنچە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ياۋا ئۆسۈملۈكلەرمۇ يازغىچە گۈل ئارىسىدا بىرگە ئۆسۈپتۇ. بۇنى بايقاپ قالغان ئۆي ئىگىسى بۇ ياۋا ئۆسۈملۈكنى گۈللۈكتىن يۇلۇپ ئېلىپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپتۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇپ قالغان ھېلىقى ياۋا ئۆسۈملۈكنى ئوچاققا قالاپتۇ. بۇنىڭ پۇرىقى ھويلىغىمۇ تاراپتۇ. شۇ ئەسنادا ھويلىدا يۈرگەن ئوغلاق ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۈمشۇقىنى ھېلىقى ياۋا ئۆسۈملۈكتىن چىقىۋاتقان ئىسقا تۇتۇپ تۇرغۇدەك. ئۆي ئىگىسى ئوغلاقنى ھەيدەپ تاشقىرىغا چىقىرىدۇەتسە، سەل ئۆتۈپ ئوغلاق يەنە ئۆيگە كىرىپ تۈمشۇقىنى ئوچاقتىن چىققان ئىسقا تۇتۇپ تۇرغۇدەك. بۇ ئىش بىرنەچچە رەت تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ، بىر پارچە كېسەكنى ئويۇپ ئۇنىڭغا ھېلىقى ياۋا ئۆسۈملۈكنىڭ قالدۇقلىرىنى سېلىپ،

① «چيەن پۇدۇڭ» خەنزۇچە «千佛洞» (مىڭ ھەيكەل قويۇلغان غار) نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ئۇستىگە چوغ قويۇپ ئىس چىقىرىپ ئۇنى پۇراپ كۆرۈپتۇ. ئىچىگە تارتىپ سۇمۇرۇپ كۆرۈپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئىس ئۇنىڭ تېنىنى ئاز-تولا ھوزۇرلاندۇرۇپ، بېشىنى ئايلاندۇرۇپ خۇش كەيىپ قىلغاندەك سېزىلىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئاستا-ئاستا بۇ ئىشقا كۆنۈكۈپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ ھېلىقى دۆڭلۈككە بېرىپ ھېلىقى ئۆسۈملۈكتىن ئەپكېلىپ قورۇتۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ھويلىسىغا، كېيىنچە ئېتىزلىرىغىمۇ تېرىپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قىلىقى باشقىلارغىمۇ قىزىق تۇيۇلۇپ ئۇلارمۇ ئۇنى ئۆگىنىپتۇ. ئەنە شۇ زاماندىن باشلاپ كىشىلەر تاماكا چېكىشنى ئۆگەنگەن ئىكەن.

## «توقسۇن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە (1)

نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا قاتتىق يېغىلسىقلار بولۇپ، ئەل-يۇرت خاراب بولۇشقا يۈزلىنىپتۇ. بىر قىسىم كىشىلەر جان ساقلاش ئۈچۈن ئىدىقۇت پادىشاھلىقى تەۋەلىكىدىن پاناھلىق ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار، بىر قانچە ۋاقىت يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئايغىر بۇلاق تېغىدىن ئۆتۈپ، قۇمۇشلار، باراقسان ئۆسكەن بىر يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن يولۇچىلار مۇشۇ جايدا بىر ئاز توختاپ، ئات-ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ ئاندىن يەنە سەپىرىنى داۋام قىلماق بوپتۇ. لېكىن قۇمۇشلۇقتىكى سۇ ئاچچىق بولغاچقا ئىچىشكە مۇمكىن بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇ ئىزدەپ ئاخىرى قۇمۇشلۇقنىڭ چېتىدىكى كىچىك تۆپىلىكنىڭ يانباغرىدىن سۈيى سۈزۈك بىر بۇلاقنى تېپىپتۇ. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا يوغان-يوغان قوغۇنلارنىڭ مەي باغلاپ پىشقانلىقىنى ھەم بۇلاق ئەتراپىدا بىرنەچچە توپ قوناقنىڭمۇ پىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ كۆرسە، سۇ تاتلىق ئىكەن. ئەسلىدە بۇ بۇلاق ئۆتكەن-كەچكەنلەر دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي بولۇپ، قوغۇنلار شۇ ئۆتكۈنچى يولۇچىلار يېگەن قوغۇننىڭ ئۇرۇقىدىن، قوناقلار ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ئات-ئۇلاغلىرى يېگەن قوناقتىن چېچىلغان دانلاردىن ئۈنۈپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ جايغا يۆتكىلىپ كەپتۇ ۋە ئەتراپنى كۆزىتىپ كۆرۈپ بېنەم ئېچىشقا كىرىشىپتۇ... بىرىنچى يىلىلا يېتەرلىك ئوزۇق، ئۇرۇقلۇق ۋە يەم-بوغۇزغا ئىگە بوپتۇ. كېلەر يىلى بۇلار يەنىمۇ كۆپرەك يەر ئېچىپ ئۇرۇق چېچىپتۇ. بىراق، يەر كۆلىمى كېڭەيگەنسېرى سۇ قىيىنچىلىقى بىر ئېغىر مەسىلە بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار سۇ ئىزدەپ يۈرۈپ تۇرپان تەرەپكە سوزۇلغان ئېدىرلىقنىڭ تۇمشۇقىدا (ھازىرقى توقسۇننىڭ چوڭ ياغ دەپ ئاتىلىدىغان جايى ئەتراپىدا) چوڭ بىر ئېقىن سۇنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئېقىن سۇنىڭ ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلغان يەردىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. كۆپچىلىك بىر مەزگىل كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ، سۇنى يېڭى چاپقان ئېرىق بىلەن باشلاپ كېلىپ زىرائەتلىرىنى قانغۇچە سۇغىرىپتۇ. بىراق، ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا سۇنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. بۇ ئىشنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئىككى كىشى بېرىپتۇ. قارىسا ئۇلار چاپقان ئېرىقنىڭ ئېغىزى

شاخ ـ شۇمبا، توپا بىلەن ھەم ئېتىۋېتىلگەن ئىكەن. ئۇلار ئېچىقىنى باشقىدىن ئېچىپ سۇنى باشلاپ كېتىپتۇ...

ئەسلىدە بۇ سۇدىن تۇرپان تەۋەلىكىدىكى يەمشىلىكلەر زىرائەتلىرىنى سۇغىرىشتا پايدىلىنىپ كەلگەن ئىكەن.

باشقا يۇرتتىن كەلگەن بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بۇ ئىشلىرىغا غەزەپلەنگەن يەمشىلىكلەر دەرھال يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئېچىق ئاچقان ئادەملەرنى تۇتۇپ، ئىدىقۇت پادشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

ئىدىقۇت پادىشاھى بۇ تۇتۇپ كېلىنگەنلەرنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نېمە گۇناھ بىلەن بۇ يەرگە كەلتۇرۇلگەنلىكىنى تەپسىلىي سوراشتۇرۇپتۇ. تۇتۇپ كېلىنگەنلەر پادىشاھقا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىرمۇ بىر ئەينەن سۆزلەپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئىدىقۇت پادىشاھىدىن ئۆزلىرىگە پاناھلىق بېرىشنى تىلەپتۇ. ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شۇ زامانىدىكى پادىشاھى ئادىللىق بىلەن داڭق چىقارغان ئىكەن. ئۇ شۇنداق پەرمان جاكارلاپتۇ: «مېنىڭ زامانەمدە ھەرقانداق پۇقرا باراۋەر، تىنىچ ـ ئامان، ئاسايىشلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەي، بۇ كىشىلەر يىراق يۇرتتىن تەۋەلىكىمىزگە پاناھلىق ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار بىزگە ئېغىرچىلىق سالماي، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار يەر ئاچقان بىنەم يەرلەرمۇ بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزدىكى زېمىن، شۇڭا ئۇلارغا ئازراق سۇ بۆلۈپ بېرىلسۇن. پايتەخت تەرەپلەردە ماكانلاشسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇلار شۇ يەرگە ماكانلاشقان بولسا، شۇ يەردىلا توختىسۇن» دەپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە شۇ جايدا داۋاملىق تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىنچە ئۇ بىنامىلىق كېڭەيتىلىپ كاتتا يۇرتقا ئايلىنىپتۇ. يۇرتنىڭ نامىمۇ پادىشاھ ئېيتقان سۆز بويىچە «توختىسۇن» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە «ت» ھەرىپى چۈشۈپ قېلىپ «توخسۇن» بولۇپ قالغانىكەن.

## «توقسۇن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

(2)

ئىدىقۇت خانلىقى ئۆز ئىلكىدىكى زېمىنلارنى تەكشۈرۈپ پايتەخت بىلەن بولغان ئارىلىقىنى ئۆلچەپ چىققان ئىكەن، شۇ چاغدا توقسۇن بىلەن تۇرپاننىڭ ئارلىقى توققۇز ئون (يەنى توقسەن) چاقىرىم كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرق بىلەن جەنۇب ئۇتتۇرىسىدىكى بۇ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى «توققۇز ئون» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «توقسۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانىكەن.

## «چىقتىم» ① ھەققىدە

قەدىمكى زاماندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە بىر خاقان ئۆتكەن ئىكەن. خاقاننىڭ ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىلمايدىغان بىر خاسىيەتلىك ئالتۇن ھېجرىسى

① چىقتىم — يەر نامى. پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا. تۇرپان بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسى شۇيېزىنىڭ شەرقىي پاسىلىدا ئايرىلىدۇ. پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىسىل قاچا بولسىمۇ ئىشلەتمەيدىكەن.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە خاقان ئۆز يېقىنلىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ.

بىرنەچچە كۈنلۈك شىكار قىلغاندىن كېيىن خاقاننىڭ ئۇۋدىن قايتىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپتۇ. بىر كۈنى خاقان خاس نۆكەردىن ئىككى-ئۈچىنى ئەگەشتۇرۇپ جىلغا ئىچىدىكى سۇغا بېرىپ يېشىنىپ چۆمۈلۈپتۇ.

خاقان سۇدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بىردىنلا ئۆز يېنىدىن ئايرىمايدىغان خاسيەتلىك ئالتۇن ھېجىرىنىڭ يوقالغانلىقىنى سېزىپتۇ. خاقان نۆكەرلىرى بىلەن بىللە ھەرقانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ ئالتۇن ھېجىر تېپىلماپتۇ. ئاخىرى خاقان ئۇردىغا يېنىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

خاقان ئۇردىغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن خاقانغا ھەمراھ بولۇپ سۇ بويىغا بارغان ئۈچ نۆكەر بىرلىشىپ، خاقان سۇغا چۆمۈلگەن يەرگە قايتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئىزدە-ئىزدە خاقان سۇغا چۆمۈلگەن ئېقىن بويلاپ مېڭىپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار ئېقىن بويلاپ سايغا چىقىپتۇ. ئېقىن ئىزى بارا-بارا كېڭىيىپ، سۇ بارغانچە ئازلاپ بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كەڭرى كەتكەن تۈزلەڭلىكنى شىمال ۋە جەنۇبقا ئايرىپ تۇرغان - غەربتىن - شەرققە سوزۇلغان ئېدىرلىققا يەتكەندە سۇ پۈتۈنلەي يەرگە سىڭىپ كېتىپ، ئېقىن ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. نۆكەرلەرمۇ ئۇسساپ ھالىدىن كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلارغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر تۆپىلىكنىڭ باغرىدا پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. نۆكەرلەر يېقىن بېرىپ قارىسا بۇ يەردە كىچىككىنە بىر بۇلاق تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا خاقاننىڭ ھېلىقى خاسيەتلىك ئالتۇن ھېجىرىسى لەيلەپ تۇرغۇدەكمىش. نۆكەرلەر تەڭلا «چىقتى! چىقتى!» دېيىشىپ خۇشاللىقىدا بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ، سەكرىشىپ كېتىپتۇ...

خاقان ئالتۇن ھېجىرىنىڭ تېپىلغانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ئۈچ نۆكىرىدىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنى خاقاندىن نېمە تەلىپى بارلىقىنى سوراپتۇ. ئۈچ نۆكەر بىردەك ھېلىقى ئالتۇن ھېجىر چىققان بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا بىر تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. خاقان ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. ئۈچ نۆكەر ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ، ھېلىقى ئالتۇن ھېجىر چىققان بۇلاق ئەتراپىدىن بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر كۆپىيىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئېدىرلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كاتتا بىر يۇرت پەيدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئىسمى «چىقتى» دەپ ئاتىلىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «چىقتى» سۆزى تەلەپپۇز قىلىشقا ئاسانلاشتۇرۇلۇپ «چىقتىم» غا ئۆزگەرگەن ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: مۇھەممەت باست، مەمەت ئەۋەيدۇل، ئابلەق ئابدىرېھىم، سەدىللا تاھىر، ئېيتىپ رېقىپ.

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل تۆمۈرى.



## بېيىتلار

باغدىكى زىلۋا تېرەكتەك بويلىرىڭنىڭ تۈزلىكى،
تالدا قىزارغان ئۈزۈمدەك لەۋلىرىڭنىڭ سۈزۈكى،
تالدا پىشقان شۇ ئۈزۈمنىڭ مىڭ تۈمەنلىك سۈيى بار،
مەن يېتىم بىچارىنىڭ سەندىن ئۆزگە كىمى بار؟
تال سۇنۇپ تالغا يېتىشتى، تال ئېگىلگەندىن بىراق،
سىزگە مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشتى، ئۆيىمىز ئاندىن يىراق.
ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن،
باشتا ۋەسلىگە يېتىپ، ئاخىر پىراقى بولمىسۇن.

*　　　　*

ئاققىنە قۇشقاچ بولۇپ، تالدەك بويۇڭغا قونمۇدۇم،
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ، بىر سۆيۈپمۇ قويمۇدۇم.
ئىشىكىڭگە گۈل تېرىدىم، بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم،
بىۋاپا ئەمەسقۇ دەپ، ئەقدەمنى بۇزمىدىم.

*　　　　*

زەيتۇنە گۈل پۆپىكى زەيگە باسقان گۈلچە بار،
ياخشىنىڭ قىلغان قىلىقى ئىندىگەن قۇرغۇيچە بار.
قۇرغۇيۇم قۇرغۇي بولامدۇ، كىم بىلەن تەرك ئەيلىدى،
مەن بىلەن ھەمدەم بولۇپ، مەندىن جۇدا تەرك ئەيلىدى.
ئاھ، خېنىم، تەرك ئەيلىمەك زەنجىر بېغى ئىلكىمدەدۇر،
باشتا بىز ئاشنا ئىدۇققۇ، ئەمدى مەيلىڭ كىمدەدۇر؟

*　　　　*

قاتار ـ قاتار غاز كېلىدۇ چىمەنگە يېتىپ،
مەن يارىمغا چاي تۇتتۇم ئەرزىمنى ئېيتىپ.

ئېچمىسمۇ ئېچكۈزىمەن قەنت ـ ناۋات قېتىپ،
كۆيمىسمۇ كۆيدۈرىمەن جېنىمنى سېتىپ.

* *

سۆيمەنۇ ـ سۆيىمەن، ئىشق دەردى بەك يامان،
ئىشق ئۇتى جانغا چۈشسە، دوزاخ ئۇتىدىن يامان.
ئىشق ئۇتى شۇنچىدۇر، دوزاخ ئۇتىمۇ شۇنچىدۇر،
ئىشق ئۇتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئۇتى ئۇچقۇنچىدۇر.
دوزاخ ئۇتى توڭغا چۈشسە، توڭغا يامىشىپ ئۆچەر،
يارنىڭ ئۇتى جانغا چۈشسە، تا قىيامەتتە ئۆچەر.
قىيامەتتە ئۆچسە ئۆچتى روزى ئازنى كۈنىدە،
ئىككىمىزنىڭ تامايى بار چۈن بېهىشنىڭ گۈلىدە.

* *

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر غۇنچە بويلۇق بىر خېنىم،
ئاغزىدىن شېكەر تامادۇر، شېكىرى تاتلىق خېنىم.
هويلىسىغا گۈل تېرىپتۇ بىر گۈلىنى ئۈزمىدىم،
ئەقلى بولسا بىر كېلەر دەپ ئۈمىدىمنى ئۈزمىندىم.

* *

ئاق سارايغا ۋاسا سالدىم، سانىمىدىم جۈپمۇ ـ تاق،
ئاق سارايدىن يار چىقادۇر، مەڭزى قىزىل، ئۆزى ئاق.
مەڭزى قىزىل، ئۆزى ئاقىقا ئاشىنا بولسا كىشى،
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك قولىغا قونسا كىشى.

* *

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى،
ئايدا ـ ئايدا بىر كېلۇرمەن ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.
ئاي يۈزىڭنىڭ شولىسى چۈشتى پىيالە ـ چىنىگە،
ئۆرگۈلۈپ بىر قارىمايسەن مەن غېرىپ بىچارىگە.

* *

ئاق دادام، ئاپئاق دادام، قەشقەرغە بارغۇم كېلىدۇ،
ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا تاماكا تارتقۇم كېلىدۇ.
ئاق سارايىنىڭ قىزلىرى لاچىنمىكەن، قۇرغۇيمىكىن،
قولدا ئالتۇن ئۈزۈك، ئاشنالىرى زەگەرمىكىن.

*　　　　*

كۆككىنە بوستان ئىچىدە ئاھ ئۇرارمەن يارى يوق،
يار سېنىڭ ھىجران ئوتۇڭدا سارغىيارمەن چارە يوق.
يوللىرىڭغا ئىنتىزارمەن، كۆزلىرىمنىڭ ھالى يوق،
يەتمىسەڭ ھالىمغا سەن مۇڭ تۆكۈشنىڭ ئورنى يوق.

*　　　　*

مەلىگە كەلگەن يىگىتنىڭ تونى بار، نىمچەسى يوق،
چېكىسىگە گۆل قىسىپتۇ، بەرگى بار غۇنچەسى يوق.
بەرگىسىنى قىسقۇچە، غۇنچەنى قىسقان ياخشىراق،
بىۋاپا يار تۇتقۇچە يارسىز ئۆتكەن ياخشىراق.

*　　　　*

ئاق تىكەندىن شېكەر ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلىگۆل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۆل.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتۆپ،
قىلدىم بوسۇغاڭنى مازار.
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا،
قىلما مېنى كۆپ ئىنتىزار.

تام تۆپىسىدە بىر بۇغداي،
ئۇنى يېگەن كۆك تورغاي.
ئۇزۇن بويلۇق شول يارغا،
پوتا سالدىم گۆل بولغاي.

كىچىككىنە چىنەمسىز،
تۇتماي تۇرۇپ سىنامسىز؟
شۇنچە يىل بىللە يۈرۈپ،
ئايرىلىشقا چىدامسىز؟

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا قالغان ئەمەسمۇ؟
بىز ئىككىمىز دوست بولۇپ،
داغدا قالغان ئەمەسمۇ؟

كېچە ياتتىم غەم بىلەن،
كۆزلىرىدىم ياش ـ نەم بىلەن.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز،
مېھرىبان يار سەن بىلەن.

ئاسماندىكى ئاي بولدۇم،
دەريادىكى لاي بولدۇم.
سەن چىرايلىق يارىمنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

ئاي مەسەللىك يارىمسەن،
كۈن مەسەللىك يارىمسەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
ساق ـ سالامەت بارمۇسەن.

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
باشقۇردۇم يۈگەن بىلەن.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

جان لەپەستىن چىقمىدى،
قۇشقاچ قەپەستىن چىقمىدى.
سەن يارىمنىڭ سۆيگىنى،
ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقمىدى.

مېنىڭ يارىم يىراقتا،
مەن كۆيىمەن پىراقتا.
كۆزلىرىڭنى ئوخشاتتىم،
تۈندە يانغان چىراغقا.

سارغايمىغىن ئۆلگىچە،
ئامان بولغىن كۆرگىچە.
يېنىمغا بىر كەلسەڭچۇ،
بوينۇڭ قىسىپ يۈرگىچە.

تاغدا ئۆسكەن لەيلىمەن،
باغدا ئۆسكەن لەيلىمەن.
بىر قوچاقلاپ يارىمنى،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمەن.

خۇيلۇقۇم، خۇش خۇيلۇقۇم،
ئۇيقۇمنى ۋەيران قىلمىغىن.
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى،
چاي تۇتساممۇ ئىچمەيلا،
ئەجەب ئىكەن خۇيلىرى.

## ئىشقىڭدا ئادا بولدۇم

نەچچە كۈن بولدى، ئەي يارىم،
ئىشقىڭدە گادا بولدۇم.
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ھەريان،
گىرىپتارى بالا بولدۇم.

مۇيەسسەر بولمىدى ۋەسلىڭ،
ماڭا، ئەي نازىنىن يارىم.
تىلەپ مەن شەمئى ۋەسلىڭنى،
كۆيۈپ ئوتتا ئادا بولدۇم.

سېنىڭ كويۇڭدا، ئەي يارىم،
نەچە ۋەيرانە بولدۇممەن.
كېزەرمەن چۆل - باياۋاننى،
ئاجايىپ بىناۋا بولدۇم.

## دىلبىرىم

بىر كىچىك دىلبەر كۆرۈندى،
قامىتى نازۇككىنە.
لەۋلىرى غۇنچە مەسەللىك،
قىزىل يۈز ئەڭلىككىنە.

غۇنچە بويلۇقتۇر ئۆزى،
شېرىن شېكەردۇر ھەم سۆزى.
بېقىشى جاندىن ئۆتەر،
كۆزى گۆھەردەككىنە.

نا ئۈمىد بولماس كىشى،
كۆرسە ئۇنىڭ جامالىنى.
ھەر تەرەپكە جىلۋە قىلسا،
ئېغىزلىرى كىچىككىنە.

## نازىنىن

ياد ئەيلىدىم دائىم سېنى،
ھەر كۈندە چەندان نازىنىن.
ھەرگىز سېغىنمىدىڭ مېنى،
شېرىن زۇبانىم نازىنىن.

ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى،
ئاز قالدى ھالىم ئۆلگىلى.

شېرىن لېۋىڭگە سۆيگىلى،
يوقتۇر ئامالىم نازىنىن.

گۈلدەك يۈزۈڭگە زارمەن.
تاڭ ئاتقۇچە بىدارمەن.
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن،
ئاھۇ - پىغانىم نازىنىن.

## ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم،
دەردىڭدە سارغايدى يۈزۈم.
غەم قايغۇغا پاتتىم ئۆزۈم،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.

دەريا بولۇپ ئاقتى يېشىم،
ھالىم سوراشقا يوق كىشىم.
دەردىڭدە ئايلاندى بېشىم،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.

دىۋانە بولدۇم مەن ساڭا،
رەھمى ئەيلىمەيسەن سەن ماڭا.
جانىمنى ئالدىڭ بىۋاپا،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.

ۋەسلىڭ ئۈچۈن بولدۇم كاۋاپ،
كەلدىم قېشىڭغا ئالدىراپ.
ئىشقى ئوتۇڭدا مەن كاۋاپ،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.

قەلبىمدە ئوتلۇق ئىشتىياق،
كۆيدۈردى باغرىمنى پىراق.
كۆندە بېرىشقا يول يىراق،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.

## قوشاقلار

دۈگمۈ - دۈك قويىنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا مەن راۋاب.
قايسى چۆللەردە يۈرىسىز،
مەگزى قىزىل، باغرى كاۋاپ؟

قارا سالۋانى① كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى؟
بىۋاپا يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى؟

بۇ راۋاب شۇنداق راۋاب،
پەي تارىنى سالغان راۋاب.
ئادىشىم، ئاڭلاپ تۇرۇڭ،
بىر سىز ئۈچۈن چالغان راۋاب.

تاغقا چىقتىم كىيىك ئاتاي دەپ،
توختىغان پاۋان② بىلەن.
ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى بىكار،
بىۋاپا جوۋان بىلەن.

دوستىمۇ سەن، دۈشمەنمۇ سەن،
نەدىن قوشۇلدۇڭ سەن ماڭا؟
خالى بىر جايغا بېرىپ،
دەردىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
سانىساڭ ئوتتۇزغىنا.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قويدى مېنى يالغۇزغىنا.

تىكە تاغلاردىن ئۇچار،
كەپتەر پەغەزدىن ئۇچار.

① سالۋا — قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق.
② پاۋان — پالۋان، مەرگەن مەنىسىدە (خوتەن شىۋىسى).

ياش يىگىت كەلدى دېسە،
چوكانلار چالدىن① ئۇچار.

ياغلىقىڭىنىڭ كەشتىسى،
ئۆردەك بېشى، كەكلىك قېشى.
ئامرىقى ئۆزىنىڭ يارى،
كىشىنىڭ يارى كۆڭۈل خۇشى.

ئىشكتىن چىقاردى بېشىنى،
كۆرسەتتى قەلەم قېشىنى.
ئەقلى يوق باينىڭ قىزى،
تونۇمايدىكەن ئادىشىنى.

سايدا مەن يۈگۈرۈپتىمەن،
پاتتى ئاياغىمغا تىكەن.
يارغا مەن كۆيۈپتىمەن،
يار مېنى تاشلاپتىكەن.

كېرىيە دېگەن خوپ جاي ئىكەن،
ئەتراپلىرى گۈلزار ئىكەن.
تىزنى② تەڭگە قىلىپ،
خەجلەيدىغان قەشقەر ئىكەن.

چارسۇنىڭ③ ئوتتۇرىسىدا،
سەككىز ئىشىك خوپ ئېچىلۇر.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
لېۋىدىن گۈل ساچىلۇر.

*        *

يارىم بىر پوتا④ بەردى،
تايلاقنىڭ تاپانىدا.
توڭۇپ قالسام يۆگەيدۇ،
بەقەسەم چاپانىدا.

مەن كەلدىم ئۇزۇن يولدىن،
ئۆتۈك بىلەن قار كېچىپ.
سېنى ئىزدەپ يول يۈرۈپ،
شېرىن جانىمدىن كېچىپ.

ھاۋا ئايلىنىپ قاپتۇ،
ئۆگزىڭىزدە قار بارمۇ؟
ئالەمنى كېزىپ چىقتىم،
سىزدەك ياخشى يار بارمۇ؟

ئاقىنا كۆڭلەك كىيىپ،
ئاتقا مىنگەن بىلى بوش.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزى ئوينار كۆڭلى خوش.

يارنىڭ يولى يۈلغۇنلۇق،
چۆرىسى قىزىل گۈللۈق،
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
دوپپىسى چىمەنگۈللۈق.

رەڭمۇ رەڭ توننى كىيىپ،
ھاۋادا ئوينايدۇ كۆڭۈل.
ياماندىن نېرى تۇرۇپ،
ياخشىنى خالايدۇ كۆڭۈل.

يۈرىكىم پىژ - پىژ قىلادۇر،
جىگىرىم ئاندىن بەتەر.
مەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
ئىشقى ئوتى مەندىن كېتەر.

---

① چال — ئىگىزلىك، تۆپە.
② تىزا — قەغەز پۇل.
③ چارسۇ — تۆت كوچىنىڭ كېسىشكەن جايى.
④ پوتا — بەلباغ.

ساىدىن چىقتى بوغۇناق،
ئۆلتۈن مونچاق ـ ئارغىماق.
بۇ شەھىرىڭدە بارمىدۇر،
كۆڭلۈمدىكى يۇمىلاق؟

ئاق كۆرۈنگەن تاغمىدۇر؟
كۆك كۆرۈنگەن باغمىدۇر؟
مەن سۆيگەن چىرايلىقنىڭ،
كۆڭلى ماڭا بارمىدۇر؟

ئوتلىرىمنى ئاچمىسلا،
چوغلىرىمنى چاچمىسلا.
غىجىم رومال توقسان كوي،
بىزدىن مۇنداق قاچمىسلا.

ئالتۇن قەپىسىم بولسا،
بۇلبۇلنى تۇتۇپ باقسام.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
قۇچاقلاپ، سۆيۈپ ياتسام.

ئۆگزەڭدىكى قومۇشتىن،
مەن دەسسەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
جانىم قارا كۆز بىلەن،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ.

ئاتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام ياندا كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

ئاق سېگىلك① يامان بولسا،
زەنجىرىڭگە باغلاپ باق.
سەن ئۆزۈڭ ئېسىل بولساڭ،
يان ـ يېنىڭغا قاراپ باق.

قارا كۆزۈڭ ئوينا شۇر،
ساچىڭ بەلگە چىرماشۇر.
چىقماڭ يارىم تالاغا،
بەدنام سىزگە چاپلاشۇر.

ئىشىك ئالدىدا كۆۋرۈك،
ئۆتىشكى بىر قىلچە بار.
قايرىلىپ سۆيگەنلىرىڭ،
جانغا پىچاق سالغانچە بار.

ئاق كۆرپىمۇ كۆرپىكەن،
كۆك كۆرپىمۇ كۆرپىكەن.
شۇ كەمدىكى جۇۋانلار،
يىگىتلەرگە تۆھپىكەن.

سارغىيىپ ئۆڭمەس چىرايىم،
زەپىران بولغان بىلەن.
مەنمۇ ئۆلمەسمەن نىگارىم،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

ئىشىكدىن بۇلبۇل ئۆتتى،
بىلمىدىڭ، غاپىلمىدىڭ.
سەككىز ئاي ئوتۇڭدا كۆيدۇم،
بىلمىدىڭ، كاپىرمىدىڭ؟

يار بىلەن چۆللەرگە بارسام،
ئۇسسۇمايمەن چۆلدە مەن.
يارسىز كۆل ـ سۇدا ياتسام،
ئۇسسۇلۇقتا تەشنادۇرمەن.

راۋابىم شىرىقلايدۇ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن؟
بىزنى كۆيدۈرگەن سەتەڭنىڭ،
باغرىدا تاش بارمىكىن.

راۋابنى چېلىۋەردىم،
كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە.
ئون جېنىمنىڭ بىرى يوقتۇر،
بىۋاپا يار دەردىدە.

يارىم چالدۇ راۋاب،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

① سەگ — ئىت (كىيىك، جەرچەن شىۋەسى).

كېچە كەلدىم بۇ داۋانغا،
سەبدەل گۈلۈم كەلمىدى.
سەبدەل گۈلۈم كەلگىچە،
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئارىدا تام بولمىسا،
يارنى كۆرەردىم پاتمۇ پات.
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
لەيلىگۈلدەك قاتمۇ قات.

باغدىكى بوستانلارنىڭ
سايىسى يوقمۇ، خېنىم؟
سىزگە بەرگەن بۇ كۆڭۈلنىڭ،
پايدىسى يوقمۇ، خېنىم؟

بۇ چىراغنىڭ كۆيگىنىدىن،
كۆيمىگىنى ياخشىراق.
بىۋاپانىڭ سۆيگىنىدىن،
سۆيمىگىنى ياخشىراق.

## ئېچىلدى گۈلۈم

ئاچىلدى گۈلۈم،
ساچىلدى گۈلۈم.
يارنىڭ بېغىدا،
سايراڭ بۇلبۇلۇم.

ئاچىلغان بىكار،
ساچىلغان بىكار.
بىۋاپا يارغا
تەلمۈرگەن بىكار.

ئۆرگۈلدى پەلەك،
چۆرگۈلدى يۈرەك.
كىمنىڭ يارىسەن
چوكان ـ سېكىلەك؟

ئۆرگىلىپ ئوينايلى،
چۆرگىلىپ ئوينايلى.
دۈشمەن بېشىغا
دەسسەپ ئوينايلى.

يېڭى ئاي چىقىپتۇ،
سېپىلنىڭ باشىغا.
ئېتىكىم تولۇپتۇ
كۆزۈمنىڭ ياشىغا.

چارشەنبە باردۇق
چەشنىڭ تېغىغا.
قاچان بارارمىز
يارنىڭ بېغىغا.

سەككىز يېشىمدا،
دوپپام بېشىمدا.
هەر جايغا بارسام،
يارىم قېشىمدا.

تاغنىڭ باشىدا،
قارا چىپار تاش.
مېنى كۆيدۈرگەن
زالىم قارا قاش.

يارنىڭ بېغىدا
بىر جۈپ تۇمۇچۇق.
كۆردۈم شۇ يارنى
كۆڭلى بەك ئوچۇق.

## مەكتۇپ

تومۇزدا خەت يېزىپ كۆيدى پېشانەم،
ئۆزۈم ئۆلسەم، خېتىم قالسۇن نىشانەم.
ئەۋەتتىم بەندىلىك ئول مېھرىبانغا،
كۆزۈمنىڭ روشەنى، جانۇ ـ جاھانغا.
بۇ نامەمنى كۆرۈبان ياد ئەيلىسۇن،
پەرىشان خاتىرىنى شاد ئەيلىسۇن.
ئەگەر ياد ئەتمىسە ئول مېھرىبانىم،
قىيامەتتە سورار پەرۋەردىگارىم.

* *

مۇھەببەت ئېتىنى مىندىم ئېگەرلەپ،
ئۆزۈمنىڭ يارىنى سۆيدۈم چىۋەرلەپ.
ساڭا مەن مىنىڭلى دۈلدۈل بولايمۇ؟

بېغىڭغا قونغىلى بۇلبۇل بولايمۇ؟
قېنى مەندەك پىراق ئىچىدە قالغان؟
قېنى سەندەك ئىچىمگە ئوتنى سالغان؟
خىيال قىلماڭ ئاداش ۋەيران بولارسىز،
لىۋەنىڭ ئىشقىدا سەرسان بولارسىز.

سايىسىز قاقشال دەرەختىن،
چۆل باياۋان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادەمدىن،
بىلسە هايۋان ياخشىراق.

ئاق تىكەندىن شەربەت ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلىگۇل.
سەن ئۆزۈڭگە موللا بولساڭ،
مەن ئۆزەمگە تاجىگۇل.

يارى كەل، سەيشەنبە كەل،
چارشەنبە كەل، پەيشەنبە كەل.
باغۇ ئايۋاندا ياتۇرمەن،
ئالمىلىق بوستانغا كەل.

ئاه يارىم، ئاپئاق يارىم،
كاۋاپ بولۇپتۇ جىگىرىم.
چىنە تەخسىگە ئېلىپ،
تۇزلاپ يېسۇن شول يارىم.

چىنە جاناندىن چىققۇر،
كوزا خۇمداندىن چىققۇر.
بىزنى كۆيدۈرگەن سەتەڭنىڭ،
دەردى ئۆلگەندە چىققۇر.

ئەي پەلەك، چارقىڭ بۇزۇق،
كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى؟
مەيلى بارۇ، مەيلى يوققا
ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.

يار بىلەن ئىچسەم هاراق،
قۇيسام پىيالە تولمىدى.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
ئېتىبارى بولمىدى.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
بىر ئالمىنى يەمدۇ كىشى؟
شۇنچە ياخشى يار تۇرۇپ،
باشقىنى دەمدۇ كىشى؟

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغىدەك.
ئىككى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدا كېسەلگە قالغۇدەك.

دۇتارنى چېلىپ ـ چېلىپ،
تارىنى ئۈزىۋەتمەڭ.
بىز تېخى ئەۋۋەلقىدەك
ئۈمىدنى ئۈزىۋەتمەڭ.

دۇتارنى چېلىۋەرسەم،
تۈگىمەس مېنىڭ پەدەم.
ئاي ئۆتسىمۇ ئارىدىن،
ئۈزۈلمەس مېنىڭ ۋەدەم.

دۇتارىڭنى مەن چالدىم،
ئۆزدەك ئېيتقىن ناخشىنى.
ئەقلىڭ بولسا تاللىۋال،
يامان بىلەن ياخشىنى.

زوقۇم كەلدى جانانىم،
دۇتار چالغان قولۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا.

ياغلىقىمنى ئالدىڭسەن،
بىر خىيالدا ئالغانسەن.
بېشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ،
ئۇۋالىمغا قالغانسەن.

ياغلىقىمنى يۇيدۇردۇم،
تال بوستانغا يايدۇردۇم.
ئاران تۇتقان يارىمنى،
قاراقچىغا ئالدۇردۇم.

چىراغنى چىراق دەڭلار،
شوقىنى پىراق دەڭلار.
ئىزدەپ تۇرمىغان يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلار.

ئېگىز تاغقا تاش ئاتتىم،
چىرايلىققا قاش ئاتتىم.
چىرايلىق ئۇخلاپ قالسا،
غەزەل ئوقۇپ ئويغاتتىم.

ئېچىم قايناىدۇ - قايناىدۇ،
قازاندا شاللىغان تۇزدەك.
ئەجەب ئالدىڭدا خار بولدۇم،
ئېچىلماي توزىغان گۈلدەك.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توغاچ.
چۆگىلەپ كېتەلمەيسەن،
كۆڭلۈڭنى ئېلىشۋالغاچ.

ئۈزمىدىم قىزىل گۈلنى،
شاخ - شېخىدا ئېچىلسۇن دەپ.
چىشلىۋالدىم لېۋىڭنى،
ئوتقا ئوت قوشۇلسۇن دەپ.

يارىم مېنى چىللايدۇ،
بارسام يېنىغا تىللايدۇ،
تىللىسىمۇ تىللىسۇن،
يارغا كۆڭلۈم قانمايدۇ.

تالنىڭ ئۇچى تار ئىكەن،
يوپۇرمىقى بار ئىكەن.
ياشلىقىڭدا تۇتقان يار
ئۆلگۈچە خۇمار ئىكەن.

تولغىنىپ بىر قارساڭ،
ئەجەب چىرايلىقتۇر كۆزۈڭ.
گۈلزاردىكى ئالمىدەك،
قىپقىزىل ئاپئاق يۈزۈڭ.

مەپەمنىڭ تېگى تاختا،
خېنىمنىڭ مەيدىسى پاختا.
ۋەدەڭگە تۇرار بولساڭ،
ئۆستەڭ بويىدا توختا.

خۇدايىم بۇيرىسا، يارىم،
يەنە بىر يەردە بولساقچۇ.
ئېپاردەك ھىد چېچىپ ھەيران،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلساقچۇ!

ئىشىكىڭنى كەڭرەك ئاچ،
بويۇڭنى كۆرۈپ ئالاي.
قولۇڭدىن تۇتۇپ ئېلىپ،
مەڭزىڭگە سۆيۈپ ئالاي.

يارىنىڭ باغىدا بىر گۈل
شامالدا قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان؟
مېنىڭدىن ئايرىلاي دەيدۇ.

ئاقچى قوغۇن ئەمەسمۇ؟
كۆكچى قوغۇن ئەمەسمۇ؟
مېنى كۆيدۈرگەن ئوماق،
لەيلى مەجنۇن ئەمەسمۇ؟

كېچىلەردە مەن باردىم،
سەن يارىمغا يالۋاردىم.
چىقمايسەن تالا تۈزگە.
زەپىرەڭدەك سارغايدىم.

توپلاپ رەتلىگۈچى: جاپپار ئەمەت

# چاغاتايچە لۇغەت

«د»

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن،

*  *

**دەم سەرد** [دم سرد] (پ) سوغۇق نەپەس؛ يېقىمسىز سۆز قىلغۇچى:
ئەيلەمىش دەم سەرد ئېتىپ گەر چەرخى مۇستەغنا مېنى،
ساقى ئۇتلۇغ مەي ئىنىڭ دەفئىگە تەرياك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

**دەمگىر** [دمگير] (پ) نەپەس ئېلىش، تىنماسلىق، تىنىمسىزلىق.

**دەمىدە** [دميده] كۆرۈنمەك، تۇغۇلماق:
سۇبھى دەمىدە بولدى، چەكتى نەۋائى بۇلبۇل،
ئەي پىرى دەير، بەرگىل مەخمۇرلەرغە جامى.
— زەلىلى.

**دەنا** [دنا] «دانا» غا قاراڭ:
ئۆزى قادىر، ئۆزى دەنايى بىئەيب،
مېنىڭ ھالىمغە لايىق قىلدى سۆز سەيب.
— خىرقەتى.

**دەنائەت** [دناءت] (ئە) پەسلىك، پەسكەشلىك.

**دەنانىر** [دنانير] «دېينار» غا قاراڭ:
دىيدىمكى دەنانىر بىھرەي بىشۇمار،
ئالىڭلار خەرىدنى مەئەل - ئىختىيار.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دەندان** [دندان] (پ) چىش:
ئەنبەر ساچىلۇر زۇلفىڭى گەر شانە قىلۇر سەن،
شەككەر تۆكۈلۇر ئەز لەبۇ دەندانى فەلانى.
— نەسىمي.

**دەندانە** [دندانه] (پ) 1) چىش، كۆرەك چىش؛
ئەجەل دەندانەسىن يەر باشقە ئاخىر،
كىشى جەمشىددەك گەر بولسە سەرۋەر.
— ئەرشى.

2) قەلئە، قەسىر تېمىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى بوشلۇق، ئاراچ، كۇنگۇرە:
قەسرى ئول ھۇسن شەھىنىڭ ئېرۇر ئانداق ئالىي،
كى فەلەك كۇنگۇرەسى دەندانە ئېمىش.
— نەۋائى.

دەنىي [دنى] (ئە) پەس، پەسكەش، تۆۋەن، رەزىل، يارىماس:
چەرخى دەنىي — پەسكەش پەلەك، ۋاپاسىز پەلەك.
دەنىي ئەۋقات — يامان ۋاقىت.

دەھ [ده] (پ) ئون، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى:
دۇنيا قىزىدىن كىچەلى، ھۇر قىزىنى قۇچالى،
دەھ ئىچىدە ۋەجد ھالى مەشرەپ ئىختىيار قىلدىڭ.
— مەشرەپ.

دەھان [دهان] «دەھانە» گە قاراڭ:
سىيم تەن لەئلى لەبۇ پىستە دەھان دۇردانە،
مەھجەبىن، غەبغەبى چمن، غۇنچەئى خەندان يەگىلىغ.
— شەۋقى.

دەھانە [دهانه] (پ) 1) ئېغىز، ئاغزى:
كىرىپ كەلدى ئاندىن ۋەزىر نەھس شۇم،
دېدى: «يىغلاما كۆپ دەھانەڭنى يۇم.»
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
2) دەرۋازا، كىرىش جايى، ئېغىزى؛ چېگرا.

دەھە [دهه] «دەھ» كە قاراڭ؛
بىر دەھ — ئون كۈن.

دەھەن [دهن] «دەھەنە» گە قاراڭ:
ئېرۇر زۇلفى مۇشكىن چۇ پىستە دەھەن،
كى ھەر تارى مىژگانلارى سەپ شىكەن.
— ئا. نىزارى.

دەھەنە [دهنه] (پ) «دەھانە» گە قاراڭ.

دەھر [دهر] (ئە) زامان، دەۋر؛ دۇنيا، ئالەم:
جەھان مىكرىغە خۇرسەند ئولمايىن ئاھستە باسىغىلىكىم،
بۇ دەھر ئىچرە بولۇپدۇر فىتنەئى ئاخىر زەمان پەيدا
— ئەرشى.

2) يەريۈزى:
سىپاھدىن تولا كۆردىلەر يەر يۈزىن،
قارا ئەيلەبان دەھر تاغۇ تۈزىن.
— نەۋائى.

3) هايات:

گوُللنىڭ شەمئىنى موُنەۋۋەر قىل،

ئەترىدىن دەھرنى موُئەتتەر قىل.

— نەۋائى.

دەھر ئەسبابى — جاھاندارچىلىق ئەسبابلىرى؛ دوُنيا موُلكى:

دەھر ئەسبابىن ئىپتەرسەن كوُر ھەۋادىس ئوُقلارىن،

كەيگەنىڭدوُر گەر ساۋوُت، پەرران ئوُتەر، كوُڭلوُك ساۋوُت.

— ئەرشى.

دەھر ئەھلى — دوُنيا، زامانە ئەھلى:

تەمەننادوُر خەرابات ئەھلى ئىچرە خاكسار ئولماق،

كىبرەكمەس دەھر ئىھلىنىڭ بەزمىدە ئىززوُ ئەلا بىزگە.

— مەھزوُن.

دەھر بازارى — دوُنيا، زامان بازىرى؛

دەھر بەريان — دوُنيانى كوُيدوُرگوُچى، جاھانغا ئوُت سالغوُچى:

دەھر بەريان، شوخ بەريان زوُلم ئىپتەر گەردوُن داغى،

كوُرمەدىم موُنداغ جەفا ئەھلىنى مەن ئەسروُ كوُرروُپ.

— ئەرشى.

دەھر دەيرى — جاھان بوُتخانىسى، خارابە دوُنيا:

دەھر دەيرى ئىچرە موُنداغ قايدا بىر زىيبا سەنەم،

گويىيا بوُ ھوُسنوُ خەللاقىغە مەزھەردوُر ئەتەم.

— ئەرشى.

دەھر زالى — دوُنيا، ئالەم؛ دوُنيا كەمپىرى؛ ھىيلىگەر دوُنيا؛

دەھر غەددار — مەككار ئالەم، ۋاپاسىز دوُنيا:

بىمبھر ئىكەن بوُ دەھر غەددار،

بوُ چەرخى فەلەك ئىپروُر ستەمكار.

— موللا سالىھ.

دەھر مەفخەرى— دوُنيانىڭ شان ـ شەۋكىتى، شوُھرىتى:

ئايدى رەۋان قەسدەنى غەررا قىلىپ بوُ كوُن،

ئىپلتىكىل ئانىڭ قاتىنىەكىم ئول دەھر مەفخەرى.

— سەيفى سەرايى.

دەھر ئىھلى — ئالەم خەلقى، جاھان ئەھلى:

كوُرە ئالماي ئافىيەتدىن دەھر ئىھلى خوُررەملىغىن،

شادلىغ مەئموُرەسىنى فىتنە ئاباد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دەھر ئىشى — ئالەمنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرى، دۇنيانىڭ سىر - مۆ-
جىزاتلىرى:

ئىكەۋ بىرلە قالدى ھىكايەت قىلىپ،
گەھى دەھر ئىشىدىن شىكايەت قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەھرى باغى — دۇنيا، ئالەم؛ دۇنيا، ئالەم بېغى؛ تەبىئەت:

لەتافەت گۇلشەنىدە گۇل كەبى سەن سەبزى خۇررەم قال،
مەن ئەرچە دەھرى باغىدىن خەزان ياپراغىدەك باردىم.
— بابىر.

دەھرى بىبەقا — تۇراقسىز جاھان، ۋاقىتلىق دۇنيا:

قويۇپ بارغۇمدۇرۇر ئاخىر بۇ دەھرى بىبەقا ھەرگىز،
يۇزىدۇر لەئلۇ گەۋھەر ...... سىيمۇزەر قىلسام.
— قەلەندەر.

دەھرىدەنى — پەسكەش دۇنيا، رەزىللىك دۇنياسى؛

دەھرى دۇن — ھىيلىگەر ئالەم، مەككار دۇنيا:

دەھرى دۇندىن تەگمەسۇن ئازار نازۇك جىسمىگە،
دەھر ئەھلىدىن مۇبارەك كۆڭلۇڭگە غەم بولماسۇن.
— بابىر.

دەھرى دۇنپەرۋەر — «دەھرى دون» غا قاراڭ:

مېنى خار ئەتتىيۇ قىلدى مۇددەئىيغە پەرۋەرىش،
دەھرى دۇنپەرۋەرنى ئۆزگە مۇددەئاسى قالدىمۇ؟
— بابىر.

دەھرى سايىم — روزا تۇتقۇچى، تەقۋادار، روزىدار كىشى:

كۆزى گىريان، ياقاسى چاك دائىم،
يېمەك - ئىچمەك يوق ئېردى دەھرى سايىم.
—ناقىس.

دەھرى فانى — بۇ ئالەم، يوقالغۇچى ئالەم؛ پانىي دۇنيا:

ئۆتۇپ، ئەلقىسسە، مۇنداق كۆپ زەمانى،
موما تەرك ئەتتى بىر كۈن دەھرى فانى.
— ناقىس

دەھرى فەنا — ۋاقىتلىق دۇنيا، بۇ ئالەم:

ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھىكايەتى،
ھەمە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.
— سەبۇرى.

دەھرى فىتنە ئەنگىز — پىتنە - پاسات قىلغۇچى دەۋر، زامان، دۇنيا.

دەھری كۇھەن ـ كونا ئالەم، قېری دۇنیـا:
تۇتار بىر مەجنۇن باشىنى تۇبەن،
ئانى غەمكىن ئەتمىش بۇ دەھری كـۇھەن.
ـــ ئا. نىزاری.

**دەھر نەۋەرد** [دھر نورد] (پ) ئالەم كەزگۇچی، سەيياھ.

**دەھسەد** [دەحصد] (پ) مىڭ (سان).

**دەھشەت** [دھشت] (پ) 1› قورقۇنچ، قورقۇش، چۆچۇش؛ 2› قىيامەت خەۋپی؛
3› تىنچسىزلىق، خەۋپ.

**دەھشەتئەنگىز** [دەشت انكيز] (پ) قورقۇنچلـۇق.

**دەھلىز** [دھلیز] يۆلەك؛ قازىناق، كارىدۇر، تـونـىل، دالان:
خادىم ۋە فەۋراشلەر ھەركېچە...خانە قاھىنىڭ گۇنبەزىدە ۋە دەھلىزلە-
رىدە شەمئ ياندۇرغايلار.
ـــ نەۋائی.

**دەھنی** [دھنە] ئېغىز، ئېقىن، سۇ ئېغىزی، سۇ چىقىش ئورنی، قاپتال،يېرىق، تۆشۈك
مۇبارەك شەككەر ئەفشان مۇشكی ئاسا ئاب دەھنىدىن،
قۇدۇغدىن ئاب شور بىسيار تاتلىغ بولدی شىرىن ناك.
ـــ شەۋقی.

**دەھيەك** [دەيكا] (پ) ئوندىن بىر.

**دەۋ** [دو] (پ) 1› سۆز بىرىكمىلىرىدە «يۈگۈرگۈچی،چاچقۇچی» مەنىلىرىدە كېلەدۇ:
قىلىپ ۋەھمە ئاندىن ھەمە مەردەمان،
قاچىبان دەۋۇ دام، شىری ژەيان.
ـــ ئا. نىزاری.

تېزدەۋ ـ تېز يۈگۈرگۈچی، تېز چاپقۇچی، چاپقۇر؛ 2› قىمار ئويۇنىـدا
قويۇلغان پۇل؛ تەۋەككەل قىلىش:
دەۋۇ داملارغە بولۇپ ئۇلفەتی،
بۇلاردىن ئاگا يەتمەيىن كۇلفەتی.
ـــ ئا. نىزاری.

**دەۋا** [دوا] 1› دورا، مەلھەم:
نېدۇر ئولكىم سوقۇپ تەرتىب بۇگەلمەس،
باشی زەخمی دەۋا بىرلەن ئوگەلمەس.
ـــ سەيفی سەرايی.

2› قۇۋۋەت، دەرمان:
پادىشاھی ئىسلامنىڭ شەفقەت بىلە چارە سازلىغی بارچە غەمزادەلەر
دەردىغە دەۋادۇر.
ـــ نەۋائی.

3› چارە، تەدبىر ئىلاج:

كى شايەد بىر دەۋايى چىقسە ئاندىن،
بولۇپ غەمسىز ئۆتۈپ كەتسەم جەھانـدىن.
—ناقىس.

دەۋا قىلماق — داۋالىماق.

دەۋا كۆرمەك — داۋالانماق.

**دەۋاب** [دواب] هايۋانلار.

**دەۋابب** [دواب] «دەۋاب» قا قاراڭ.

بەھر دەۋاببى — دېڭىز - سۇ هايۋانلىرى.

**دەۋات** [دوات] (ئە) سياھدان، دۇۋەت:

ئايەتى ئىشق جان ئارا سىزغالى كىرپىكى قەلەم،
بولدى يۈرەك دەۋات ئاڭا غەم خەتىدىن سيارەدۇر.
— گۇمنام.

**دەۋاج** [دواج] (پ) 1› يوتقان - كۆرپە؛ تۆشەك؛ 2› تون، يەڭسىز يېپىنچا:

سۇلتان كۇلدى ...... بىز ھېلى كەلسەك، دەپ لەشكەر-
گاھىغە بارىپ ۋەزىر-ئەمىرلەرىغە كۆرگەن ۋاقىئەنى
بەيان قىلدى. باشلارىغە تاج ئۇستىلارىغە دەۋاج يافتى.
— مۆئجىزى.

**دەۋاجو** [دواجو] (ئە + پ) داۋالىغۇچى.

**دەۋاڭ** [دوانك] دەۋاڭ دەرياسى («سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدا كۆرسە-
تىلگەن دەريادىن بىرى).

**دەۋام** [دوام] (ئە) ئۈزلۈكسىز، دائىم، داۋاملىق، ئەبەدىي، مەڭگۈ:

جەھاندا مېنىڭ ئىستەگىم بۇ ئىدى،
خۇدادىن دەۋام تىلەگىم بۇ ئىدى.
— ئا. نىزارى.

**دەۋان** [دوان] (پ) تۆپە، ئېگىزلىك، داۋان:

ئەي دەرىغا، خاھىشى نەفسىڭ دەۋاندىن ئۆتمەيىن،
ھەق تەرەفكە يول تاپىلماس ئۇشبۇ رەفتارىڭغە ھەيف.
— شەۋقى.

**دەۋاۋىن** [دواوين] (ئە) [بىرلىكى: دېۋان] دېۋانلار، كىتابلار، شېئىر توپلاملىرى.

**دەۋائىر** [دوائر] (ئە) [بىرلىكى: دائىرە] 1› دائىرىلەر، ئايلانىملار؛ 2› زۇلۇم،
جاپا؛ 3› مۇسىبەت، ئاپەت:

فەلەكدە دەۋائىركى رەسم ئەتتى سۇنئۇڭ،
جەھان كۇنجىدەك ئانـدا يۈز مىڭ زەۋايا.
— نەۋائى.

دەۋايىر [دوایر] (ئە) «دەۋائىر» غا قاراڭ.
دەۋەران [دوران] (ئە) «دەۋران» غا قاراڭ.
دەۋر [دور] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەدۋار] 1) ئايلانما، دائىرە، ھالقا:

ئىمارەتنى سۇ دەۋر ئېتىپ ئايلانىپ،
كېلىپ ناۋەدانغە نەچە تولغانىپ.
— ئا. نىزارى.

2) ئايلىنىش:

يەتتە ئىقلىمنىڭ شەھى بولغۇنچە، ئەي ساھىب جەمال،
قۇللارىڭدەك ئىشكىڭدە دەۋر سۇرسەم كاشكى.
— قەلەندەر.

3) پەيت، مۇددەت، ۋاقىت زامان:

ئايتتىم يىغلابان دەۋرىم جەفاسىن،
بىر ئەرنىڭ قىسسەسى، ئاخچى ۋەفاسىن.
— سەيفى سەرايى.

4) ئەتراپى، يېنى، چۆگرىسى:

ئول زۇھەلكىم تاپتى ئانىڭ دەۋرىدە ئادەم ۋۇجۇد،
چەرخ ئۆزرە قارا زەڭ ئىلە قىلۇر ئەئدانى خار.
— تەجەللى.

دەۋر ئەتمەك — ئايلانماق؛
دەۋر ئەھلى — بىر ۋاقىت ياكى بىر زاماندا ياشىغۇچى خەلق، زامانداشلار:

ساقىيا، تۇتغىل غەنىمەت دەۋرى ئەھلىن نېگەكىم،
دەۋرىڭ ئولغايدۇر ساڭا يەگلىغكى دەۋراندىن ۋەفا.
— خۇشھال غەرىبى.

دەۋر ئاياغى — دەۋر، نۆۋەت بويىچە ئايلىنىپ تۇرغۇچى مەي قەدەھى؛ دەۋر قەدەھى؛
دەۋر ئاياقى — «دەۋر ئاياغى» گە قاراڭ:

بۇ ھالەتدە خىرامان بولدى ساقى،
مەلىكزادەغە يەتتى دەۋر ئاياقى.
— لۇتفى.

دەۋر بىۋەفالەرى — مەلۇم بىر دەۋردە ياشىغان زالىم ۋە جاھىل كىشىلەر، دەۋرنىڭ بىۋاپالىرى؛
دەۋرى ئاپماق — ئايلانماق؛ «دەۋر ئەتمەك» كە قاراڭ.
دەۋر ئېلى — زامانە ئادەملىرى، كىشىلىرى.
دەۋرى تەسەلسۇل — ئۈزلۈكسىز، ئايلىنىپ تۇرىدىغان؛ ئۈزۈلمەس زەنجىر، زەنجىر ھالقىلىرى:

قەرقەڧ ئاتەشىن بىلە ساقى نەۋ بەھار ئىشىق،
دەۋرى تەسەلسۇل ئەيلەمەك يەتكۈچە سىنماسۇن زىيادە.
— زەلىلى.

دەۋرى چەرخ — پەلەكنىڭ ئايلىنىشى؛
دەۋرى زەمان — مەلۇم بىر دەۋرنىڭ يەككە-يېگانە ھۆكۈمرانى؛
دەۋرى سىپېھر — 1) ئاسماننىڭ ئايلىنىشى؛ 2) تەقدىر؛
دەۋرى فەلەك — «دەۋرى سىپېھر» گە قاراڭ؛
دەۋرى قەمەر — ئاينىڭ ئايلىنىشى؛ ئاينىڭ دەۋر قىلىشى:
غەمزەسىنىڭ ئالتىنە ئالەم ئەسىر،
كۆزلەرى دەۋرى قەمەر فەتتانىدۇر.
— سەيفى سەرايى.
دەۋرى گەردۇن — پەلەك، ئاسماننىڭ ئايلىنىشى، دۇنيا؛
دەۋرى مۇستەئجىل — 1) تېز ئايلانغۇچى؛ 2) دۇنيا؛
دەۋرى نىشات — خۇرسەنلىك نۆۋىتى، شادلىق پۇرستى.
دەۋرى ئىشق — سۆيگۈ، مۇھەببەت دەۋرى؛
دەۋرى ئىنسان — ئادەملەر توپى، دائىرىسى:
ھەر بىرىسىنىڭ جانى مەن خەستەغە قۇربان ئىدى،
ھەمزەبانغە ھال قىلسام، دەۋرى ئىنسان ئەيلەبان.
— موللا سالىھ.

دەۋران [دوران] (ئە) ئايلىنىش، سەير قىلىش؛ پەلەك، دائىرە؛ 2) ئەسىر، ئۆتۈپ تۇرغان دەۋرلەر، زامان:
دىلرەبالار قەسدىن ئەيلەپ بولماغىل مەغرۇركىم،
شاھىدى دەۋران ساڭا گەر كۆرسەتۇر بادى بۇرۇت.
— ئەرشى.
3) يەر يۈزى، دۇنيا؛ تىرىكلىك، ھاياتلىق:
تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا، ئەي مەھۋەشى ھۇرى زەمان،
راھەتى دەۋران يۈزىنى بىر زەمانى كۆرمەدىم.
— قەلەندەر.
4) پادىشاھلىق، ھۆكۈمرانلىق:
كى، ئەي شەھزادەئى جەمشىدى دەۋران،
سەلاتىن نەسلىنى خاللاقى سۇلتان،...
— ناقىس.
قۇلۇڭ گەر بولسەلەر شەھلەر، تاڭ ئېرمەس، ئەي پەرى پەيكەر،
سېنىڭدەك سۇرمەگەن دەۋران جەھان ئىچرە سۇلەيمان ھەم.
— قەلەندەر.

5، نۆۋەت، دۆرەم:

كۇلخەند قلىپ ئىلكە تۇرۇپ سۇندى ئەياق،
تەئجىل ئەيلەگىل ساقىئى دەۋران ئۆتتى.
— كۇمنام.

دەۋران ئەھلى — زامانە ئەھلى؛
دەۋران باغى — دۇنيا، ئالەم، جاھان؛
دەۋران بەزمى — دۇنيا، زامانە ئىشرىتى؛
دەۋران بۇلەغاسى — جاھاندىكى سۆز ئۇستىلىرى، سۆز سەنئەتكارلى-
ري؛ ماھارەتلىك ئەدىبلەر، بۈيۈك كىشىلەر؛
دەۋران تاجى — دۇنيا تەشۋىشلىرى؛
دەۋران سەھىفەسى — جاھان، دۇنيا، ئالەم ۋەرەقلىرى، سەھىپىسى؛
دەۋران غۇسسەسى — دەۋر قايغۇسى، جاھان غەملىرى:

نېچە دەۋران غۇسسەسى بولغاي مېنىڭ جانىمغە خاس،
كاشكى ئۆلشەم داغى بۇ غۇسسەدىن بولسام خەلاس.
— بابىر.

دەۋران مېھنەتى — دەۋران جاپالىرى، جاھان مۇشەققەتلىرى:

نېچە بولغاي يار ھىجرانىيۇ دەۋران مېھنەتى،
نەقدى ئۇمرۇم، ئاھكىم، ئۆتتى غەمۇ ماتەم بىلە.
— بابىر.

دەۋران ھەۋادىسى — زامانە ھادىسلىرى، تۈرلۈك - تۈمەن (ناخۇش)
ھادىسىلەر؛
دەۋران ئۇرماق — دەۋر سۈرمەك؛
دەۋران ئۆيى — دۇنيا، ئالەم؛
دەۋران ئېلى — دەۋرنىڭ قولى، زامان زۇلۇملىرى:

يۇلۇپ تاشلامىش ئانى دەۋران ئېلى،
تېگىپدۇر قۇرۇتقاي خەزاننىڭ يېلى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەۋرانى ئەفلاك — پەلەكنىڭ ئەتراپى، پەلەك ئاستى:

جەفاۋۇ شيۋەۋۇ فەن ئىلمى ئىچرە،
— ئەرشى.
كۆزۈك شاگىردىدۇر دەۋرانى ئەفلاك.

دەۋرانى دۇن — پەسكەش زامان، دەۋر؛
دەۋرانى مۇشەئبىد چەرخى پۇرفەن — سىر، ھۈنەر، نەيرەڭۋاز پەلەكنىڭ
ئايلىنىشى؛
دەۋرانى ھۇسن — گۈزەللىك دەۋرى، گۈزەللىك پەيتى؛

دەۋرانى ۋسال ـ ئۇچرىشش پەيتلىرى، ئۇچرىشش ۋاقتى ـ پۇرسەتلىرى،

دەۋرە [دوره] (پ) 1) ئايلانما، دائىرە؛ بىرەر نەرسىنىڭ گىردابى، ئەتراپى؛
2) يىغىن، سۆھبەت، بەزمە؛

زەقەن چاھى ئىل دەۋرىنىڭ ئوتتەسى،
تۈشۈپ چاھ ئارا ئەھلى دەۋران بەسى.
ـــ نەۋائى.

دەۋرەئى پەركار ـ ئايلانما، دائىرە؛
دەۋرەئى خەت ـ يىپكى چىققان بۇرۇت ئەگمى، مىيىق ئەگمىسى:
دەۋرەئى خەت ئارەزى دەۋرىدە ئانداغكىم ئېرۇر،
مېھر ئەتراپىدا ئىلى رەڭگى چەرخى چەنبەرى.
ـــ ئەرشى.

دەۋرەئى ئىرادەت ـ ئايلىنىش خاھىشى، ئىرادىسى.

دەۋرىنچ [دوربنچ] ئايلانغۇچى، ئايلىنىپ تۇرغۇچى:
پەرى چېھرە ساقى تۇتۇپ پەي بەپەي،
ھەمە بەزم ئەھلىغە دەۋرىنچى مەي.
ـــ ئا. نىزارى.

دەۋزەخ [دوزخ] 1) دوزاخ، جەھەننەم:
ئەي خۇدايا شىددەتى مەھشەرنى ئاسان ئەيلەگىل،
يەتتە دەۋزەخ ئىچرە ئول نارى شەقاۋەت بىر تەرەف.
ـــ شەۋقى.

2) ئازاب، مۇشەققەت؛ قىينچىلىق:
ئالار كۆپ يۇردىيۇ سەھراغە كىردى،
گۇنەشدىن سەھرا ئۇزرە دەۋزەخ ئېردى.
ـــ سەيفى سەرايى.

3) ئاخىرەت ئوتخانىسى:
توزۇغايلار ھەممە دەۋزەخ ئوتىدىن بولغاي ئەمان،
مۇشت خاكى بەشەر ئاتەشكەدە قىلسۇن نە ئىلاج.
ـــشەۋقى.

دەۋزەخى سوزان ـ دوزاخ ئوتلىرى، كۆيدۈرگۈچى دوزاخ:
دەۋزەخى سوزان دېسەم، غۇربەت نېچۇن ھەم ئاز ئېرۇر،
ياقۇتۇ فىرۇزەنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا.
ـــ قەلەندەر.

دەۋزەخى ھەجر ـ ھىجران دوزىخى، ئايرىلىش ئازابى:
دەۋزەخى ھەجرىڭدە كۆيدۈم رەھم ئېتىپ سور ھالىمنى،
فۇرقەتىڭنىڭ ئاچچىغىغا زەھر ئەپيۈن ئوخشاماس.
ـــ قەلەندەر.

دەۋزەخى ھىجران ــ ھىجران دوزىخى، ئايرىلىش زۇلمى:

ئىرۇر بۇ شەرت ۋەسلىڭ بەزمىدە بەرسەڭ مەيى ئىشرەت،
كى ئەۋۋەل دەۋزەخى ھىجران ئىلە ھەدسىز ئازاب ئەتتىڭ.
ــ گۇمنام.

دەزەخچە [دوزخچە] دوزاخ كەبى، دوزاخقا تەڭ، دوزاخقا ئوخشاش:

دەۋلەت [دولت] (ئە) 1) دۆلەت، سەلتەنەت؛ قۇدرەت:

كېچەيۇ كۈندۈز تىلەرمەن ھەقتەئالادىن مۇراد،
بولغاسەن دەۋلەت بىلە خۇبلار ئىچىندە ئەرجەمەند.
ــ قەلەندەر.

2) بايلىق، مال ــ دۇنيا:

ساڭا بەرگەن بۇ دەۋلەتنى خۇدا ھېچكىمگە بەرمەپدۇر،
بىھىشتنى ئارزۇ قىلماس كىشى كىرسە سەرايىڭغە.
ــ قەلەندەر.

3) بەخت، سائادەت، ئىقبال؛ تەلەي:

بۇ دەۋلەت بىزگە يەتمەسمۇ مۇھەممەد ئۇممەتى قىلدى،
ئەتايى خالىقىل ئەشياغ بۇ دەۋلەتدىن ئىرۇر مەئخۇز.
ــ شەۋقى.

4) ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق:

تەلەبدە ھەمرەھ خىزرى ئىسكەندەر ئابىھەيات،
بۇ يەڭلىغ بولسە كىشى دەۋلەتى بەقا ئۇچرار.
ــ شەۋقى.

5) بەھرىمەنلىك، ئۇلۇغلۇقتا ئىرىشىش:

چۇنان ئاشىق ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن ئارزۇ ئەتكەچ،
چىقىپ سەۋتۇ سەداسىدىن تۇمەن تۇرلۇك فىغان پەيدا.
ــ شەۋقى.

6) مەدەت، ياردەم؛ مەقسەت:

سەدەفتەك كۆكسۇم ئىچرە گەۋھەرى ئىشقىڭ قىلىپ مەنزىل،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىنى ئارزۇ ئەيلەپ كۆڭۈل جويا.
ــ فىراقى.

دەۋلەت پەناھ ــ ھۆكۈمران پادىشاھ؛

دەۋلەت قۇشى ــ بەخت قۇشى، بەخت بەلگىسى:

ماڭا يالەپدۇرۇر كىرفىنك ئوقىن بىر نەرگىسى مەئشۇق،
دېمەن دەۋلەت قۇشى كېلۇر بولۇرغە كۆڭلۇمە مەقرۇن.
ــ قەلەندەر.

دەۋلەت ياب ــ دۆلەت ئىگىسى، ھۆكۈمران؛

دەۋلەتى بەقا ــ ئەبەدىيلىك مەملىكىتى، مەڭگۈلۈك ئالەم:

شەۋقى دۇنيانى ئېتىبار ئەتمە،

ئىزدەگىل دەۋلەتى بەقا جايىنى.

ــ شەۋقى.

دەۋلەتى پەناھ ــ «دەۋلەت پەناھ» قا قاراڭ؛

دەۋلەتى جاۋىد ــ دائىمىي بەختىيارلىق، ئەبەدىي دۆلەت؛

دەلەتى دىيدار ــ نېسىپ بولۇش، ۋىسال دۆلىتىگە ئېرىشىش؛

دەۋلەتى سەرمەد ــ يۈكسەك، ئالىي دۆلەت؛

دەۋلەتى مەفخەر ــ پەخىرلەنگۈدەك دۆلەت، سۆيۈنەرلىك دۆلەت:

بۇ كۈن يۇسۇف جەمالىنى قىلىپتۇر ھەق ساڭا بەخشىش،

نە بەخشىش، بەخشىشى دەۋلەت، نە دەۋلەت دەۋلەتى مەفخەر.

ــ سەيفى سەرايى.

دەۋلەتى ۋەسل ــ ۋىسال دۆلىتى، قوشۇلۇش راھىتى:

دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە بىرنەچچە كۆڭلۈم ئېردى خۇش،

فۇرقەت ئىچرە خەستە ئەيلەپ نېگە قىلدىڭ ئىجتىناب؟

ــ ئەرشى.

دەۋلەتى ۋىسال ــ «دەۋلەتى ۋەسل» گە قاراڭ:

ئەگەرچە لازىم ئېسە دەۋلەتى ۋىسالىدىن،

ئىتائەت ئەيلە كېچە، كۈندۈز ئىلە يازۇ قىش.

ــ شەۋقى.

دەۋلەتخاھ [دولتخواه] خەيرىخاھ؛ دوست.

دەۋلەتخاھانە [دولتخواهانه] خەيرىخاھلىق، دوستانە:

خەيالىڭغە كەلگەن دەۋلەتخاھانە سۆزۈڭ بولسە ئايت.

ــ نەۋائى.

دەۋلەت سەرا [دولتسرا] (ئە+پ) پادىشاھلىق قەسرى، ئوردا.

دەۋلەتمەند [دولتمند] ‹1› باي، مۇلۇكدار؛ ‹2› بەختىيار، بەختى كۈلگەن، پارلىغان.

دەۋۋاج [دواج] (پ) «دەۋاج» غا قاراڭ.

دەۋۋار [دوار] (ئە) دەۋر قىلغۇچى، ئايلانغۇچى.

چەرخ دەۋۋار ــ ئايلىنىپ تۇرغۇچى گۇمبەز، ئاسمان، ئايلانغۇچى پەلەك:

باشىدىن ئايلانىپ چۇن چەرخ دەۋۋار،
يىقىلىپ شەمئ ئالدىغە نىگۇن سار.
ــ خىرقەتى.

گۇنبەزى دەۋۋار ــ «چەرخى دەۋۋار» غا قاراڭ:

قايسى كۇن كۆردۇم ئول ئاينى مەن بولۇپ دىۋانەۋەش،
گۇنبەزى دەۋۋارغە يەتتى ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ.
ــ موللا بىلال.

دەۋۋۇلغان [دولفان] «دەۋۋۇلغە» گە قاراڭ.

دەۋۋۇلغە [دولغە] دۇبۇلغا، ئۇرۇش كىيىمى، باش كىيىم.

دەئ [دع] (ئە) تاشلا، يوق قىل (پېئىل).

دەئب [دأب] (ئە) ئادەت، قىلىق، خىسلەت (بۇ سۆز كۆپىنچە: «دەئبۇ پېشە، دەئبۇ فەن، دەئبۇ خىسال، دەئبۇخو، دەئبۇ شىئار» قاتارلىق شەكىلدە كېلىپ «ئادەت، پېئىل، ئەتىۋار، رەۋىش، خىسلەت» كە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ).

دەئب ئەتمەك ــ ئادەت قىلماق؛
دەئب بولماق ــ ئادەتلەنمەك؛ ئادەت بولماق؛
دەئب ئولماق ــ «دەئب بولماق» قا قاراڭ.

دەئۋ [دعو] «دەئۋا» غا قاراڭ:

سەرۋ ئىلە شەمشاد تۇرلۇك دەئۋ قىلسە، سەن كېلىپ،
قىل خىرام ئەيلەپ خىجىل، سەرۋى رەۋانىم قايداسەن؟
ــ ئەرشى.

دەئۋا [دعوا] (ئە) دەۋا، دەۋا ــ دەستۇر؛ دەۋا قىلىش، ھەق تەلەپ قىلىش؛ ئىسپاتلاش، دە ــ تالاش:

يۈزۈڭ تا پەردەدىن زاھىر بولۇپتۇر،
سەنەملەر ھۇسن دەئۋاسىن قويۇپتۇر.
ــ ئاتايى.

ئىشقىلىغ دەئۋاسى قىلسە ھەركىشى بۇدۇر جەزا،
قەتل ئېتىپ ئەيلەك تەماشانى ئۇلۇس غەۋغاسىغە.
ــ موللا سالىھ.

دەئۋا ئەيلەمەك ــ تالاشماق، تارتىشماق، دەۋا قىلماق؛ ئىسپاتلىماق:
دەئۋا قىلماق ــ 1) دەۋا قىلماق؛ 2) ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسەتمەك؛
دەئۋايى ئاشىق ــ ئاشىقلىق دەۋاسى، مۇھەببەت دەۋاسى؛ سۆيگۈ تەلىپى؛

ئەيلەر ئېردىم بىر ئۆزۈم دەئۋايى ئاشقلىق ساڭا،
ئاقىبەت يۈز مۇنچە مەندىن شەرمسار ئەتكەن يىگىت.
— ئەرشى.

دەئۋايى شەرئى — شەرىئەت يولى بىلەن دەۋا قىلىش.

**دەئۋات** [دعوات] «دەئۋەت»كە قاراڭ:
خەيالى ئاندادۇر گەرچە ئۆزى دەئۋات ئولمىشكىم،
نى تاڭ ئېردى ئەگەر بولسە ئۆزى ھەم ھەرقاچان ئاندا.
—ئەرشى.

**دەئۋادار** [دعوادار] (ئە+پ) دەۋاگەر، دەۋا قىلغۇچى.

**دەئۋە** [دعوه] دۇئا، تىلەك، ئىستەك.
مۇستەجابۇد — دەئۋە — دۇئاسى قوبۇل بولىدىغان:
ئىشق زۇلمى ھەددىن ئۆتتى كۆڭلۈمى، ئەي پارسا،
گويىيا پىر مۇستەجابۇد - دەئۋە ئانى قارغامىش.
— نەۋائى.

**دەئۋەت** [دعوت] (ئە) چاقىرىش؛ چاقىرىق، تەكلىپ:
قاشىمغە يەتۇرسۇن ياساۋۇل ئانى،
دېسۇن شاھ دەئۋەت قىلادۇر سېنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
دەئۋەت قىلماق — چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق؛ ئۈندىمەك، دەۋەت قىلماق؛
دەئۋەت مەقامى — تەكلىپ ۋە ئۈندەش ھوقۇقىغا ئىگە.

**دەئۋى** [دعو] (ئە) «دەئۋا» غا قاراڭ:
گەر ماڭا ئىشق ئەھلى شىركەت دەئۋىسىن قىلسە نى غەم،
غەيرەتى ئىشق ئىلغامىش چۇنكىم ئېرۇر ئەسلى مەھەك.
— ئەرشى.
دەئۋىئى ئىشق — سۆيگۈ دەۋاسى، سۆيگۈ تەلپى، مۇھەببەت تەلەپ قىلىش:
چۇ قىلدىم دەئۋىئى ئىشقىڭ مۇڭا لازىم گۇۋاھ ئولدى،
سارىغ چېھرەمدە قان ياشىمنى كۆر، تەسدىقى قىل جانا.
— فىراقى.

**دەئۋىي** [دعوى] (ئە) «دەئۋا» غا قاراڭ.

**دەي** [دى] (پ) قىش مەۋسۇمى (قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق ئېيى)؛ سوغۇق، قاتتىق سوغۇق:
ئۆرتەدى ساۋۇغلىغىدىن جىسىم ئىلە جانىمنى دەي،
تۇت ماڭا بىر جامى مەي، ئەي ساقىئى فەرخۇندە پەي.
— قەلەندەر.
دەي سەرسەرى — قىشنىڭ سوغۇق شامىلى؛

دەي شىددەتى ـ قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى، زىمىستان.

**دەيجۇر** [ديجور] (ئە) ئەڭ قاراڭغۇ (كېچە)، قاراڭغۇلۇق؛ زۇلمەت.
شامى دەيجۇر ـ قاپقاراڭغۇ تۈن:
ئاڭا تەگرۇ تۇردىكى كەچ بولدى كۈن،
يېتىپ شامى دەيجۇر ئارا كىردى تۈن.
ـــ ئا. نەزارى.

**دەير** [دير] (ئە) 1) بۇتخانا، راھىبلار تۇرىدىغان جاي؛ مۇناستىر؛ 2) مەيخانا، قاۋاقخانا:
سايەئى تۇبىيدىن ئارتۇق خۇم تۇبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىكەندە جەننەتۇل ـ مەئۋا بىلۇر.
ـــ گۇمنام.

3) دۇنيا، جاھان، بۇ دۇنيا:
چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئېرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.
ـــ ئەرشى.

ئەھلى دەير ـ 1) بۇتخانا ئەھلى؛ 2) مەيخانا ئەھلى؛
پىرى دەير ـ «دەير پىرى» گە قاراڭ:
قانىئ ئولغىل دەردىغەكىم، ئەرشىيا، گەر پىرى دەير،
جۇرئەتى غەم سافىدىن بەرمەككە ئىمساك ئەيلەمىش.
ـــ ئەرشى.

دەير ئەھلى ـ «ئەھلى دەير» گە قاراڭ؛
دەير پىرى ـ مەيخانا باشلىقى، مەيخانىچى، خوجايىن:
مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى بۇ گەداي،
دەير پىرى مەي بېرۇر سىنغان ساپالىڭنى كۆرۈپ.
ـــ مەھزۇن.

دەيرى خەراب ـ خاراب بولغان، بۇزۇلغان بۇتخانا، ئىبادەتخانا، چېركاۋ؛
دەيرى فەنا ـ دۇنيا لەززىتىدىن ۋاز كېچىپ، پانىي، بولغانلار دۇنياسى؛
دەيرى مەكر ـ ھىيلە ـ مىكىر دۇنياسى؛
دەيرى مېھنەت ـ مېھنەت، مۇشەققەت دۇنياسى؛
فەنا دەيرى ـ «دەيرى فەنا» غا قاراڭ:
مۇيەسسەر ئولسەلەر جامى ئەزەلدىن كاش شەۋقىغە،
فەنا دەيرىدە كۆرگەيكىم ھەياتى جاۋىدان پەيدا.
ـــ شەۋقى.

**دەين** [دين] (ئە) قەرز، (ئادا قىلىشقا تېگىشلىك) بۇرچ:

شەھەر ئەھالىسىدىن ساداتى ئالىيشان ۋە ئۇلەمائى ئالىي مەكان...
تەئزىيە تۇتۇپ، لىباسىغا تەغيىر بېرىپ، مەرسىيە ۋە تارىخلەر ئايتىپ،
دەپنىنى ئۆزلەرىغە ئەۋرار قىلدىلەر.
— نەۋائى.

دەيۈپ [ديوب] دەپ، سوراپ:
دەيۈپ ئاڭا سۈھەيل: «نې گۈل تېرۇرسەن،
ئۆزۈڭ گۈلشەندە كۆركلى گۈل ئېرۇرسەن؟
— سەيفى سەرايى.

دەييار [ديار] (ئە) ‹1› تۇرغۇچى؛ ئىستىقامەت قىلغۇچى؛ مۇناخ؛ ‹2› ئۆي ئىگىسى؛ ھەممشەھەر.

دوبۇلغا [دوبولغا] «دۇبۇلغا» گە قاراڭ.

دوزد [دزد] ئوغرى:
زۇھدە ـ تەقۋا گويىيا بىر شەب چىراغ،
بولسە ھەر ئۆيدە چىراغ دوزد ھەم يىراغ.
— خەراباتى.

دوست [دوست] ‹1› دوست، يېقىن، ئاشىنا، يار (يار ـ بۇرادەر)؛ ‹2› مەھبۇبە، مەشۇق؛ ‹3› خۇدا، تەڭرى:
كىم ئاڭا جۆز دوست زۇھۇر ئەتمەگەي،
بەلكى ئانىڭ غەيرى خۇتۇر ئەتمەگەي.
— نەۋائى.

دوستدار [دوستدار] (پ) دوست، ئاشنا؛ دوست تۇتقۇچى.

دوستداران [دوستداران] «دوستدار» غا قاراڭ:
ئايا دوستداران ساھىب خىرەد،
مەنۇ زارغە ئەيلەڭىزلەر مەدەد.
— ئا. نىزارى.

دوستگانى [دوستكانى] (پ) ‹1› ئىچكۈلۈك ئىچىلىۋاتقان چاغـدا ئۆزى ئىچىشكە تېگىشلىك بولغان مەينى مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن باشقا بىر كىشىگە تەقدىم قىلىش، تۇتۇش، ئۆتۈنۈش، كۆڭۈل ئۆتەش؛ تەقدىم قىلىنغان قەدەھ، دوستلۇق قەدىھى، دوستلار بىلەن ئىچىلىدىغان مەي؛ ‹2› كاتتا جام، قەدەھ.
دوستگانى تۇتماق ـ دوستلۇق يۈزىسىدىن قەدەھ تەقدىم قىلماق.

دوش [دوش] (پ) ‹1› يەلكە، مۈرە، تاغاق:
ئالىپ دوشىغە ئاينى گەردۇن كەبى،
بولۇپ باشىدە تاجى فەرىدۇن كەبى.
— ئا. نىزارى.

2) ئۆتكەن كېچە، ئۆتكەن كۈن، ئاخشام.

دوش بەردوش [دوش بردوش] مۈرىمۇ مۈرە، يانمۇيان؛ پەيدىنپەي؛
بولۇپ مەھۇ يارىمغە مەدھۇش ئۇلاي،
نىگارىم بىلە دوش بەردوش ئۇلاي.
— ئا. نىزارى.

دوكان [دكان] (پ) [كۆپلۈكى: دەكاكىن] 1) دۇكان:
دوكاندا مەتائى ئېرۇر بىشۇمار،
گۇمان بىرلە سالى ئېرۇر قىرىق ياشار.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئىشخانا؛ ئىجادىيەت ئۆيى:
بۇ ئىككى نەرسەنىڭ دوككانى ئولدۇر،
دوكان ئېرمەس، دېگىلكىم كانى ئولدۇر.
— ناقىس.

دوكانىنى يۇرۇتمەك — قەلبىدىكى (كۆڭلىدىكى) ئىشلارنى ئورنىغا قويماق.

دوكانچە [دكانچە] بوتكا، كىچىك دۇكان.

دوككان [دوكان] (پ) «دوكان» غا قاراڭ:
ئالىپ بەردى ئۇلار دوككانى مەھفۇز،
بولۇر ئېردىم تىجارەت بىرلە مەھزۇز.
— ناقىس.

دولبۇغە [دولبوغە] «دۇبۇلغا» غا قاراڭ.

دولتۇ [دولتو] سىرتلان (بۆرىگە ئوخشاش بىر خىل يىرتقۇچ هايۋان).

دولاب [دولاب] چاق، چىغرىق؛ دائىم بىر يۆنىلىشتە ئايلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە:
چۈن نەسىمىي جاۋىدانى يار ئىلە بولدى ۋىسال،
قوي نەچە ئايلانسە كەزىسىن بۇ ياشىل دولابلەر.
— نەسىمىي.

دون [دون] رەزىل، پەس، پەسكەش؛ خار، مەرتىۋىسى ئەك تۆۋەن. «دۇن» غا قاراڭ:
بۇ نە تالېئىدۇر، مۇسۇلمانلار، نە بەختى ۋاژگۇن،
هىممەت ئەھلىن بەند ئېتىپ، دونلارنى ئازاد ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

دونان [دونان] «دونەن» گە قاراڭ.

دونەن [دونن] تۆت ياشار ئات، تۆت ياشلىق ئات:
بىر قۇلۇننى «كۇررە» دەرلەر. ئۆزگە: تاي ۋە غونان ۋە دونەن ۋە

تۈلەن ۋە چىرغە ۋە لەنغە دېگۈنچە فەسىھراقلارى تۈركچە دەرلەر ۋە
كۈپرەگى مۇنى ھەم بىلمەسلەر.
— لەۋائى.

دۇ [دو] (پ) ئىككى (سان).
دۇ ئاشامە — ئىككى قەۋەتلىك؛
دۇ ئالەم — ئىككى ئالەم، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا:
چۈن دەلىل سانىئى دۇ ئالەمگە،
سابىت ئۇلمىش ھەقايىقى ئەشيا.
— شەۋقى.

دۇ ئەسپە — جۈپ ئات، قوش ئات:
قويۇپ ھەر قافىلە ئۆز مۇلكىنە يۈز
دۇئەسپە ئىلگەرۈ تۈشتى قۇلاۋۇز.
— لۇتفى.

دۇپارە — ئىككى پارە، ئىككى بۆلەك:
رنيا كۇلاھىنى باشدىن زەلىلى تەرك ئەيلەپ،
چۇ غۇنچەئى سىھرى خىرقەنى دۇپارە قىلاي.
— زەلىلى.

دۇ جەھان — «دۇ ئالەم» گە قاراڭ:
ئىشكىڭدە گەدالىققە ئالماس دۇ جەھان گۈمنام،
شەھلىق ماڭا ئول جانا سىز بولماساڭىز مەنسىز.
— گۈمنام.

دۇ سالە — 1) قوش يىل، قوش ئاي؛ 2) قوشۇش، قوشۇلۇش:
خۇمار ئول لەب مەيگۈن خەراب ئەتتى مىنى،
يۈرەك قانىنى زەلىلى مەي دۇسالە قىلاي.
— زەلىلى.

دۇ سەرا — ئىككى ئالەم، ئىككى دۇنيا؛
ئىبتىدا ئەيلەدىم بەنامى خۇدا،
رەمز كۈن بىرلە خەلق ھەر دۇ سەرا.
— شەۋقى.

دۇ مىژگان — جۈپ كىرپىك، قوش كىرپىك:
كۆڭلۈم قۇشى كۆپ خەستە دۇ مىزگان ئوقىدىنكىم،
سەيدىگە ئانىڭ ئىبردى مەگەر كۆزلەرى جەللاد.
— ئەرشى.

دۇئا [دعاء] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەدئىيە] 1) سالام؛ تىلەك، ئىستەك؛ تەلەپ، مەقسەد؛
خۇدادىن يالۋۇرۇپ ياخشىلىق تىلەش؛ ئۇزاق ئۆمۈر تىلەش:

ئەي، سەبا، يەتكۈز بۆگۈن مەندىن نىگارىمغە دۇئا،
نەچچە ئايدىن ئايرۇ تۈشكەن بەندى تارىمغە دۇئا.
— موللا بىلال.

ئىلاھا، رەھم ئېتىپ ئەرشى دۇئاسىن مۇستەجاب ئەيلە،
رەھىمى رەھنەماسەنسەن ماڭا قىل مەغفىرەت ئەرھەم.
— ئەرشى.

2) تۇمار:
ماڭا يازىڭ دۇئاكىم، ئول پەرىنى كۆرگەمەن ناگاھ،
يازار ئۈچۈن پەرى كۆزگە ئەيان بولغان زەمان تەئۋىز.
— نەۋائى.

دۇئا ئەيلەمەك — ياخشىلىق تىلىمەك:
ۋە لېكىن رەھم شەفقەت بىرلە بىر خالىس دۇئا ئەيلەپ،
قىلىڭلار خەتمە قۇرئان باز نەزرۇللاھ بېرىڭلار ئاش.
— شەۋقى.

دۇئا تىلەمەك — مەدەد تىلىمەك، دۇئاسىنى تىلىمەك:
مۇسافىرانى خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدەم يولىدا نە تۇشە، نە بىر ئۇلاغىم بار.
— زەلىلى.

دۇئا خەتمى — ياخشى تىلەكلەرنىڭ ئادا ئېتىلىشى؛
دۇئا قىلماق — «دۇئا ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
ياز ئەگەر ناگەھ كېزەر بولساڭ چەمەندە ناز ئىلە،
گۈل ئاياغىڭغە تۈشۈپ، بۇلبۇل دۇئالار قىلغۇسى.
— لۇتفى.

دۇئايى خەير — بىراۋغا ياخشىلىق تىلەپ قىلىنغان دۇئا؛
دۇئايى دەئۋەتى — دەۋەت قىلىش، چاقىرىق قىلىش دۇئاسى:
ئوقۇيدۇ ھەر نەپەس ئەھلى زەمانە،
دۇئايى دەۋەتى بۇ ئاستانە.
— زەلىلى.

دۇئاخان [دعاخوان] «دۇئاگوي» غا قاراڭ:
ئەتىببانى كەلتۈردى كۆرمەك ئۈچۈن،
دۇئاخاننى كەلتۈردى ھۆرمەك ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى.

دۇئاگو [دعاكو] «دۇئاگوي» غا قاراڭ:
ئاجۇندە تا ئانىڭتەك شاھ بولغاي،

دۇئاگو ئىبنى مىرانشاھ بولغاي،
— سەيىد ئەھمەت.

**دۇئاگوي** [دعاگوی] دۇئا قىلغۇچى، ياخشى تىلەك تىلىگۈچى؛ تىلەكداش، يېقىن ئادەم؛ ئاشىق:

يۈزۈڭ ئالدە ئۆلمەكتۇر ياراغىم،
دۇئاگويمەن ساڭا تا جان بارىدىچە.

— سەيىد ئەھمەت.

**دۇبارە** [دوباره] ئىككى مەرتەم:

تونۇ كۈن شۇەڭ ئولسۇن ئىشق بازى،
دېسەڭكىم، كۆرگەمەن ئۆمرى دۇبارە.

— ئەرشى.

**دۇبدۇرۇن** [دوبدورون] چۇقان - سۈرەن، دۇپۇر - دۇپۇر، دۇپۇرلىگەن ئاۋاز.

**دۇبۇلغا** [دو بولغا] دۇبۇلغا (ئۇرۇشتا تىغ ياكى ئوقتىن قوغدىنىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان، تۆمۈر - پولاتتىن ياسالغان باش كىيىم).

**دۇتا** [دو تا] (پ) «دۇتاھ» غا قاراڭ.

**دۇتارە** [دتاره] دۇتار، قوش تارلىق چالغۇ ئەسۋابى:

دۇتارە ئۈنى ئەيشۇ فەراغەتنى بېرۇر ياد،
مۇترىبغە قۇلاق تۇتكى، نې دەر نەغمەدە سازى.

— بابىر.

**دۇتاھ** [دو تاه] (پ) ئىككى پۈكۈلگەن، پۈكۈك؛ ئېگىلگەن، ئېگىك؛ غەم تارتىپ پۈكۈلگەن:

قەمەر ھەر ئاي باشى مۇئجىز نەماي ئىلكىڭدىن،
قاچىپ باشىنى ئوغۇرلاركى، بولۇر ئۇيلە دۇتاھ.
— نەۋائى.

**قەددى دۇتاھ** - غەم بىلەن پۈكۈلگەن قەد.

**دۇتەھ** [دوته] (پ) «دۇتاھ» قا قاراڭ:

ئاي كەبى ئەلبەسىڭىڭ ئۆپەي قەسدە چەرخ ئولدى دۇتەھ،
شەيخلىق دەئۋاسىن ئەيلەپ قەددى ئانىڭ خەم ئەمەس.
— ئەرشى.

**دۇججاج** [دجاج] تۇخۇ:

چۇ سۇبھ ئولدى شەبنىڭ قاراسى كېتىپ،
كى دۇججاجلارنىڭ فىغانى يېتىپ.
— ئا. ئىنزارى.

**دۇجاجە** [دجاجە] «دۇجاج» غا قاراڭ:

کی دۇجاجە فەرياد ئېتەر هەر زەمان،
دەريغا، ئۆتەر دەپ بەقاسىز جەهان.
— ئا. نىزارى.

**دۇچار** [دوچار] (پ) ئۇچراش، يولۇقۇش، دۇچ كېلىش:
يا پەرى، ياهۇرى يا باغى ئېرەم ياد ئەيلەمەس،
شەهرىنى ئۇنتار بولۇر هەر كىم دۇچارى كاشغەر.
— گۇمنام.

**دۇچار بولماق** — يولۇقماق، دۇچ كەلمەك؛
**دۇچار ئولماق** — «دۇچار بولماق» قا قاراڭ:
دۇچار ئولماس ئېردىم ساڭا كاشكى،
سەن هەم باقماس ئېردىڭ ماڭا كاشكى.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دۇچوبە** [دوچوبە] چېدىر:
دۇچوبە ئەۋجى بۇ فېرۇزە خىرگاه،
ئانىڭ ئىككى كۆمەچى مېهر ئىلە ماه.
— نەۋائى.

**دۇخان** [دخان] تۈتۈن، دۇت.

**دۇختەر** [دختر] قىز، قىز بالا:
جۇملە دۇختەر ئەختەر ئۇلسا، ئۇل پەردۋەش شەمسىدۇر،
بارچە بەلكى لەئل ئۇلسا، ئۇل سەدەفنىڭ گەۋهەرى.
— موللا بىلال.

**دۇخۇل** [دخول] (ئە) داخىل، داخىل بولۇش، كىرىش:
ئاتاسى سۆزىنى قەبۇل ئەيلەدى،
دەلالەتكە ئۆزىنى دۇخۇل ئەيلەدى.
—ئا. نىزارى.

**دۇخۇل ئەيلەمەك** — كىرمەك، كىرىپ كەتمەك.

**دۇد** [دود] (پ) 1) تۈتۈن، ئىس:
قارا قۇيۇندەك چىقار خەسدەك تېنىمدىن دۇد ئاه،
كىم خەيالىن ئەيلەسەم ئوتلۇق نىگاهى ئوت ياقار.
— تەجەللى.

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل هەم قۇۋۋەتى رۇهى رەۋانىمدۇر چىلىم.
— ئەرشى.

2) ئاه، ئاهۇ نالە؛ ساراسىم؛ پۇشايمان:

ئۆز قىلغان ئىشىنىڭ قەباھەتى خاتىرىگە كېلىپ، دۇد باشىغە ئاشتى.

— نەۋائى.

3 › توزان، چاڭ ـ توزان؛ خىرە، خىرەلىك؛ 4 › زۇلۇم؛ 5 › غەم، ئەلەم:

رىشتەئى ھىجرانىمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغى بېھىشت،
ئاھ دۇدىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەر سامۇدۇر.
— ئەرشى.

6 › ئىسرىق:

دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەر رەسەن،
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر سارىدىن خۇشبۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

ئاھى دۇد ئالۇد — ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇلۇق ئاھ؛ تۇتۇن ئارىلاش ئاھ؛

تۇن دۇدى — تۇن قاراڭغۇلۇقى، قاراڭغۇلۇق؛

دۇدى ئاھ — ئوتلۇق ئاھ، ئاچچىق ئاھ؛ ئاھ تۇتۇنى؛ پىراق مۇشەققىتى:

يۈزى مەيگۈن ئەمەس قانلىغ ياشىم تەئسىرىدۇر، بىلكىم،
قارا كاكۇل ئەمەس باشىمدا پۈتكەن دۇدى ئاھىمدۇر.

— ئەرشى.

دۇدى غەزەب — غەزەپ ئاھى؛ پىراق ئوتى؛

دۇدى گۇناھ — ئىسيان تۇتۇنى؛

دۇدى ھىجران — پىراق ئوتى، ھىجران، ئايرىلىش ئازابى:

ئەۋجىمدىن تا ئەۋجىگە سالماق نەزەر مۇمكىن ئەمەس،
يا ئىبرۇر بۇ دۇدى ھىجران [يا] ئۆزۈن ساچمۇ ئىكىن.
— ئەرشى.

دۇداغ [دوداغ] لەۋ، كالپۇك:

ئەسلى ئالچىن، سۆزلەرى چىن، كۆزلەرى تاتار ئىبرۇر،
مىلك ياشار ھەركىم دۇداغى شەربەتىن تاتار ئىبرۇر.
— سەيفى سەرايى.

دۇداڭ [دودانک] ئىككى ھەسسە، ئىككى ئۆلچەم.

دۇدە [دوده] (پ) 1 › كۇيە، قۇرۇم؛ ئىس، تۇتۇن؛ 2 › ئۇرۇق، ئەۋلاد:

تۇت ئاگاكىم، ئىبرۇر ئىش ئاگاھى،
مەفخەرى دۇدەئى مىرانشاھى.

— نەۋائى.

3» تالڭ قاراڭغۇلۇقى؛ قاراڭغۇلۇق نىشانىسى؛ 4» تەخت، دەرگاھ.
دۇدەئى كەيقۇباد ـ كەيقۇباد دەرگاھى؛ تەخت.

دۇدمان [دودمان] (پ) خانىدان؛ قەبىلە، ئائىلە.

دۇر I [در] (ئە) «دۇرر» غا قاراڭ:
لەبلەرى رەشكى لەئل ئولۇپ، لالە داغى ئېرۇر خىجىل،
سۆزلەرىدىن چۇ دۇر تامار، كۆپدۇر ئانىڭ نەزاكەتى.
— ئەرشى.

دۇرى راز— سىر ئۈنچىلىرى، سىر جاۋاھىرلىرى:
دېدى ئەۋۋەل نەدىمى نۇكتە پەرداز،
تۆكۈپ گەنجىنەئى دىلدىن دۇرى راز.
— ناقىس.

دۇرى رەھمەت — رەھمەت ئۈنچىسى، رەھمەت گۆھىرى:
ئەخىر ئىشقۇ فەنادىن بەقا ئېرۇر ھاسىل،
ئۆلانىسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئاندا ئابىھەيات.
— شەۋقى.

دۇرى سەيراب — «دۇررى سىراب» قا قاراڭ:
بۇ كۆڭۈلنىڭ سەيدىغە ھەر تارىدۇر تۇللابلار،
خۇب ياراشىپدۇر قۇلاغىڭغە دۇرى سەيرابلار.
— قەلەندەر.

دۇرى مەقسۇد — «دۇررى مەقسۇد» قا قاراڭ:
قولغە كەلتۇرمەك مەھال ئېرمىش دۇرى مەقسۇدىنى،
كىم مېنىڭدەك ئوشۇرۇپ قويسە قەدەم ئۇرچاغىدىن.
— قەلەندەر.

دۇرى ناب — «دۇررى ناب» قا قاراڭ:
مۇلاقات بولدۇمكى بەۋۋابىغە،
قاراپ مەن كەتۇرگەن دۇرى نابىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇرى ئۇممان — «دۇررى ئۇممانى» غا قاراڭ:
دېدى: «بۇ ئىلتىفات ئۇبدان بولۇپدۇر،
مېنىڭدەك تاش دۇرى ئۇممان بولۇپدۇر.
— ناقىس.

دۇرى يەكتا — «دۇررى يەكتا»غا قاراڭ:
دېمە ئەي بىخەبەر، ئەرشىنى كەمگويو كەم ئىستېئداد،
سەدەف بىر قەترەگە قانىئ بولۇپ تاپتى دۇرى يەكتا.
— ئەرشى.

**دۇر1** [دور] (پ) ئۇزاق، يىراق؛ يىراقلاشقان:

چۇ سەن سالدىڭ مېنى نەۋرۇزدىن دۇر،
ئانى ماڭا، مېنى ئاڭا قاۋۇشتۇر.
— لۇتفى.

**دۇرەخش** [درخش] (پ) «دەرەخش»، «دەرەخشان» لارغا قاراڭ.

**دۇرەخشان** [درخشان] (پ) يالتىراق، پارلاق، يالت - يۇلت قىلىپ تاۋلانغۇچى، نۇر-لۇق، يورۇق:

يەر ئۇزە پەيدا ئەمەس خىزر، فەلەك ئۇزرە مەسىھ،
بولدىلار پىنهان ئىكەۋ لەئلى دۇرەخشانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

بەرقى دۇرەخشان — يالت - يۇلت قىلىپ چاقنىغۇچى چاقماق، ئەتراپنى يورۇتقۇچى چاقماق، چېقىن؛
دۇرەخشان ئەيلەمەك — يورۇتماق؛
دۇرەخشان بولماق — روشەن بولماق، نۇرلۇق بولماق:

جۇۋانۇ قىز دۇرەخشان بولسا چۇن ماھ،
ھەۋەس ئەھلى ئۇرار ئاھ ئۇستىگە ئاھ.
— خىرقەتى.

دۇرەخشان قىلماق — «دۇرەخشان ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
مېھرى دۇرەخشان — پارلاپ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش.

**دۇرەخشەندە** [درخشنده] (پ) «دۇرەخشان» غا قاراڭ.

**دۇرەر** [درر] (ئە) [بىرلىكى: دۇرر] دۇرلار، ئۇنچىلەر، مەرۋايىتلار؛ «دۇرر» غا قاراڭ.

دۇرەر ساچماق — 1) ئۇنچە - مەرۋايىت چاچماق؛ 2) ئاجايىپ سۆز ئېيتماق.

**دۇرەربار** [درربار] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۇنچە - مەرۋايىت چاچقۇچى؛ 2) قىممەتلىك، مەنالىق، نازۇك ۋە نەپىس سۆز ئېيتقۇچى؛ شائىر.

**دۇرەفشان** [درفشان] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۇنچە - مەرۋايىت چاچقۇچى:

قايسى گۇلزار ئىچرە بىر گۇل ئاچىلۇر ھۇسنۇڭ كەبى،
قايسى گۇلبەرگى لەبى لەئلى دۇرەفشانىڭچە بار؟
— گۇمنام.

2) چىرايلىق شېئىرلار تۈزگۈچى؛ گۈزەل سۆزلىگۈچى:

قۇلاق سالغىل ساڭا بىر سۆز ئايتاي،
دۇرەفشانلىق قىلىپ كۆڭلۇڭنى ئاۋتاي.
— خىرقەتى.

دۇرەڭ [دورنگ] (پ) 1) ئىككى خىل، ئىككى خىل رەڭ؛ 2) ئىككى يۈزلىمە-چى؛ 3) ساۋاتسىز.

دۇرئەندىش [دوراندیش] (پ) يىـىراقـنى كۆزلىگۈچى، مۇلاھىـزىلىـك، ئاقىۋەتـنى ئويلاپ ئىش قىلغۇچـى:

ئەمما بۇ ھىساب خىرەدى دۇربىـن ۋەززانى بىلە ۋە ئەقـلى
دۇرئەندىش مىزانى بىلە راست ئىرمەس.
— نەۋائىي.

دۇربار [دربار] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۈنـچـە - مەرۋايـىـت ياغـدۇرغۇچـى؛ 2) چوڭقۇر مەنىلىك، قىممەتلىك ۋە ھىكمەتلىك سۆزلەر ئىزھار قىلغۇچى، گۈزەل سۆزلىگۈچى:

كۆرمەدىم كۆڭلۈم ئالۇرغە سەن كەبى يارى يەنە،
خەستە جانىم ئىرگۈزۈرگە لەئلى دۇربارى يەنە.
— ئەرشى.

دۇربار ئەلفاز — 1) نازۇك، چوڭقۇر مەنالىق سۆزلەر؛ 2) كۆز يىشى؛
دۇربارلەفز — مەنالىق سۆز، شىرىن سۆز؛
دۇربار يىغلاماق — يىغلىماق، كۆز يىشى تۆكمەك:

سەھابىكىم بولۇپ دۇربار يىغلاپ،
ئاڭا كىرگەن كىشىگە زار يىغلاپ.
— نەۋائىي.

دۇرباش [دورباش] (پ) يىراقلاش، قىچىش، ئۇزاقلىشىش؛ چەتكە چىقىۋېلىش.
دۇرباش ئەيلەمەك — يىراقلاشتۇرماق، قاچۇرماق، چەتلەتمەك.

دۇربىن [دوربین] (پ) 1) دۇربۇن؛ 2) يىراقنى كۆرىدىغان، ئۇزاقنى كۆرە-لەيدىغان:

مۇئەييەن كۆرگەنىڭدىن ھەر نەزەردە جەننەتۇ دەۋزەخ،
كەرامەت قۇلزۇمىنىڭ كۈشتەسىدە دۇربىن دەرلەر.
— زەلىلى.

دۇربىين [دوربین] (پ) «دۇربىـن» غا قاراڭ.

دۇرپاش [درپاش] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۈنچە - مەرۋايىت چاچقۇچى؛ 2) قىمـمەتلىك سۆزلەر ئېيتقۇچى؛ 3) ياش تۆككۈچى؛ 4) كۆز ياشلىرى.

دۇرج [درج] (ئە) 1) سىدىپ، قـىـممەتـبـاھـا تاشلار ساقلىـنـدىـغان قۇتا، جاۋاھىر قۇتىسى:

يەنە يول كىراسى بىلە خەرجىغە،
بىرىپ نوقرەلەرنى سالىپ دۇرجىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائىي.

2 › ئېغىز، كاۋاك:

دۇرجى دەقايىق – گۈزەل سۆزلەر يىغىندىسى؛

دۇرجى لەب – لەۋ قۇتىسى؛ گۈزەل لەۋ:

كۆزى نەچچە قەتلىك ئۈستەر، بولماغىل نەۋمىدكىم،
دۇرجى لەبدىن تىرگۈزۈرگە خەستە سۇپ ئىمانى كۆر.
— ئەرشى.

دۇرجى لەئل – ئېغىز، ئاغزى، لەۋ ياقۇتى؛

دۇرجى مۇھەببەت – سۆيگۈ جاۋاھىرى، ئۇنچىسى:

مۇھەببەتنىڭ ئۇچىنچى ھەرپى «ب» دۇر،
قاچان دۇرجى مۇھەببەت ئېردى بە دۇر.
— خىرقەتى.

دۇرجى ياقۇت – ياقۇت قۇتىسى، گۈزەل لەۋ، ئېغىز:

لەئلى نابىڭ چەشمەسىندە ئابىھەيۋان ياشرىن،
دۇرجى ياقۇتىڭدە، ئەي جان، دۇررۇ مەرجان ياشرىن.
— نەسىمى.

**دۇرد** [درد] (پ) ھەر نەرسىنىڭ قالدۇقى، دۇغى، لايقىسى؛

بادە دۇردى – مەي دۇغى؛

دۇردى ئاشام – دۇغ ئارىلاشقان:

شەرابى بىخۇدى ئايىنە يەڭلىغ سافدۇر كۆڭلۈم،
بۇ مەيخانە مەيدىن ئىچمەگىزلەر دۇردى ئاشامى.
— زەلىلى.

دۇردى جامىن سۇمۇرمەك – جام، پىيالىدىكى قالدۇق، ساقىندى (مەينى) سۇمۇرمەك.

**دۇرد ئاشام** [درد آشام] (پ) مەي دۇغىنى، ساقىندىسىنى ئىچكۇچى.

**دۇردان** [دردان] (ئە + پ) 1 › ئۇنچە قۇتىسى، دۇر ساقلىنىدىغان قۇتا؛

2 › ئۇنچە، مەرۋايىت:

قاشى مېھرابىغە يۈز قويسام كۆزى چولپانچە بار،
لەبلەرى مانەندى لەئلۇ تىشلارى دۇردانچە بار،
— موللا سالىھ.

**دۇردانە** [دردانه] (ئە + پ) 1 › يۇلتۇز ۋە سەييارىلەر:

ھەمۇل چەرخ باغرىغە دۇردانەدۇر،
ھەمۇل بەھرۇ گەۋھەرغە ئەفسانەدۇر.
— نەۋائى.

2 › دۇر، ئۇنچە، مەرۋايىت:

پىستە ئاغزىنىڭ ئىچىدە تىشلەرى دۇردانەدۇر،

سۆزلەری قەندىن لەزىز، شىرىن گوُفتار ئەيلەگەچ.
— نەۋبەتى.

3 › كۆز يېشى، ياش تامچىلىرى:
چۇ بەرنا ئىشىتتى بۇ ئەفسانەنى،
تۆكەر بولدى كۆزدىنكى دۇردانەنى.
— ئا. نىزاى. ن، زىيائى.

دۇردكەش [دردكش] (پ) مەي دۇغىنى، ساقىندىسىنى ئىچكۈچى، مەيخور؛ ئىچىملىككە بېرىلگەن.

دۇردنوش [دردنوش] (پ) «دۇردكەش» كە قاراڭ.

دۇرر [در] (ئە) [كۆپلۈكى: دۇرەر] 1 › دۇر ئۈنچە، مەرۋايىت:
ساڭا قۇل بولغانىغە فەخر ئېتەرلەر بارچە سەرۋەرلەر،
تىشىڭنى ھەسرەتىدىن قان يۇتارلار دۇررۇ گەۋھەرلەر.
— قەلەندەر.

2 › مەنالار، سۆزلەر؛ چوڭقۇر مەنىلىك، چىرايلىق، نازۇك پىكىرلەر؛
قان ياشىمنى ھەجرىدە، شېئرىمنى ۋەسفىدە كۆرۈڭ.
كىم بۇ يەڭلىغ دۇررۇ گەۋھەر قايسى بەھرۇ كان بېرۇر.
— بابىر.

3 › كۆز يېشى، ياش تامچىلىرى، ياش ئۈنچىلىرى:
ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسم ئۈزرە كۆزلەر ھىكمەتى،
گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۈزە يەتتى تەبەق.
— ئەرشى.

4 › پەرزەنت:
مۇكەللەل مېھر دۇررى بىرلە تاجى،
ئانىڭ بىر ئۆزگە دۇرغە ئېھتىياجى.
— نەۋائى.

5 › سۆيگۈ، ئىشق:
بولۇپ قىزغە مەۋجۇد چۇ دۇررى مۇراد،
كۈلۈپ غۇنچە يەڭلىغ چۇنان بولدى شاد.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇررۇت — تاج — «دۇررى تاج» غا قاراڭ؛

دۇررى ئەدەن — ئەڭ تازا، ساپ ئۈنچە:
ۋەسلىڭ بىلە دەشت ئۈزرە خارا دۇرۇ گەۋھەردۇر،
مانەندى ئۇشاق تاشدۇر ھەر دۇررى ئەدەن سەنسىز.
— گۇمنام.

دۇررى ئەشك — كۆز يېشى، ياش ئۈنچىلىرى:
ئايا مەھبۇب يولۇڭغە دۇررى ئەشكىمنى نىسار ئەيلەپ،

تەسەددۇق ئەيلەسەم مۇڭلۇغ باشىمنى خار - زار ئەيلەپ.
— شەۋقى.

دۇررى ئەمانەت — ئەڭ قىممەتلىك تاپشۇرۇقلار؛

دۇرى ئەنجۇم — يۇلتۇز دۇردانىلىرى:

يۇگۇرماقدىن سەبا رەفتارى خـۇش سۇم،
ئەرەقدىن يەرگە تۆكتى دۇررى ئەنجۇم.
— ناقىس.

دۇررى بەخت — بەخت گۆھىرى، بەختىيارلىق جاۋاھىرى:

بۇ سەرھەد ئېرۇر ھەم ئاگا پايى تەخت،
فەلەك ياغدۇرۇپدۇر بەسى دۇررى بەخت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇررى بىبەھا — باھاسىز ئۈنچە، قىممەتلىك بايلىق:

نە سۇد ئەمدى ئەگەرچە بولسە چۇن خەرمۇھرەلەر پەيدا،
نېتەي ئەمدى ئىكى ئالەمنى، دۇررى بىبەھا كەتتى.
— ئەرشى.

دۇررىپاك — 1) ساپ، تازا گۆھەر؛ 2) نازۇك تەبىئەت؛ 3) شاھزادىگە ئىشارە:

ۋە ئۇلچە سەلتەنەت دۇرجىنىڭ دۇررى پاكى ... سۇلتان مۇھەممەد مىرزا ... بابىدا بىتىلىپ ئېردى.
— نەۋائى.

دۇررى تاج — تاجغا ئورنىتىلغان ئۈنچە؛

دۇررى جەۋاھىر — ئۈنچە - مەرۋايىت، قىممەتباھا خەزىنە:

نىسار ئەفشان قىلىپ دۇررى جەۋاھىر،
تابۇقدا قىلدىلەر ئىخلاس زاھىر.
— لۇتفى.

دۇررى جەۋھەر — «دۇررى جاۋاھىر»غا قاراڭ:

سەيفى سەرايى خىزمەتىگە مەدھ ئۇقۇپ تۆكەر،
بەھرى ئېرۇر ئىچىندىن ئالىپ دۇررى جەۋھەرى.
— سەيفى سەرايى.

دۇررى خۇشاب — يالتىراق، ساپ مەرۋايىت:

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب،
ئىككى زۇلفۇڭ سايەسىغە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب.
— قەلەندەر.

دۇررى زات — ئەسلى نەسەب؛

دۇررى ژالە — ياش، كۆز يېشى، ياش ئۈنچىلىرى:

دېدى: كۆزدىن تۆكەرسەن دۇررى ژالە؟
دېدى: ئىشقىڭ تېگىپتۇر ئاھۇ نالە.
— خىرقەتى.

دۇررى سەفىد ــ 1) ئاق ئۈنچە؛ 2) قورغان نامى؛
... ۋە ئۆز ئوغلى ئىسفەندىيارنىكم، دۇررى سەفىد قورغانىدە مەھبۇس
قىلىپ ئېردى، چىقارىپ ... ئەرجەسپ ئىنتىقامىغە يىبەردى.
ــ نەۋائى.
دۇررى سەمىن ــ قىممەتباھا تاش؛ بىباھا گۆھەر تاش؛
دۇررى سىيراب ــ تازا، پاكىزە گـۆھەر؛
دۇررى شاھانە ــ شاھلارغا مۇناسىپ، كەم تېپىلىدىغان گۆھەر؛
دۇررى شەب ئەفرۇز ــ كېچىسى يورۇيدىغان، كېچىنى يورۇتىدىغان گۆھەر؛
دۇررى شەب چىراغ ــ كېچىسى چىراغقا ئوخشاش يورۇيدىغان گـۆھەر،
پارىلداپ يېنىپ تۇرىدىغان گۆھەر؛
دۇررى شۇھۇد ــ سىرە گۆھەر، چوڭ مەرۋايىت:
كۆرۈپ ئانچە ياخشى سىپاھۇ جۇنۇد،
باشىغە بىلىپ تاج دۇررى شۇھۇد.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇررى غەلتان ــ يۇمىلاق گۆھەر:
مەقدەمىڭغە ساچقالى يۈزدىن ئۈگۈن يوق ئالتۇنۇم،
بار ۋەلى كۆز بەھرىدە كۆپ دۇررى غەلتانىم مېنىڭ.
ــ لۇتفى.
دۇررى گەرانمايە ــ 1) قىممەتباھا ئۈنچە؛ 2) شاھزادىگە ئىشارە:
ئول دۇررى گەرانمايەنى تەڭرى تەئالا مىرزا بىلەن بېگىم ئۈچۈن
پايەندە تۇتسۇن.
ــ نەۋائى.
دۇررى گەۋھەرخانە ــ گۆھەر ۋە ئۈنچىلەر خەزىنىسى:
ھەق تەلەب سەن تىنمايىن ھەق سارى قاچ،
دۇررى گەۋھەر خانەگە دەرۋازە ئاچ.
ــ شەۋقى.
دۇررى گۆھەر ــ گۆھەر ئۈنچىلىرى، مەرۋايىت:
قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى نا پەيداسى بار.
ــ ئەرشى.
دۇررى گىرامى ــ 1) قىممەتباھا گۆھەر؛ 2) مەھبۇب، گۈزەل، جانان؛
دۇررى لايەنزۇر ــ تەڭدىشى يوق گۆھەر، ساپ گۆھەر، ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر؛
دۇررى مائەۋھا ــ ۋەھمى (خەۋەر) دۇرلىرى؛ قىممەتلىك خەۋەرلەر؛
دۇررى مەقال ــ سۆز ئۈنچىلىرى؛ سۆزلەش قابىلىيىتى؛
دۇررى مەقسۇد ــ مەقسەد گۆھىرى، ئىنتىلىشكە سەۋەبچى بولغان نەرسە:

بەھرىڭغە كىردىم غەۋۋاس بولاي دەپ،
بىر دۇررى مەقسۇد ئالغالى كەلدىم.
— مەشرەپ.

دۇررى مەكنۇن — تازا، ساپ مەرۋايىت؛
لەبلەرىڭدەك لەئلى يوقتۇر، ئاغزىڭ ئوخشە غۇنچەئى،
تىشلەرىڭغە، ئەي پەرىۋەش، دۇررى مەكنۇن ئوخشاماس.
— قەلەندەر.

دۇررى مەنزۇم — شېئىر ئۇنچىلىرى، نەزم تىزمىسى؛

دۇررى مەئنى — دۇر كەبى قىممەتباھا مەنىلەر، چىرايلىق، چوڭقۇر مەنىلىك، نازۇك پىكىرلەر؛

دۇررى ناب — 1) تازا، تىنىق، ساپ، سۈزۈك مەرۋايىت؛ قىممەتباھا تاش؛ 2) قىممەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز؛

دۇررى ناياب — 1) كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مەرۋايىت؛ 2) مەنا دۇرلىرى، ئۇنچىلىرى؛

دۇررى نەزمى — نەزىم، شېئىر ئۇنچىلىرى:
سىپەر قىلغاي سۆزدە لۇتفى ساھىرى كەشمىرتەك،
دۇررى نەزمىغە قۇلاق گەر سالسە ماھى كابۇلى.
— لۇتفى.

دۇررى ھەقايىق — ھەقىقەت سۆزلىرى؛

دۇررى ئۇممانىي — ئوكيان، دېڭىز مەرۋايىتى؛

دۇررى ئېھسان — ساخاۋەت ئۇنچىلىرى:
دوستلار مەندىن ئىشت ئەفسانە ئەئيان ئەيلەبان،
بىر - بىرىمىزگە ھەقىقەت دۇررى ئىھسان ئەيلەبان،
— موللا سالىھ.

دۇررى يەتىم — سەدەپتە يالغۇز يېتىشكەن مەرۋايىت، قىممەتباھا مەرۋايىت، يېگانە گۆھەر:
سەن كەبى چىقماس نۇبۇۋۋەت بەھرىدىن دۇررى يەتىم،
توغرا بولماس ئىككى ئالەمنىڭ خىراجىدىن خىراج.
— شەۋقى.

دۇررى يەكتا — دۇنيادا يېگانە، قىممەتباھا، تەڭدىشى يوق گۆھەر:
دۇررى يەكتا تاپماس ئىردىكىم سەدەف ئىچرە ۋۇجۇد،
كۆزلەرىم ئەبرى ئەگەر مېھرىڭدە گىريان بولماسا.
— ئەرشى.

دۇررى يەكدانە — «دۇررى يەكتا» غا قاراڭ:
نىھان ئولدى سەدەفدە گەۋھەرى بىر دۇررى يەكدانە،
بۇ دەھر بىبەقا دەپ، خۇشلاماي ئۇل لامەكان كەتتى.
— موللا سالىھ.

دۇررى يىگانە ــ «دۇررى يەكتا» غا قاراڭ؛

تەلقىنى ئىشقى پىرى تەرىقەتكى ئەيلەدى،
سالدىم بۇ جان قۇلاقىغە دۇررى يىگانەدۇر.
ــ زەلىلى.

**دۇرراج** [دراج] (ئە) 1› قىرغاۋۇل، بۇدىنىگە ئوخشاش بىر تۇرلۇك قۇش؛

چەمەندە بۇلبۇلۇ قۇمرى غەزەلخان،
تۇزۇپ دۇرراجۇ كەكلىك تۇرلۇك ئەلھان.
ــ لۇتفى.

2› شەخس نامى (خاس ئىسىم)؛

ئەبۇلھەسەن دۇرراج ئۇچىنچى تەبەقەدىندۇر.
ــ نەۋائى.

**دۇررەتۇت ـ تاج** [درة التاج] (ئە) تاجغا قادالغان ئۈنچە؛ ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ ئالىي سۈپەت.

**دۇرفىشان** [درفشان] (ئە + پ) «دەرەفشان»، «دۇرەفشان» لارغا قاراڭ؛

چىقىپ ساھىلغە ئەيلەپ دۇرفىشانلىغ،
بۇ يەڭلىغ ئەيلەمىشدۇر نۇكتە دانلىغ.
ــ ناقىس.

**دۇرنىسار** [درنثار] (ئە) دۇرچېچىش؛ دۇر چاچقۇچى، بەھرە بەرگۇچى يامغۇر؛

قىلدى بۇلۇت ئەشكى بىلەن دۇرنىسار،
بولدى چاقىن كۇلكۇسىدىن خاكسار.
ــ نەۋائى.

**دۇرۇد** [درود] (ئە) دۇئا، سالام، ئالقىش، مەدھىيە؛ ياخشىلىق تىلەش؛

دۇرۇد ئايغىل مۇھەممەد جانىبىغە تىنمايىن، شەۋقى،
ئۇمىدى ۋەسل ئىلە قورقۇنجى فۇرقەتدىن ئىبرۇر مەئخۇز.
ــ شەۋقى.

دۇرۇدى نامەئۇد ــ سانسىز ـ ساناقسىز ماختاش.

**دۇرۇ دەراز** [دورودراز] (پ) ئۇزۇندىن ئۇزاق، سوزۇلغان.

**دۇرۇر** [دورور] ـ دۇر (ھۆكۈم ياردەمچىسى)؛

ئۆرتەنمەكۇ كۆز ياشىمى تۆكمەكدۇرۇر ئىشىم،
بۇ غۇسسەنى ئول شەمئى شەبىستانىمە ئايتىڭ.
ــ لۇتفى.

**دۇرۇست** [درست] 1› تولۇق، كامىل؛ پۇتۇن؛ 2› ياخشى، توغرا، راست، ئورۇنلۇق؛ 3› ساغلام، سالامەت؛ 4› خالىس، سەممىي؛

كى باردۇر ئاڭا تۆرت يارى دۇرۇست،
ئەبۇ بەكرى سىددىق يارى نۇخۇست.
ــ ئا. نىزارى.

دۇرۇست ئەيلەمەك ــ قەتئىي كىرىشمەك، جەزم قىلماق؛

دۇرۇست قىلماق ـ توغرا قىلماق؛ ئاساس سالماق.

دۇرۇغ [دروغ] ئالداش، ئالدىماق؛ ساختا، يالغان:

ئەگەرچە ۋەزىرنىڭ سۆزىدۇر دۇرۇغ،
سىپىنىڭ ئەمرىڭ ئانداغ تونۇر ئىچرە چوغ.
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇرۇشت [درشت] (پ) قوپال؛ قوپاللىق بىلەن.

دۇرۇشتخوي [درشتخوى] (پ) قوپال قىلىقلىق، قوپال خاراكتېرلىك.

دۇرۇشتگوي [درشتگوى] (پ) قوپال سۆزلۈك؛ قوپال مۇئامىلىلىك:

ئەكسەرى فاسىق ۋە بەدخۇي، ۋە قالغانى كاج تەبىئ دۇرۇشتگوي.
ـ نەۋائى

دۇزد [دزد] (پ) ئوغرى:

زوھدۇ تەقۋا گوييا بىر شەب چىراغ،
بولسە ھەر ئۆيدە چىراغ دۇزد ھەم يىراغ.
ـ خەراباتى.

دۇشاب [دوشاب] (پ) شىرنە، ئۈزۈم شىرنىسى.

دۇشمەن [دشمن] (پ) رەقىب، ياۋ، دۈشمەن.

دۇشمەن تۇتماق ـ دۇشمەن، رەقىب دەپ بىلمەك، دۇشمەن، رەقىب دەپ ھېسابلىماق.

دۇشنام [دشنام] تىل، ھاقارەت؛ تىللاش، ھاقارەتلەش، كەمسىتىش، دەشنەم، «دەشنام» غا قاراڭ:

ئەلگە كۆپ ئىنئام ئېتەرسەن، دەم ـ بەدەم دۇشنامنى،
قەدر بىلمەسلەرگە ئاخىر، مۇنچە ئېھسان قىلماغىل.
ـ لۇتفى.

دۇشۋار [دشوار] (پ) قىيىن، ئېغىر، مۇشكۇل:

ۋىسالى لەززەتىدىن رۇھ تاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددەتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.
ـ بابىر.

دۇشۋاردىن دۇشۋار ـ ناھايىتى قىيىن؛

دۇشۋار قىلماق ـ قىيىنلاشتۇرماق، مۇشكۇللەشتۇرمەك.

دۇشىزە [دوشيزه] (پ) قىز؛

دۇشىزەدىن نىقاب ئالماق ـ «غەيب دۇشىزەسىدىن نىقاب ئالماق» قا قاراڭ.

غەيب دۇشىزەسىدىن نىقاب ئالماق ـ غايىپتىن خەۋەر تاپماق.

دۇك [دوك] يىك.

دۇكتەراش [دوك تراش] يىكچى.

**دۇگانه** [دوگانه] (پ) جۈپ، ئىككىبىزەك؛ ئورتاق؛

يوق، يوق، دېمه ئانى ئىككى دانه،
ئول دانه ئەمەس ئېدى دۇگانه.
— نەۋائى.

**دۇلاب** [دولاب] (پ) 1) چىغىرىق (قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىدىغان چاق)؛ 2) ئىشكاب، يەششىك، ساندۇق.

**دۇلدۇل** [دلدل] چەرەن؛ دۇلدۇل:

كى شىرى خۇدا شاھ دۇلدۇل سەۋار،
ئەلىيۇر ـ رىزا ساھىبى زۇلفىقار.
— ئا. نىزارى.

**دۇلۇغه** [دولوغه] دۇبۇلغا (ئۇرۇشتا كىيىدىغان، تۆمۈردىن ياسالغان باش كىيىم)، «دۇبۇلغا» غا قاراڭ.

**دۇم** [دم] «دۇمىن» غا قاراڭ:

كى بۇ دۇمنى قىلغىل سەئادەت سىرىشت،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيله ئىبادەت سىرىشت.
— ئا. نىزارى.

**دۇمار** [دمار] (پ) «دەمار» غا قاراڭ.

**دۇمۇئ** [دموع] (ئە) [بىرلىكى: دەمئ] كۆز ياشلىرى:
**لالەگۈن دۇمۇئ** ـ لالىدەك (قىپقىزىل) كۆز ياشلىرى.

**دۇمىن** [دمن] ئاخىرى؛ ئىككىنچى؛ قۇيرۇقى:

تاشلاسه ھەر ئىت ئەۋۋەلىي ئىشكىن،
ھەر ئىشكىنىڭ ئىتلارى تۇتقاي دۇمىن.
— خەراباتى.

**دۇن** [دون] (پ) 1) پەس، پەسكەش، رەزىل، ناكەس:

كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن، ئەي ھۇرى زەمان،
قىلسه بۇ گەردۇنى دۇن سۆڭەكلەرىمنى گەر رەمىم.
— قەلەندەر.

2) خار؛ لاياقەتسىز؛ 3) كاژ، بىتەلەي:

سەرنەۋشتىم ئېردىمۇ يا تالېئىمنىڭ دۇنلۇغى،
بۇ ھەمه مەھروىلاردىن بىر دەۋايى تاپمادىم.
— ئەرشى.

**دۇن سىفەت** ـ پەسكەش، ئەخلاقسىز، يارىماس سۈپەتلىك ئادەم؛
**دۇنشىئار** ـ رەزىل نىيەتلىك، ياۋۇز؛
**دۇن مەرتەبه** ـ مەرتىۋىسى پەس، تۆۋەن؛
**دۇنى لەئىم** ـ لەنىتى؛ زاتى، نەسلى پەس.

**دۇنبال** [دنبال] (پ) دۇم، ئارقا؛ ئارقا تەرەپ؛ بىرەر نەرسىنىڭ داۋامى، ئاخىرى:

قەزا يەتسە كەتسەم ئىدى ئالدە،
قالىپمەن نېتەي ئەمدى دۇنبالدە.
— ئا. نىزارى.

**دۇنباله** [دنباله] (پ) «دۇنبال» غا قاراڭ.

**دۇنپەرەست** [دون پرست] پەسكەش، يارىماس، ئەخلاقسىز، رەزىل، ناكەسلەرنى دوست تۇتقۇچى:

بىرەۋكىم ئېرۇر دەھر ئارا دۇن پەرەست،
تەئەللۇق مەيىگە قىلىپ ئۆزنى مەست.
— ئا. نىزارى.

**دۇنپەرۋەر** [دون پرور] (پ) 1› يامان، پەس كىشىلەرنى تەربىيە قىلغۇچى:

بۇ دۇنپەرۋەرلەر ئىچرە ئېتىبارىم بولماغاي ھەرگىز،
پەيەمبەر مۇئجىزى ئوخشە ئەگەر شەققۇل-قەمەر قىلسام.
— قەلەندەر.

2› چەرخ، پەلەك؛ تەقدىر.

**دۇنخسال** [دون خصال] (ئە) پەسكەش، پەس تەبىئەت؛ زاتى، نەسلى پەس؛ يامان ناچار خۇلق:

با ۋۇجۇدى مۇنچە نەقد ئول دۇنخسال،
تونغە تىكمىش ئېدى گەردۇن مىسال.
— نەۋائى.

**دۇنسىرشت** [دون سرشت] (پ) پەس خۇلق، ناكەس، يامان تەبىئەت.

**دۇنۇۋۋ** [دنو] (پ) «دۇنۇۋ» غا قاراڭ.

**دۇنۇۋۋۋ** [دنو] (پ) «دۇنۇۋ» غا قاراڭ.

**دۇنۇۋ** [دنو] (پ) پەسلىك، تۆۋەنلىك (تۆۋەن دەرىجە، مەرتىۋىدە).

**دۇنيا** [دنيا] (ئە) 1› جاھان، ئالەم، بارلىق:

ئەي كۆڭۈل، ياخشى ئىككى دۇنيادىن،
بىر نەزەر قىلسا ساڭا دىلدارىڭ.
— بابىر.

2› دۇنيا، بايلىق:

«سوفى مەن» دەپ، زاھىرىڭ ئاراستە ئەيلەپ سۇف ئىلە،
باتىنىڭدىن فىكر دۇنيا سوفى ئەھۋالىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

**تەركى دۇنيا قىلماق**— 1› ئالەم تەشۋىشلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاخىرەت-نىڭ تەييارلىقىنى قىلماق؛ 2› مال - دۇنيادىن ۋاز كەچمەك:

سالىھى يار كويىدە، گەۋھەرنى جۇستىجويىدە،
تەرك ئىپتىبانكى دۇنيانى دەر - بەدەر گەدا بولاي.
— موللا سالىھ.

دۇنيا ئەرۇسىنى تەلاق قىلماق - دۇنيادىن كەچمەك، دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزمەك؛
دۇنيادىن بارماق- ۋاپات بولماق، ۋاپات قىلماق؛
دۇنيادىن چىقماق- «دۇنيادىن بارماق» قا قاراڭ؛
دۇنيادىن كەتمەك - «دۇنيادىن بارماق» قا قاراڭ؛
دۇنيا غەمى - مال - دۇنيا، بايلىق غېمى، مال - دۇنيا يىغىش ئىستىكى؛
تاشلاغىل دۇنيا غەمىنى ئەسلى غەمدىن ئاخىرەت،
بادى سەر - سەردەك ئۆتەر ئۆمرۈڭ بۇ تۇرغانىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

دۇنياۋۇ مافىھا- دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسە ۋە ھادىسىلەر؛
دۇنيايى دۇن - پەسكەش دۇنيا:
بولماغاي ھەرگىز گەدالار ئەل ئالىندا ئېتىبار،
زىينەتى دۇنيايى دۇننى ئەي، قەلەندەر، زەر كېلىپ.
— قەلەندەر.

دۇنيا پەرەست [دنيا پرست] «دۇنيا دوست» قا قاراڭ.

دۇنيا دوست [دنيا دوست] دۇنيانى دوست تۇتقۇچى، بايلىقنى ياخشى كۆرگۈچى.

دۇنيا گۆزىن [دنيا گزين] (ئە + پ) دۇنيانى (بايلىقنى) خالىغۇچى.

دۇنيالىغ [دنيالېغ] 1) دۇنيا، بايلىق، مال - ئەشيا؛ 2) ئاخىرەتلىك.

دۇنيە [دنيى] (ئە) «دۇنيا» غا قاراڭ:
تۇتۇپتۇر دۇنيەنى ھۆسنىڭ سەراپاي،
جەمالىڭ چۇن بولۇپتۇر ئالەمئاراي.
— سەيد ئەھمەد.

دەۋات [دوات] دۇۋەت، سىياھ قۇتىسى:
كىيىپدۇركى خەلقى فەرەك جامەسىن،
ئالىپ قوللارىغە دەۋات خامەسىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇۋەت [دوت] «دەۋات» قا قاراڭ:
كېتتۇر ساقىكى، تۇت بادە، ماڭا ئانداغ مۇھىت ئىچسە،
قەلەم ساقى بولۇپ جامى دۇۋەتتىن گەر دىھان كاغەز.
— خۇشھال غەرىبى.

دۇۋاج [دواج] «دەۋاج» غا قاراڭ.

دۇيۇم [دويم] ئىككىنچى، ئىككىنچى (نۆۋەت، مەرتەم):
يەنە زەرب ئۇردى دۇيۇم بارەئى،
يىقىلدىم تاپالماي ئاڭا چارەئى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىبەق [دیبق] (پ) قىممەتباھالىق ماتا، ئىپسىل رەخت،
دىر [دیر] (پ) ئۇزاق (ۋاقىت)؛
دىر ئەتمەك ــ ئۇزاققا سوزۇلماق.
دىرەك [دیرک] ئىز، بەلگە؛ خەۋەر؛
دىرەكلىمەك ــ ئىزدىمەك:
دىدىكىم: «ئۇستا بىرنەققاش تاپسۇن،
ھايال بولماي دىرەكلەپ رەخش چاپسۇن».
ــ ناقىس.

دىكلەي [دیکلای] قىسقا يەڭلىك ئۇست كىيىم.
دىگۇل [دیکول] ئەمەس.
دىگۇلۇك [دیکولوک] ئىپتىقۇلۇق؛ ئىپتىشقا تىگىشلىك گەپ.
دىگۇنچە [دیکونجه] دىگىچە، ئىپتىقىچە؛ ...غىچە؛ ...گە قەدەر.
دىگىن [دیکین] «تىگىن» گە قاراڭ.
دىگىنچە [دیکینجه] «دىگۇنچە»گە قاراڭ.
دىمەمەك [دیماماک] دىمەسلىك، ئىپتىماسلىق.
دىمەن [دیمان] دىمەيمەن:
ئۆزنى لايىق لۇتفۇ ئىھسانغا دىمەن،
كىم سىياسەت قىلغالى ھەم ئىزدىمەن.
ــ نەۋائى.

دىھ [دیه] (پ) قىشلاق، يىزا.
دىھدار [دیهدار] (پ) قىشلاق ئاقساقىلى (مەنسەپ نامى).
دىھقان [دیهقان] (پ) 1› دىھقان؛ 2› قىشلاق باشلىقى؛ 3› تەجرىبىلىك كىشى، ئىش بىلەرمەن؛ ئىش-باشقۇرغۇچى؛ 5› ئىگە، ياراتقۇچى، خالىق؛
دىھقانى ئەزەل ــ ئاللا، تەڭرى؛ تەقدىر:
ئەزەل دىھقانى كەلگەيلەر زەمىنى شور ئۆزە شايەد،
ئىنايەتدىن بىرىپ ئىسلاھ زىھى كىم سەبزەزار ئەيلەپ.
ــ شەۋقى.

دىھقانى قەزا ــ «دىھقانى ئەزەل» گە قاراڭ.
دىھقانى سۇنئ ــ «دىھقانى ئەزەل» گە قاراڭ.
دىھقانلىغ [دیهقانلیغ] «دىھقانلىق» قا قاراڭ.
دىھقانلىق [دیهقانلق] دىھقانچىلىق.
دىبا [دیبا] (پ) نەپىس ئىپەك ماتا، ئىپەك كىيىم:
ياپىپ نەئىش ئۆزرە چۇ زىبا مەتائ،
بەسى رەڭگى خۇش ئىردى دىبا مەتائ.
ئا. نىزارى.

دىبايى بىنەفش ــ بىنەپشە رەڭلىك ئىپەك رەخت؛

دىبايى چىمى ـ چىندا توقۇلغان نەپىس رەخت؛
دىبايى گۇل رەڭ ـ ئاچ قىزىل رەڭلىك، شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك ئىپەك رەخت؛
دىبايى زەركار ـ زەر بىلەن توقۇلغان شايى؛
دىبايى چىمن ـ چىمن شايىسى؛
سەفھە دىباسى ـ نەپىس زىننەتلەنگەن بەت، زىننەتلىك سەھىپە.

**دىباچە** [ديباچه] (پ) 1) كىرىش سۆز، مۇقەددىمە؛ 2) كىتابنىڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بىرىنچى سەھىپىسى؛ 3) ھەر نەرسىنىڭ باشلىنىش قىسمى.

**دىدبان** [ديدبان] (پ) قاراۋۇل، نۆۋەتچى.

**دىدەك** [ديدك] (پ) چۆرە، خىزمەتچى قىز، چاكار:

كى زالىم قاشىدىن قۇتۇلدى ئۇلەر،
بولۇپ شادۇ خۇررەم دىدەكلەر كۇلەر.
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دىرا** [درا] (پ) «دەرا»غا قاراڭ.

**دىرايەت** [درايت] (ئە) ئاڭ، ئەقىل ۋە تەجرىبە ئارقىلىق بىلىش، خەۋەردارلىق.

**دىرايەت ئاسا** [درايت آسا] (ئە + پ) ئەقىللىق، دانىشمەن، ئۇستاز.

**دىرەفش** [درفش] (پ) 1) چاقماق؛ 2) پارقىراق، پارلاق، پارلاپ تۇرغان؛ 3) بېگىز، دەرەش؛ 4) ئۇچ بۇرجەكلىك ۋە زىننەتلىك بايراقچە؛ بايراق؛
دىرەفشى كاۋىيانى ـ قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرى بولغان زەھھاكقا قارشى خەلق قوزغىلىڭىنى تەشكىللىگەن ئىسپىھانلىق مەشھۇر تۆمۈرچى كاۋەنىڭ چەم بايرىقى.

**دىرەم** [درم] (ئە) تەڭگە، كۆمۈش تەڭگە؛ تىيىن:

كېلىپ بۇتپەرەستلەر تىزىنى پۈكۈپ،
ئالىپ ھەم بارۇرلار دىرەملەر تۆكۈپ.
ـ ئا.نىزارى، ن. زىيائى.

**دىرەمپاش** [درم پاش] (پ) تەڭگە چاچقۇچى، سېخىي.

**دىرەمسەنج** [درم سنج] (پ) پۇل ئۆلچىگۈچى.

**دىرەمسىز** [درم سيز] پۇلسىز؛ كەمبەغەل، پېقىر.
دىرەمسىز ئەل ـ كەمبەغەللەر، يوقسۇللار.

**دىرھەم** [درهم] (ئە) «دىرەم»گە قاراڭ.

**دىرئ** [درع] (ئە) ساۋۇت (قەدىمي ئۇرۇش كىيىملىرىدىن بىرى).

**دىز** [دز] (پ) قورغان، قەلئە
ئاھەنىن دىز ـ تۆمۈر قورغان، مۇستەھكەم قەلئە.

**دىژەم** [دژم] (پ) 1) ئېزىلگەن، ئازاب چەككەن؛ خار، غەمكىن، سۇلغۇن، خاراب؛ 2) غەزەپلىك، قەھرلىك.

دىۋەم ئەھلى – ئازاب چەككەن، ئېزىلگەن كىشىلەر، خار-زار ئادەملەر:

دېدى: ئىككى مەرھۇم ئەجەم ئەھلىدىن،
ئۇغۇرلۇق قىلىپدۇر دىۋەم ئەھلىدىن.
ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دىۋەمۋار** [دژ،وار] (پ) خارلارچە، غەمكىن ھالدا، سۇلغۇن قىياپەتتە.

**دىسار** [دثار] (ئە) سۆز بىرىكمىسىدە «مول، تولۇق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

بۇقەلەمۇن دىسار – ئۆزگىرىدىغان، ئۆزگىرىشچان؛ ئىرادىسى ئاجىز، سۆزىدە تۇرالمايدىغان؛ ۋاپاسىز؛

فەساھەت دىسار – چىرايلىق، ئورۇنلۇق سۆزلەر بىلەن تولغان.

مۇسىبەت دىسار – مۇسىبەت (بەختسىزلىك) بىلەن تولغان؛

خىلافەت دىسار – ئالىي مەنسەپلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

**دىققەت** [دقت] (ئە) 1 › ئىنچىكىلىك، نازۇكلۇق:

قان يۇتۇپ دىققەت بىلە ۋەسفىڭنى ئىنشا ئەيلەدىم،
بىلمەدىڭ قەدرىمنى سەن، ئەي ماھ رۇھ ئەفزا، دەرىغ.
– قەلەندەر.

2 › نازۇك تەبىئەتلىك؛ 3 › ھۇش؛ 4 › ئېھتىيات؛ 5 › ئوي، پىكىر، تەپەككۇر:

مەھۋ ئولدى مىيانىڭدە خەيالىم بۇ سەبەبدىن،
دىققەت قىلىبان قىل كەبى نازۇك سۇخەن ئىستەر.
– تەجەللى.

6 › چۇشىنىش ھەددىدىن تاشقىرى قىيىن بولغان مەزمۇن؛

دىققەت شىرا – چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك؛

دىققەتى گىرېھناك – پىكىر-خىيالى چىگىش؛

دىققەت تۇتماق – ئىنچىكىلەپ كۆزەتمەك؛ ئېتىراپ قىلماق.

**دىققەت پېشە** [دقت پيشه] (ئە + پ) ھەربىر نەرسىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، ئىنچىكە كۆزەتكۈچى.

**دىققەتسازلىغ** [دقت سازليغ] مەسىلىگە ئەتراپلىق قارايدىغان؛ قاتتىق ئېتىبار بېرىدىغان.

**دىگەر** [ديگر] (پ) ئۆزگە، باشقا.

**دىگەرگۇن** [ديگوكون] (پ) باشقا رەڭدىكى؛ باشقىچە، ئۆزگىچە:

بۇ سۆزنى دەر ئىدى، ئەمما جىگەر خۇن،
بۇرۇنغى ھالىدىن بولدى دىگەرگۇن.
– خىرقەتى.

دىگەرگۇن ئەيلەمەك – باشقىچە ھېس قىلماق؛

دىگەرگۇن ئاپماق – «دىگەرگۇن ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**دىل** [ديل] (پ) 1 › يۈرەك، كۆڭۈل، قەلب:

تىغى ھىلالە ئوخشار، ئەي دىل، ساڭا مۇبارەك،
ئىيدى شەھادەتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.
— تاجەللى.

2) خاتىرە؛ رۇھ، مەيل، خاھىش، ھەۋەس.

دىل ئەينەسى — 1) كۆڭۈل ئەينىكى؛ ئەينەكتەك كۆڭۈل:
بولۇپ مەست مەئشۇق جەمالىن كۆرەي،
دىل ئايىنەسىنىڭ غۇبارىن سۈرەي.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) كۆچمە م: خاتىرىسى، تەسەۋۋۇرى، خىيالى.

دىلۇ جان — دىل ۋە جان، بارلىق، پۈتۈن ۋۇجۇد:
مېنىڭ ھالىم ئانىڭ يادى خەرابى،
دىلۇ جانىم ئانىڭ ئىشقى كەبابى.
— خىرقەتى.

دىلى گىريان — يۈرىكى يىغلىغان، قايغۇلۇق، غەمكىن، پىغانلىق:
پاكدۇرسەن ھەمە ئىنسان سىفەتىدىن، يا رەب،
مۇنچەلىك بىرلە تەسەللى دىلى گىريان يەڭلىغ.
— شەۋقى.

ئەھلى دىل — پاك كىشىلەر، پەزىلەتلىك كىشىلەر:
ياد قىلسۇن بۇرقەئىن ئەسمەك نەسىمى سۇنبۇلى،
دېسە گەر ئەھلى دىلى ھەرلەھزە ئۆزۈمدىن باراي.
— ئەرشى.

تىيرە دىل — كۆڭلى قاراڭغۇلاشقان؛ كۆڭلى خاپا، دىلى غەش:
كېتىپ شام رەنجۇر ئاتىپ ساڭا تاڭ،
دىلى تىيرە دىلدۇر ئاتاۋۇ ئاناڭ.
ئا. نىزارى.

جانۇ دىل — «دىلۇ جان» غا قاراڭ:
كۆزۈ قاشىڭغە جانۇ دىل بارىن ئىسار قىلمىشلار،
لەبىڭ يادىدا گەۋھەر بار چەشمى خۇن فىشانىمدۇر.
— ئەرشى.

خەستە دىل — كۆڭلى سۇنۇق، پەرىشان، خاپا:
ئىلاھا، ئاچقاسەن بەختىم ئىشىكىن،
كۆتەرگىل خەستە دىلدىن غەم چىرىكىن.
— خىرقەتى.

خۇنى دىل — يۈرەك قېنى:
خۇنى دىلدىن تۇشە ئەيلەپ، ئەرشى، قىل قەدەمنى تەردىق،
ئىشق ئەتۋارىدا يوقتۇر مۇندىن ئارتۇغراق مەمەر.
— ئەرشى.

سوزى دىل — 1› يۈرەك ئوتى، قەلب ھارارىتى:

سوزى دىلدىن پەيكەرى قەقنۇسنىڭ كۆيگەنلەردىن
فەھم ئېتەرمەن بۇ كۆڭۈلدە سوزى ھىجرانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

2› كۆيگەن يۈرەك، ئۆرتەنگەن قەلب.

شەھرى دىل — دىل مەملىكىتى، كۆڭۈل ئېلى:

كىشۋەرى ئالەمنى شەھلەر ئەل بىلە تەسخىر ئېتەر،
شەھرى دىل ئالماقتا دىلبەرنىڭ سىپاھى ئۆزگەدۇر.
— گۇمنام.

دىلئارا [دل آرا] (پ) 1› كۆڭۈلنىڭ بېزەكى، كۆڭۈلنى زىننەتلىگۈچى؛ كۆڭۈلنى يۇمشىتىدىغان، ئوۋلايدىغان؛ 2› يار، مەشۇق، گۈزەل جانان، سۆيۈملۈك مەھبۇب؛ 3› كىشى ئىسمى:

دىلئارانىڭ دىلىنى ئالدى دىلبەركىم نەۋا ئەيلەپ،
ئانىڭ يادى بولۇپدۇر بۇ كۆڭۈل تەختى ئۆزە سۇلتان.
ئا. نىزارى.

دىلئاراي [دل آراى] (پ) «دىلئارا»غا قاراڭ.

دىلئارام [دل آرام] (پ) دىلغا ئارام بەرگۈچى، مەھبۇبە، مەشۇق، يار، جانان:

دىلئارام كۆپ ئېرۇر، دىلدار كەمدۇر،
بۇ ئىشتىن جانغە پۇر دەردۇ ئەلەمدۇر.
—خىرقەتى.

دىلئازار [دل آزار] (پ) دىلغا ئازار بېرىدىغان، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان ؛كۆڭۈلنى رەنجىتكۈچى، قىيىنغۇچى:

بېرىپ كۆڭلۈم، ئانى دىلبەر دەبان سەھۋ ئەتكەن ئىرمىشمەن،
غەلەت دىلبەر دېمەكلىك غەيرى دىلئازارلىغ بىلمەس.
— ئەرشى.

دىلئازۇردە [دل آزورده] (پ) كۆڭلى ئازار تاپقان، رەنجىگەن.

دىلئاسا [دل آسا] (پ) كۆڭۈلگە خۇش ياقىدىغان، يېقىملىق، غەمخور:

كىرىپ ئۆي ئىچىگە تاپىپ خاجەنى،
دىلئاسالىق ئەتتى سۆيۈندى جېنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلئاساي [دل آساى] (پ) «دىلئاسا»غا قاراڭ.

دىلئاشۇب [دل آشوب] (پ) كۆڭۈلنى تىنچسىزلاندۇرغۇچى، غەش قىلغۇچى، رەنجىتكۈچى؛ پىتنىخور:

ئاشىقكى بولۇر ھۇسن ئىلە يوق مۇنچە دىلئاشۇب،
ئاندىن داغى بىر ئۆزگە لەتافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
— لۇتفى.

دىلاۋەر [دلاور] (پ) 1› باتۇر، قەھرىمان، پالۋان؛ يۈرەكلىك؛ 2› خۇش

پېشىل، چىقىشقاق؛ 3 › كۆڭۈلنى كۆتەرگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى؛
ئانچەغە تەگرۇ ئەدگۈ ئاتىڭ خەير ئۆزە قالىپ،
سۆزلەنسۇن ئەل تىلىندە جەھانىنىڭ دىلاۋەرى.
— سەيفى سەرايى.

**دىلئاۋىز** [دل آويز] (پ) كۆڭۈلنى بەند قىلماق؛ مەپتۇن قىلماق؛ يېقىملىق؛
قىلۇر تۈرلۈك نەۋا بىھەد دىلئاۋىز،
بۇلۇر ئانىڭ نىداسىدىن شەكەررىز.
— خىرقەتى.

**دىل ئەفرۇختە** [دل افروخته] (پ) 1 › دىلنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى؛ 2 › دىلنى شادلاندۇرغۇچى، بەھرىمەن قىلغۇچى.

**دىل ئەفكەر** [دل افكار] (پ) دىلى سۇنۇق، كۆڭلى ۋەيران، ئاشىق؛ مەھبۇب:
تىيرە قىلغان روزىگارىمنى بۇ كۆزى قارەدۇر،
مەئىلۇم ئۇلكىم يوقتۇرۇر مەندەك دىل ئەفكارى يەنە.
— ئەرشى.

**دىلبەر** [دلبر] (پ) 1 › كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى؛ 2 › گۈزەل، جانان، مە-
شۇق، مەھبۇب:
ئەي يىنجۇ تىشلىق دىلبەرىم، لەئلى گۆھەر بارىڭ ھەقى،
سەككاكىنىڭ ئىككى كۆزىن ھەر لەھزە ئۇممان ئەيلەمە.
— سەككاكى.

**دىلبەرى تەررار** — كۆڭۈلنى ئوغرىلىغۇچى گۈزەل، مەشۇق:
نېگە بولدۇم ئانگەدەك دىلبەرى تەررارغە مايىل،
لەبى لەئلى بەدەخشانۇ يۈزى گۈلزارغە مايىل.
— قەلەندەر.

**دىلبەرى تەرسا** — خىرىستىيان گۈزىلى.

**دىلبەرى تۇرپان** — تۇرپان گۈزىلى، تۇرپان قىزى:
خۇشلاشۇرمەن كاشغەردىن، چىنۇ ماچىن سەير ئېتەي،
ئانداكى كۆڭلۈم قالىپتۇر دىلبەرى تۇرپانىدىن.
— زەلىلى.

**دىلبەرى خۇنخار** — قان ئىچكۈچى مەشۇق، قانخور جانان:
زۇلم كۆرگۈزدى ماڭا ئول شوخ گۈلرۇخسار شەمە،
قىلمادى رەھمى ماڭا ئول دىلبەرى خۇنخار شەمە.
— قەلەندەر.

**دىلبەرى سەرمەستان** — خۇش كەيپ گۈزەل؛ سۆيگۈ شارابىدىن مەست بولغۇچى مەشۇق؛ شوخ؛ بىپەرۋا:
ئەي بۇيى بەھارىستان، ۋەي ھۇرى نىگارىستان،
ۋەي دىلبەرى سەرمەستان، دىدارىڭە مۇشتاقمەن.
— نەسىمى.

دىلبەرى رەئنا ـ گۈزەل مەھبۇب، تەڭداشسىز يار:
ئەچە مۇددەتىدۇرۇركىم مەن ساڭا، ئەي دىلبەرى رەئنا
بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا، تۇشۇپسەن شاھى خۇبانىم.
ــ فىراقى.
دىلبەرى گۈلرۇخ ـ گۈلىيۈزلۈك دىلبەر، گۈلدەك گۈزەل يار:
سەن ھۆسن ئېلىنىڭ خانىسەنۇ بەندە تىلەنچى،
سەن دىلبەرى گۈلرۇخسەنۇ مەن بۇلبۇلى مەھجۇر.
ــ لۇتفى.
دىلبەرى مەھۋەش ـ ئاي يۈزلۈك گۈزەل، ئايدەك گۈزەل يار، جانان:
ئۇل دىلبەرى مەھۋەشغە، غەمزە بىلە دىلكەشكە،
چېھرەم ئۆزە قان ياشىم ھالىمنى بەيان ئەتمىش.
ــ ۋەفائى.
دىلبەرى نادىر ـ تەڭداشسىز گۈزەل، تەڭدىشى يوق جانان:
بۇ قاشۇ يۈزۈ كۆزۈڭ سەنئەتى سۇنئى ئىلاھىدۇر،
سېنىڭدەك كۆرمەگەن ھېچكىم جەھاندا دىلبەرى نادىر.
ــ قەلەندەر.
بۇتى دىلبەر ـ دىلنى مەھلىيا قىلغۇچى سەنەم؛ گۈزەل سىما؛ يار، جانان:
بارغالى ئەزم ئەيلەسەم ئۇل جەننەتى كويى سارى،
بولغۇسى شەھپەر خەيالى ئۇل بۇتى دىلبەر ماڭا.
ــ قەلەندەر.

دىلبەرا [دلبرا] (پ) ئەي گۈزەل، ھەي جانان:
سېنى مەن، دىلبەرا، ئۇل كۈندە كۆردۇم،
ئىكى ئالەم ئارا جان بىرلە سۆيدۇم.
ــ خىرقەتى

دىلبەستە [دلبسته] (پ) كۆڭلى باغلانغان، مەپتۇن بولغان، ئاشىق بولغان، قاتتىق بېرىلگەن؛ ئاشىق.

دىلبەند [دلبند] (پ) 1) بىراۋغا كۆڭۈل قويغان، كۆڭۈل بەرگەن، كۆڭلى باغلانغان؛ ئاشىق؛ 2) كۆڭلىنى رام قىلىۋالغان كىشىسى، سۆيگىنى؛ 3) جىگەر پارىسى، پەرزەنتى:
بۇلار دېدىكى: ئەي فەرزەندى دىلبەند،
غىزا يەپ ئۇلتۇرۇڭ خۇررەمۇ خۇرسەند.
ــ ناقىس.

دىلپەزىر [دلپزير] (پ) يېقىملىق، گۈزەل، كۆڭۈلدىكىدەك.
چۇ ئەسباب ئالىدە تاشدۇر خەمىر،
ھاجەرنى ياغاچدەك ياساپ دىلپەزىر.
ــ ئا. نىزارى.

دىلىپەزىر بولماق ـ كۆڭۈلگە ياقماق؛
دىلىپەزىر تەبئىلىق ـ خۇش تەبىئەتلىك، خۇش مۇئامىلىلىك.
دىلىپەزىر تۇشمەك ـ ماقۇل كەلمەك، ياقماق.

دىلىپەسەند [دلپسند] (پ) 1) كۆڭۈلگە خۇش كېلىدىغان، كۆڭۈل تارتىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان؛ يېقىملىق:
بولماسە ئېردى ئەگەر نارەنجى ئىگىن دىلپىسەند،
قىلماس ئېردى ئىگىننى نارەنجى خۇرشىدى نەھار.
ـ قەلەندەر.

2) پەرزەنت، بالا:
دېدىكىم ئاناسى: «ئايا دىلپىسەند،
ئاتاڭنى مەلىك چاھ ئارا قىلدى بەند».
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلتەڭ [دلتنگ] (پ) 1) تەڭلىكتە قالغان، سىقىلغان، غەملىك، قايغۇلۇق، خاپا؛ 2) ئىچى تار.
دىلتەڭ ئولماق ـ سىقىلماق، ئازابلانماق، قايغۇرماق.

دىل جەمئ [دل جمع] (پ + ئە) خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئاراملىقى:
قاچان پەرۋانە كۆيمەي بولدى دىل جەمئ،
قاچان ئوت ياقماسە شەمئ ئۆززەدۇر شەمئ.
ـ خىرقەتى.

دىلجۇ [دل جو] (پ) كۆڭۈل ئىزدىگۈچى، كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى، كۆڭۈلگە تەسەللى بەرگۈچى؛ ئەركىلىگۈچى.

دىلجۇي [دل جوى] (پ) «دىلجۇ»غا قاراڭ.

دىلجويلۇق [دل جوى لوق] كۆڭۈلنى ئېلىش، خۇرسەن قىلىش، كۆڭۈل ئوۋلاش، كۆڭۈل ئىزدەش، ھېسداشلىق قىلىش:
گەرچە كۆپدۇر دىلرەبالار ۋەسلىن ئەتمەن ئارزۇ،
دەھر ئارا دىلجويلۇق ئەتكەن دىلىستانىم بولسە بەس.
ـ ئەرشى.

دىلجويلۇق ئەيلەمەك ـ 1) ھال ـ ئەھۋال سورىماق؛ 2) مېھرىبان بولماق؛ 3) يېقىملىق، سۆيۈملۈك بولماق.

دىلخاھ [دلخواه] (پ) 1) كۆڭۈل ئىستىكى، ئارزۇ، ئىنتىلىش؛ 2) كۆڭۈلگە يېقىن، كۆڭۈل تارتقان، يېقىملىق:
تىلەر كۆڭلۈم سېنى ئالەمدەۋۇ بەس،
بۇ نىسبەتدىن سېنى دىلخاھ دەرمەن.
ـ لۇتفى.

دىلخاھۇەش [دل خواەوش] (پ) «دىلخاھ» قا قاراڭ.

دىلخەراش [دل خراش] (پ) كۆڭۈل دەردلىرىنى قوزغىغۇچى، غەم ـ قايغۇغا سالغۇچى.

دىلخەستە [دل خستە] (پ) يۈرىكى دەردلىك، دىلى ئېزىلگەن، كۆڭلى ۋەيران؛ ئاشىق:

دىلخەستە ۋەفائىنى ئۇل كۆزلەرى مەستانە،
باغرىنى كەباب ئەيلەپ كۆڭلىن تولا قان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

دىلخۇش [دل خوش] (پ) كۆڭلى شاد، خۇرسەن؛ كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇچى:

ئۇ يەردە بار ئىكەندۇر ياخشى بىر قۇش،
ئۈزى غەمكەش ئىكەن، ئاۋازى دىلخۇش.

— خىرقەتى.

دىلخۇن [دل خون] (پ) يۈرىكى قان، زەرداب؛ قاتتىق ئەلەم چەككەن، قاتتىق ئازابلانغان.

دىلدار [دلدار] (پ) 1 › كۆڭۈلنى رام قىلغۇچى؛ ئوۋۇلغۇچى؛ 2 › يېقىملىق، تەسەللىك؛

تەكەللۇمدىن ئېتىپ تۈرلۈك شەكەررىز،
كۆڭۈل دىلدار ھېكايەت قىلدى ئەنگىز.

— لۇتفى.

3 › گۈزەل، جانان:

ساڭا كۆڭلۈمنى ئالدۇردۇم جەھاندە،
كۆرۈپمەن گەرچە كۆپ دىلدارلارنى.

— بابىر.

4 › يار، دوست، ئاشنا:

ئەي نىگارا، سەن ئىدىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈم خۇشلۇغى،
ئەمدى بۇ غۇربەت ئىچىدە كىمسەنى دىلدار ئېتەي؟

— موللا بىلال.

دىلدارى مۇساھىب — كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى سۆھبەتداش.

دىلدارلىق [دلدارليق] غەمخورلۇق، خەيرىخاھلىق، ھېسداشلىق:

رەئىيەتكە قىلدىم ۋەفادارلىق،
فەقىر ناتەۋانلارغە دىلدارلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلدوز [دلدوز] (پ) 1 › كۆڭۈلدىن قايغۇنى يوقاتقۇچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچى؛ كۆڭۈلنى ياسىغۇچى، تەسەللى بەرگۈچى؛ 2 › باتۇر، مەرد:

ئاتى ئۇل يىگىتنىڭكى بېھروز ئىدى،
يىگىتلىكدە گوياكى دىلدوز ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3 › دىلنى يارا قىلغۇچى، قىينىغۇچى، ئازابلىغۇچى:

ئاتار بولسە كىشىگە ناۋەكى خۇنرىزى دىلدوزىن،
ئەگەر فۇلادى جەۋشەن كىيسەكىم سۇدەك گۈزەر قىلمىش.

— قەلەندەر.

تىيرى دىلدوز ـ يۈرەككە سانچىلغۇچى ئوق:
ئەي فەلەك، كۆكسۈمدە زەخمىن گەرچە كۆپتۇر، قىل ھەزەر،
تىيرى دىلدوز ئۆزگەدۇر، بۇ ناۋەكى ئاھ ئۆزگەچە.
ـــ ئەرشى.

دىلرەبا [دل ربا] (پ) 1 › كۆڭۈلنى تارتقۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى:
خۇش ئىشۋە نەماۋۇ دىلرەباسەن،
ئەمما نېدىنكى بىۋەفاسەن.
ـــ ئەرشى.
2 › گۈزەل، ساھىبجامال:
دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.
3 › يار، مەشۇق، جانان:
كۆرۈپتۇر بۇ خوتەندە ئاي يۈزۈڭنى، ئەي مەھى تابان،
فىراقۇ ھەجرىڭە، ئەي دىلرەبا خۇنخار، يىغلاتمە.
ـــ قەلەندەر.

ساقىئى دىلرەبا ـ دىلنى تارتقۇچى ساقى:
تەكەللۇم قىلىپ ساقىئى دىلرەبا،
كى مەي دۇردىنى لۇتىق ئىلە قىل ئەتا.
ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلرەبايەندە [دل ربابنده] (پ) كۆڭۈلنى جەلپ قىلغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى، كۆ-ڭۈل ئالغۇچى.

دىلرىش [دل ريش] (پ) كۆڭلى يارا، قايغۇغا چۆككەن، كۆڭلى ۋەيران بولغان:
ئالۇر ئىبردى دۇئا دەرۋىشلەردىن،
تەجەررۇد پىشەلىق دىلرىشلەردىن.
ـــ ناقىس.

دىلسوز [دل سوز] (پ) 1 › يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى؛ دىلى كۆيگەن، يۈرىكى ئۆرتەنگەن؛ 2 › جانكۆيەر، غەمخور، مېھرىبان:
قالۇرلار ئەھلى فەرزەند يىغلاشىپ قەۋمۇ قارىنداشىڭ،
كىم ئولغاي مۇندا يولداشىڭ نەماز ـ روزە ئىلە دىلسوز.
ـــ شەۋقى.

دىلسۇختە [دلسوخته] (پ) يۈرىكى كۆيگەن، ئۆرتەنگەن.

دىلسۇختەۋار [دلسوخته وار] (پ) يۈرىكى كۆيگەندەك، غەمكىن، ئەلەملىك.

دىلستان [دلستان] (پ) دىلنى تارتقۇچى، كۆڭۈلنى ئەسىر قىلغۇچى، كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى، دىلبەر، مەھبۇب:
بەھارۇ باغ سەيرىن نې قىلايكىم، دىلستانىمنىڭ،
يۈزى گۈل، زۇلفى سۇنبۇل، قامەتى سەرۋى خىرامانىدۇر.
ـــ بابۇر.

دىل سۆۋەيداسى [دل سويداسی] يۈرەكتىكى داغ، جاراھەت، كۆيۈك ئىزى، يارا ئورنى:
دىل سۆۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەرگاھى ئوشۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھى ئول قاراغە يارى غار.
— تەجەللى.

دىلشاد [دل شاد] (پ) كۆڭلى شاد، خۇرسەن، مەمنۇن، خۇشال:
ئەلگە ئىشرەت باغىدا خۇررەملىقۇ دىلشادلىق،
مەن غەرىبنىڭ غەم بىلە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.
— نەۋبەتى.

دىلشىكەستە [دل شكسته] (پ) كۆڭلى سۇنۇق، دىلى ئازار يەگەن، غەمكىن، مەيۇس.

دىلشىكەن [دل شكن] (پ) كۆڭۈلنى سۇندۇرغۇچى، خاپا قىلغۇچى، ئازار بەرگۈچى.

دىلفەزا [دل فزا] (پ) كۆڭۈلنى كۆتۈرگۈچى، شادلاندۇرغۇچى، روھلاندۇرغۇچى:
ئەجەب دىلفەزا بەيتى ئەشئارنى،
كى مەزمۇنىدا ياد ئېتىپ يارنى.
— ئا. نىزارى.

دىلفۇرۇز [دل فروز] (پ) 1 > يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى؛ كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى:
ھىدايەت چىراغى قىلىپ دىلفۇرۇز،
كى زۇلمەت سەراسى بولۇپ مىسلى روز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
2 > كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى، مەھلىيا قىلغۇچى، يېقىملىق.

دىلفىرىب [دل فریب] (پ) 1 > كۆڭۈلنى ئالدىغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى؛ يولدىن ئازدۇرغۇچى؛ ئۆزىگە تارتقۇچى:
قارەلىقدىندۇر سەنەملەر ساچۇ قاشى دىلفىرىب،
قارەلىقدىن تاپتى قىممەت ئەنبەرۇ مۇشكى تاتار.
— تەجەللى.

دىلفىگار [دلفكار] (پ) دىلى يارا، خەستە، مەجرۇھ:
مۇنچە نىگە ئەيلەدىڭ دىلفىگار؟
يوقتۇر يەنە سەن كەبى ستەمكار.
— ئەرشى.

دىلكەش [دلكش] (پ) دىلنى تارتقۇچى، يېقىملىق، سۆيۈملۈك:
مېنىڭ بەزمەمدە بولسە نەغمە پەرداز،
مۇھەببەتدىن چىقارسە دىلكەش ئاۋاز.
— خىرقەتى.

دىلكەش نەۋا — دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى مۇقام، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى كۈي؛
دىلكەش سۇرۇد — يېقىملىق ناخشا؛ ئاۋاز؛
ئايىنى دىلكەش — ياخشى ئادەت، يېقىملىق مىجەز، ئېسىل پەزىلەت:
كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداغ شوخ بىپەرۋا يىگىت،
خۇلقى خۇش، ئايىنى دىلكەش، ھەيئەتى زىبىا يىگىت.
— ئەرشى.

سەۋتى دىلكەش — «دىلكەش سۇرۇد» قا قاراڭ:
كى ئاندىن سەۋتى دىلكەش بۇ مېنىڭ يارىمغا يەتكۈرگىل،
نەۋا تۇرلۇك چېكەي شەمئى شەبىستانىمدىن ئايرىلغاچ.
— ئەرشى.

**دىلكۇشا** [دلكشا] (پ) كۆڭۈلنى ئاچقۇچى، شادلاندۇرغۇچى؛ يېقىملىق:
كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەتفەزا ھەر سەبزەزارى كاشغەر.
— گۇمنام.

نەۋائى دىلكۇشا — يېقىملىق كۈي؛
نۇتقى دىلكۇشا — دىلغا ياقىدىغان سۆز، يېقىملىق نۇتۇق.

**دىلكۇشادە** [دلكشاده] (پ) 1) ئۇچۇق كۆڭۈل؛ 2) شاد، خۇرسەن؛
دىلكۇشادە ئولماق — شاد بولماق، كۆڭلى ئېچىلماق، غەمدىن قۇتۇلماق.

**دىلكۇشاي** [دلكشاى] (پ) «دىلكۇشا»غا قاراڭ.

**دىلگىر** [دلگير] (پ) 1) يۈرىكى سىقىلغان، بوغۇلغان؛ ئازار يېگەن، رەنجىگەن؛ خاپا، غەمكىن:
قىلىپ ھۇسنى ئاتى بۇلبۇلغە تەئسىر،
غەرىب بىچارە بۇلبۇل بولدى دىلگىر.
— خىرقەتى.

2) ئۈمىدسىزلەنمەك، مەيۇسلەنمەك:
كۆڭۈل گەرچە تەھىدۇر فەيزى ھەقدىن بولماغىل غافىل،
سەدەفكە پۈر بولۇر دۇررۇ گۇھەر ئاھىستە-ئاھىستە.
زەلىلى.

**دىلمۇردە** [دل مرده] (پ) كۆڭلى ئۆلۈك، ئارزۇ-ھەۋىسى يوقالغان، بوشاشقان.

**دىلنەۋاز** [دل نواز] (پ) 1) دىلنى ماپتۇن قىلغۇچى، كۆڭۈلنى يايراتقۇچى؛ يېقىملىق؛ يار، جانان، مەشۇق:
مېنىڭ سەن ئىككى ئالەم دىلنەۋازىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ئېرۇر سوزۇ گۇدازىم.
— خىرقەتى.

**دىمار** [دمار] (ئە) 1) تۈتۈن؛ 2) ھالاكەت، نابۇت؛ 3) «دەمار»غا قاراڭ.
دىمار چىقارماق — ھالاك قىلماق:
ئالى ئەبباس ئەيلەبان كىسۋەتلەرىنى قاپقارا،
قارا باسقاندەك مۇخالىفتىن چىقارمىشلار دىمار.
— تەجەللى.

**دىماغ** [دماغ] (پ) 1) بۇرۇن؛ 2) مېڭە:
كۆزدىن پەرىۋەش ئۆتتىلەر، سەۋدايى ئىشقىڭ تۇشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۇشتىلەر مەستانە ئەۋرۇلدى دىماغ.
— شەۋقى.

3 › كەيپىيات، روھىي ھالەت؛ 4 › تەبىئەت، كۆڭۈل؛ 5› ئارزۇ-
ئىستەك، خاھىش؛ 6 › خىيال، ئەقىل، ھوش؛
دىماغ زەئىفى ـ نېرۋا ئاجىزلىق؛
دىماغ خۇش ئولماق ـ شاد بولماق، خۇشاللانماق؛
دىماغ قىزىغ ئولماق ـ شادلانماق، خۇرسەن بولماق؛
دىماغ گەرم ئەتمەك ـ مەست قىلماق؛
دىماغ ئۆيى ـ مېڭە قاپقىقى؛
دىماغى فۇلاد ـ جاھىل، قەيسەر، گەپكە كىرمەيدىغان؛
دىماغى مۇشەۋۋەش ـ پەرىشان ھالەت.

دىن [دين] (ئە) ئېتىقاد، ئىشەنچ:

خار كۆرسەڭ بايغە ئىززەت ئەيلەبان فەقر ئەھلىنى،
دىننى بەرباد ئەيلەگەيسەن، دىنۇ ئىمانىڭ غەلەت.
ـ شەۋقى.

دىنار [دنار] 1 › ئالتۇن تەڭگە؛ 2 › پۇل بىرلىكى؛ 3 › قىپ-قىزىل، چاقناپ تۇرغان:

قويار سەدقەلەر دەپ بۇ دىنارنى،
بىلىپ مۇئتەبەر ئول نىگۇنسارنى.
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىنپەرۋەر [دين پرور] (ئە + پ) دىن ھامىيسى.
دىنىي [دينى] دىنغا مەنسۇپ، دىنغا ئائىت.
دىۋ [ديو] (پ) 1 › دىۋە، شەيتان؛ ھەيۋەتلىك، ناھايىتى زور، كۈچلۈك ۋە قورقۇنۇچلۇق ئەپسانىۋى مەخلۇق:

قازىپ ئېردى دىۋلەر قىلىپ ئېھتىمام،
پامەردى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام.
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › مۇغەممبەر، ئالدامچى، مەككار، ھىيلىگەر؛ 3 › بالا ـ قازا؛ 4 › دەھشەت؛ 5 › تېز، چاپقۇر، ئىلدام يۈرەر.
دىۋى غۇرۇر ـ مەغرۇرلۇق، شەيتانلىق، زوراۋانلىق؛
دىۋى لەئىن ـ لەنەتلەنگەن دىۋە.

كىمكى سۇجۇد ئەيلەمەدى ھۇسنۇڭگە،
دىۋى لەئىن ئولدىيۇ شەيتانىمىز.
ـ نەسىمىي.

مىدھەتى دىۋ ـ دىۋنىڭ مەدھىيىسى:

ئىستەمە قەددىڭ جەھاندىن بەسكى ئەفرىدۇن ئەسىر،
مىدھەتى دىۋ ئەيلەبان سۇلبى پەرىزاد ئەيلەمىش.
ـ ئەرشى.

دىۋار [ديوار] (پ) 1 › تام؛ 2 › چېگرا؛ توساق:

ئەجەب باغىكى ھەر دىۋارى ئانىڭ،

شەرافەت سايەسى يەڭلىغ ھوُمانىڭ.
— ناقىس

سايەئى دىۋار — تام سايىسى، كۆلەڭگىسى:
دەۋلەت ئىستەپ ئىستەمەن دەۋلەت قۇشىنىڭ سايەسىن،
تەگسە بىر كوُن كويى سارى سايەئى دىۋار بەس.
— ئەرشى.

سەرى دىۋار — تامنىڭ بېشى، كوچىنىڭ بېشى:
مەنى ھەيران باشىغە سايەسى توُشسە ئەجەب ئېرمەس،
نېتاك، خوُرشىدى شەۋكەرىكىم سەرى دىۋارە ياستانىمىش.
— ئەرشى.

دىۋان [ديوان] (ئە) [كۆپلۈكى: دەۋايىــن] 1 › دەپـتەر؛ دىـۋان، تـوپـلام؛ مەجمۇئە:
بىلمەسەڭ ئەھلى جوُنوُننىڭ ھالەتىنى، زاھىدا،
ھەسبى ھال ئاچقىل زەلىلى تەلبەنىڭ دىۋانىدىن.
— زەلىلى.

2 › دۆلەت مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت ئىدارىسى:
كى دىۋانغا باردىم تەمەللۇق ئۈچۈن،
ئالار سەرۋەرىغە تەئەللۇق ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3 › دۆلەت ھېسابات مەھكىمىسى:
دىۋاندا موللالاركى پۈتۈپ دەفتەرى ھىساب،
ئىنسابۇ ئەدل چېھرەسىگە ياپسا ئول نىقاب.
— سەبۇرى.

4 › ئوردا، سارای، قەسىر:
مەجالىس توُزوُپ بىللە دىۋان ئارا،
ئىكەۋ ئولتۇرۇپ قەسرۇ ئەيۋان ئارا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىۋان باشى — دىۋان باشلىقى، مەھكىمە باشلىقى، ۋەزىر؛
دىۋان بېگى — ۋەزىر؛ باش كاتىب.
دېدىكىم: ئاتام شەھقە دىۋان بېگى،
نە دىۋان بېگى، بەلكى ئەيۋان بېگى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سەفھەئى دىۋان — دىۋان بېتى، سەھىپەسى:
گوُلىستانى سوُخەننى سەير ئېتەردە سەفھەئى دىۋان،
چېكەر باشىغە گوُلدەك مىسرەئىنى ئىنتىخاب ئەيلەپ.
— زەلىلى.

ھوُسن دىۋانى — گوُزەل چېھرىسى، روُخسارى.
دىۋانە [ديوانه] (پ) 1 › ئەقلىدىن ئازغان، شەۋدايى:
يارنىڭ كويىدا مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،

خەلق ئاراسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.
— نەۋبەتى.

2 › سەرسان، سەرگەردان؛ گاداي؛ 3 › ئاشىق:
ئەي سەنەملەر سەرۋەرى، جانىم ساڭا دىۋانەدۇر،
كىم چىراغى ھۇسنۇڭە كۆڭلۇم قۇشى پەرۋانەدۇر.
— ئەرشى.

4 › دىۋانە، تەلۋەمچى:
بۇ دىۋانە ئالسۇن يىغىپ پۇللارىن،
خەزايىن، دەفايىن بىلە قۇللارىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىۋانە پەيۋەند — دىۋانىلەرچە؛
دىۋانە كىردار — دىۋانە مىجەز، سەۋدايى؛
دىۋانە شىئار — دىۋانە سۈپەت، سەۋدايى مىجەز؛
دىۋانە مانەند — دىۋانىگە ئوخشاش، سەۋدايىلاردەك؛
دىۋانە مىسال — «دىۋانە مانەند»كە قاراڭ؛
دىۋانەئى ئاشۇفتە — ئاشىق، شەيدا، سەرسان - سەرگەردان؛
دىۋانەئى ئالىي سىفەت — پاك ھەقىقىي ئاشىق؛
دىۋانەئى خۇمارى ئەبتەرىي — دائىم ئىچىپ، مەست ئەلەست بولۇپ يۈرگۈچى كىشى؛
دىۋانەئى سىياھپۇش — 1 › ئەل نەزەرىدىن قالغان كىشى؛ 2 › ئۆزىنى كەمتەر قىلىپ كۆرسىتىش؛
دىۋانەئى شەيدا — ئەقلىدىن ئاداشقان ئاشىق؛
دىۋانەئى فاسىقى ئەبتەرىي — يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ساراڭ؛
دىۋانەئى فەرزانە — دانىشمەن، بىلىمدان دىۋانە؛
دىۋانە ئۇلماق — 1 › سەۋدايى، تەلۋە بولماق؛ 2 › ئاشىق بولماق، گىرىفتار بولماق.

دىۋانەسار [ديوانەسار] (پ) سەۋدايى سۈپەت، ساراڭغا ئوخشاش. تەلۋىلەردەك، دىۋانىلەر كەبى.

دىۋانەگان [ديوانەكان] (پ) سەۋدايىلار، دىۋانىلەر:
جان بىرۇردە زەررە تەغيىر ئولمادى،
ئەي پەرى رو، ھالەتى دىۋانەگان.
— زەلىلى.

دىۋانەۋار [ديوانەوار] (پ) «دىۋانەسار»غا قاراڭ:
ئەرشىيا، گەرچە نەۋائى ھەم ئەسىر بولمىش ئىكەن،
بولماغاي مۇنداغ ئانى دىۋانەۋار ئەتكەن يىگىت.
— ئەرشى.

دىۋانەۋەش [ديوانەوش] (پ) »دىۋانەسار»غا قاراڭ.

دىۋانخانە [ديوان خانە] (پ) دۆلەت كاتىبات مەھكىمىسى؛

فەلەك دىۋانخانەسى ــ ئاسمان.

**دىۋانىي** [ديوانى] (پ) دىۋانغا تېگىشلىك، مەھكىمىگە تەۋە.

دىۋانىي قىلماق ــ مۇسادىرە قىلماق، دۆلەت ئىختىيارىغا ئالماق.

**دىۋئايىن** [ديو آين] (پ) 1› دىۋىگە ئوخشاش، دىۋىسىمان؛ 2› ھىيلىگەر، مەككار، قۇۋ.

**دىۋباد** [ديوباد] (پ) 1› چاڭ ــ توزان؛ 2› قۇيۇن؛ 3› كۈچلۈك، پالۋان.

**دىۋبەند** [ديوبند] (پ) دىۋە بىلەن ئېلىشقۇچى، دىۋىنى يەڭگۈچى، دىۋىنى باغلىغۇچى؛ زور، جەسۇر، كۈچلۈك، پالۋان.

**دىۋپەيكەر** [ديور پيكر] (پ) دىۋىدەك؛ ھەيۋەتلىك، بەدشەكىل.

**دىۋزاد** [ديوزاد] (پ) 1› دىۋىدىن تۇغۇلغان، دىۋە ئەۋلادى، دىۋە بالىسى؛ 2› دىۋىدەك؛ 3› زور گەۋدىلىك، يوگرۈك ئات.

**دىۋزادە** [ديوزاده] (پ) «دىۋزاد» قا قاراڭ.

**دىۋزەدە** [ديوزده] (پ) دىۋە ئۇرغان، جىن ئۇرغان.

**دىۋسار** [ديو سار] (پ) دىۋە شەكىللىك، دىۋىگە ئوخشاش.

**دىۋسان** [ديو سان] (پ) دىۋىسىمان، دىۋە كەبى؛ زور.

**دىۋسىيرەت** [ ديو سيرت] (پ) دىۋە خۇيلۇق، دىۋە تەبىئەت؛ كۆڭلى قارا، بۇزۇق مىجەزلىك.

**دىۋكۇش** [ديوكش] (پ) 1› دىۋىنى ئۆلتۈرگۈچى؛ 2› كۈچلۈك، پالۋان باتۇر.

**دىۋلاخ** [ديولاخ] (پ) دىۋە كۆپ جاي، دىۋىلەر ماكانى.

**دىۋمانەند** [ديوماند] (پ) دىۋىسىمان، دىۋىگە ئوخشاش؛ زور، كۈچلۈك؛ قوپال؛

**دىۋنەژاد** [ديو نژاد] (پ) دىۋە نەسەب، دىۋە ئەۋلادى، دىۋىدىن تۆرەلگەن؛ دىۋىدەك قەبىھ.

**دىۋنىھاد** [ديو نهاد] (پ) دىۋە تەبىئەت؛ كۆڭلى قارا، قەبىھ.

**دىۋۋەش** [ديو وش] (پ) «دىۋ مانەند»كە قاراڭ.

دىۋۋەش خەلق ــ دىۋىگە ئوخشايدىغان كىشىلەر.

**دىۋە** [ديوه] (پ) «دىۋ» گە قاراڭ:

كىم ئۇل پەرىسىز قىلغۇسىدۇر دىۋە تەسەۋۋۇر،
ئەرشكى ئانىڭ بولسە چۇ ھەمخانە پەرىزاد.

ــ ئەرشى.

دىۋە ئەبتەر ــ بەدھەيۋەت؛ يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى دىۋە؛ قورقۇنۇچلۇق ئادەم:

بار ئېردىكىم ئاڭا يەتتە بەرادەر،
زەخامەتلىك، يوغان باش دىۋە ئەبتەر.

ــ ناقىس.

**دىيار** [ديار] (پ) 1› ئۆلكە، مەملىكەت؛ ئۆلكىلەر، مەملىكەتلەر؛ 2› يۇرت، ۋەتەن، ئۆي، ماكان:

زىھى ئازادەئى مەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئەمەس ھەمراھ،
نە مەندە خانۇمانۇ نە ماڭا يارۇ دىيار ئولغاي.

— سدبۆرى.

**دىيارى ئەجەم** — ئەجەم مەملىكىتى، ئۆلكىسى:

تاپاي مەنپەئەت دەپ سەفەر ئەيلەدىم،
دىيارى ئەجەمغە گۆزەر ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دىيارى خاۋەر** — شەرق مەملىكىتى، ئۆلكىسى؛

**دىيارى كاشغەر** — قەشقەر دىيارى، ۋىلايىتى:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.

— گۇمنام.

**دىيارى ھۇسن** — 1› گۈزەللىك دىيارى؛ 2› چىراي، يۈز، چېھرە:

دىيارى ھۇسنىدىن ئەزم ئەيلەسەم كۆلبەم سارى ناگەھ،
يۈلىنە كۆزلەرىم سەردابەلەر قىلغۇم پۇرئاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

**غەم دىيارى** — غەم - قايغۇ دىيارى، دەرد - ئەلەم ماكانى:

سەبا ھەم قىلدى بۇلبۇلنى پۇرستىش،
ساڭا بۇ غەم دىيارىدا نەدۇر ئىش.

— خىرقەتى.

**دىيانەت** [دیانت] )ئە) 1› دىندارلىق، دىن تۇيغۇسى؛ 2› كۆچمە م: ۋىجدان، ئىنساپ؛ 3› ھەققەت؛ 4› ئېتىقاد، ئىشەنچ.

**بەددىيانەت** [بددیانت] (پ + ئە) 1› دىنسىز؛ 2› ئېتىقادسىز، 3› ئىنساپسىز، ۋىجدانسىز:

مېنىڭ چىقمايدۇ دەردىم، ئەي قەلەندەر، زەررەچە ھەرگىز،
رەقىبى بەددىيانەتنى ئەگەر ئوت ئىچرە كۆيدۈرسەم.

— قەلەندەر.

**دىيەت** [دیت] (ئە) خۇن باھاسى، خۇن پۇلى (بىراۋنى ئۆلتۈرگەندە ئۇ-چۇن تۆلىنىدىغان قان باھاسى)؛

**ھۇكمى دىيەت** — خۇن ھەققى تۆلەش ھۆكۈمى، خۇن ھەققى توغرىسىدىكى كېسىم.

**دىيدار** [دیدار] (پ) 3) يۈز، چېھرە؛ 2› ۋىسال، يۈز كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش:

سەبا گۈلنىڭ دىيدارىغە خەرىدار ئىستەپ بارىپ، بۇلبۇلنى تاپقانى.

— خىرقەتى.

**دىيدار كۆرمەك** — كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق.

**جىلۋەئى دىيدار** — چىراي جىلۋىسى:

گۈلنى نەيلەي، گۈلشەن ئىچرە بولسە گۈلرۇخسار بەس،

شيۋەئى ھۇسنى مەلاھەت، جىلۋەئى دىيدار بەس،
— ئەرشى.

**مەستى دىيدار ئولماق** – كۆرۈشۈش ئىشتىياقىدا مەست بولماق، قاتتىق سېغىنماق؛

**نېئمەتى دىيدار** – ئۇچرىشىش نېمىتى، ۋىسال:
ئىشق ئەھلى ئىختىيار ئەتمەس بۇ ئالەم راھەتىن،
مۇددەئاۋۇ ئارزۇيىش نېئمەتى دىيداردۇر.
— شەۋتى.

**دىيدە** [دیده] (پ) كۆز:
ئىشقىڭ ھەۋەسىدە گەر يۈرۈرمەن،
دىيدەم ئۆزەسىدە جا نېدىنىدۇر.
— ئەرشى.

**دىيدەئى بىخاب** – ئۇيقۇسىز كۆز؛
**دىيدەئى پۇرخۇن** – قانغا تولغان كۆز؛
**دىيدەئى جان** – جان كۆزى:
تەۋاق ئەيلەدىم دىيدەئى جان بىلە،
بارىپ ئالدىغە خەتمى قۇرئان بىلە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دىيدەئى جەھانبىن** – جاھاننى كۆرەلىگۈچى كۆز، ئۆتكۈر كۆز؛ ھەممە تەرەپتىن خەۋەردار، يېتۈك.

**دىيدەئى خۇنبار** – قانلىق ياش تۆككۈچى كۆز:
ئىلتىفاتى كۆرمەدىم ئول دىلبەرى تەرراردىن،
كەلمەدى رەھمى ئانىڭ بۇ دىيدەئى خۇنباردىن.
— قەلەندەر.

**دىيدەئى رەۋشەن** – نۇرلۇق، ئۆتكۈر كۆز؛
**دىيدەئى گىريان** – يىغلاپ تۇرغان كۆز، ياشقا تولغان كۆز؛
**دىيدەئى ئىبرەت** – ئىبرەت كۆزى، ئىبرەت – ساۋاق ئالغۇچى كۆز؛
**نۇرى دىيدە** – 1) كۆز نۇرى؛ 2) پەرزەنت، سۆيۈملۈك كىشىسى:
كى ئەي نۇرى دىيدەم قايان باردىڭىز؟
سەفەردىن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز؟
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دىيدەبان** [دیدەبان] (پ) پايلاقچى، نازارەتچى، كۆزەتچى، قاراۋۇل، ساقچى، مۇھاپىزەتچى.

**دىيدبان** [دیدبان] (پ) «دىيدەبان»غا قاراڭ.

**دىينار** [دینار] «دىنار»غا قاراڭ.

مې بجای توبه‌دین کېچه‌ریم پیکر خشتی دا    قانیغه باریب فلکنی نا و کر ایدی سنبل اوزدین کاکل

آه یوبارجه‌یی مشتیغه زکیکل‌یوبوریب شانغه    قیلیب مجموع خاطرغه ذکر ینکیه کونکل دین بیل

شهی صاحبقران یوسف اینینک بیز خاک پایینه

ظهوری سورسانکلار کوزکه سنکا فردوس دور قامل

دمبدم کونکلوم تیلاریار بیرله کلام ایلاسام    هم تکلم کیمیدین جهانغه کلفام ایلاسام

مرایتب کلماس اولوس عوغاسی دین    کیچه‌لار بیدار ایتیب ایمدی ایند رم ایلاسام

طوطی بیکلیغ سوزلایتب اوز نیتیکه کونکلوم    کوزسایتب اوز عکسینی آیینه ده دام ایلاسام

عمرلار دنیا ایشیده بولدی ضایع وایکیم    پرده غفلت‌نی یرتیب شام نی بام ایلاسام

بجه موتی کیم اهل تینکک کا رباری قیکم    ایمدی حق یولیدا بو جسمیم جولان ایلاسام

یارسیر رسا عاقل اولدی کیم منکا محشر کنی    کاشکی وحدت میینی ایمدی آشام ایلاسام

کوزلارینکیزکیم عیددین ایلتماسین بار ظهور

ترک ایلمه‌نی باعث ادی اسباب عالم نی همه

حضرت ایشانی کشمیر دا دعای جان دیکیچ

شکر تقدیر دنیا دین خیالیم پاک ایمیش    عشق صحرا کیدا جانیم برق دین چالاک ایمیش

بولمادی مینکا دایه زجمهور افلاطون تیت    عشق آتش خانه سیدا طفل بی ادراک ایمیش

کوید ور دور حسیم هر ساعت ده یوز مینک تیرکو    آن آری اهل طلاب کوییدا خاشاک ایمیش

من شیب غیفنی او تکویدا ایرماس دین    هودیجان لفظینی دیدیم رنک شناک ایمیش

پادشاهیم پایه‌دا یوز فلکک کهیدا ایتیب    قاقادیم افلاک اول بو توقوز افلاک ایمیش

آی بتی کور حسرت بیله یغلایبو بو زینی تیر ماغان    اول سبب دین اوزدی بار تیرناغ لاریدا چاک ایمیش

وحشی یچا نمان حسرت ده کیتی باش بیب    اهل طالب لاد ریا باشی اوینا ریری خس و خاک ایمیش

هجر کوشیدا سموم سوقان کشیلار کا دوا    بر کوچی نینک کرد راهی فی المثل تریاک ایمیش

دیمه قامل خیلی ایمین شوخ بی پرهیز ایکان

188

کوز تکیب میرزا یاریم غمهر صبا ایلاب دعا    هر زمان بولمان حقیقیت بر یکار دین بیتاب جمال

کون ظهوری آیدا دور آیین ترتوب دور کونکلو

هر زبان مظهر دادور میرزا ظهور الدین خیال

وصلینکیز یو تنور میسر یغلاب خوشنود منکا    کر نظر ده بولماسام خون جکر خوشنود منکا

آب حیوان ایچکانیمدین وصل اولاب اغیار ایله    زهر هجران نوش قیلسام بو زخط خوشنود منکا

مینکا تکلیم کلان باجینس دین نه سودا دلور    کل کسر نینک تاشلیکیزدین بر جبر خوشنود منکا

یوز قرار تورماغنی سورتوب ادا انکلایب    من قرار سام خطینکیزدین بو نظر خوشنود منکا

هجر نیکیز دا اگر وصلینکیزدین من ظهوری بولماسام

بولسا انکز کوز کورادا جلوه کر خوشنود منکا

مظهری کونکلو نینک تورشین شهباز نیکار غه طلع قیلیب    ساید آلغای باطنی غم محرم اسرار اتیب

مظهری

اچیلغان یوق بو تیجانو وزیره اختر تیک بو غنچه    کوکل غنچه‌دا اونکلی قیانیا بیکی کبی جمیل

عدالت بابیدا یوتمان زامان قدر ینکیهی عمر عمر    ایبینک شوقیدا استیاق آنغاز دیکیه کاکل

نخاده باریدا ایجمای تیشنیک ده یکمیچ دریابیه    انکار قیل مستی یوتیچ منزیل جهان اسفند ملی

محوزنک کیفیتی دین مست تا کیده عاشق‌لار    زمست اولغان دیلیم اوچکو کیبی حباب ایرحامی قیل

ملاحت یوق منکا کبی اقلیمده حسن کانی دور شاه    سینینک کوزینکنی امندی یوق نه اخلاقی تیاری قیل

شهی عالی نسب سف ظهورالدین اکا مخلص

ایاغن جه همایون بخت کلدی مولدی قامل

ایا ساقی کوتر کیل یار زمیدا پیابی مل    آچیلغان مجلس اهل رستیدین بار نچه کل کل

نیدور تورماقلیغی ایجکار دمی خم شاییدانی ذوزدی    صدای حسن ظلو آوازای دیب دمبدم قلقل

مغنی نغمه‌جا تبت خی طرز یدانوا ایلای    انینک شوقیدا فریاد ایلاکای باغ ایچره هر بلبل

منی فرزانه‌ی بلبل دهر یاکی ایلاسانک نه تماکانیک    نه بولغوکیم اقترین یر بستیدین منکیدکیم قیل




源　泉（布拉克）（维吾尔文）总34期

بۇلاق (ئومۇمي 34- سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

«MAGAZINE OF BULAK» (UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجوڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى توپلايدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58-108 定价：1.90元
国外代号：Q1118

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
ۋەكالەتچى نومۇرى: 58 _ 108 باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118